«جۇڭگو مەركىزى ژۇرناللار سېپى»دىكى ئەترىپى ژۇرنال

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئەترىپى ژۇرنال

荣获《新疆期刊奖》的刊物

قەلبداشلار

رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

3

2008

ISSN 1008-6498

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شينجيانغ •

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەچىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت زۇنۇن ئەپەندى

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


**مەدەنىيەت تەمراتى**

ئىناقلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئوبرازى ................ ھاجى ئىمىن تۇرسۇن 2

**ئاقىللاردىن سۆز**

جاھاندارچىلىق پەلسەپەم ............................ۋاڭ مېڭ 7

**شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەن**

ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئۇۋچى دوستلىرى ................ ئابلەت ئابدۇللا 12

**«ئۆزۈڭنى تونۇ!»**

بىز باسىدىغان يوللار: شەھەرلىشىش، كىملىك كرىزىسى ۋە ياشلىرىمىز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە تەھلىل ............... زۇلپىقار بارات ئۆز باش 21

**رەسسامنىڭ تەپەككۇرىدىكى دوپپا**

مەڭگۈلۈك ئۇدۇم ـــ دوپپا............ ئابدۇشۈكۈر كېرىم كۆك 50

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما**

مۇقامچىلىقتىكى سەللە مەسىلىسى............ ھاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان 56

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى............. مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن قاتارلىقلار 60

**تەرجىمە كۆزنىكى**

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار .....ھەزرەتئېلى تۇراق قاتارلىقلار تەرجىمىسى 64

**ئويلىنىپ قالدىم**

ئۇ، مەن، «ياماق»ۋە باشقىلار ...............مۇھەممەت ھۇسەن 72

**بەختكە تەبىر**

بەخت نەدە؟...............مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 74



بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت



## شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(57- يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2008- يىل 3- سان
(ئومۇمىي 291-سان)



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** (قوشۇمچە)
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
(ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت لايىھەلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**



# ئىناقلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئوبرازى

**ھاجى ئىمىن تۇرسۇن**

«سوتسىيالىستىك ئىناقلىق مەدەنىيىتى»نى تەمىر قىلىش — خۇجىنتاۋ باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى ئۇقۇم. يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بۇ يېڭى نەزەرىيە — سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىقتىسادى نەزەرىيىسىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر زور نەزەرىيىۋى يېڭىلىق. شۇنداقلا، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلاشقان ، قانداق جەمئىيەت قۇرۇش، كىم ئۈچۈن قۇرۇش دېگەن سوئاللارغا ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق جاۋاب بەرگەن، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان نەزەرىيە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

مەدەنىيەت تەمراتى

نەزەرىيىسىنىڭ يەنىمۇ كەڭ يېشىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشىدۇر.

نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت تەمراتىدا، ئىناقلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئورنى ھەم رولىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئىلىكدەش — مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇل تېشى. ئىنسانىيەتنىڭ بارچە تەرەققىيپەرۋەرلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنلىرىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنلىك — ئىناقلىق مەدەنىيىتىدۇر.

مەدەنىيەت تۈپ - تەھتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت كۈلتۈرىنىڭ مۇھىم سەمەرىسى. ئىنسانىيەت تارىخى كىشىلەرنىڭ ئىناقلىق مەدەنىيىتىگە بولغان ھەۋىسى ۋە ئىنتىلىشى بىلەن تولغان. ھەرقانداق مىللەت ۋە ئىجتىمائىي ھالەتتە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى — ئىناقلىق مەدەنىيىتىدۇر. ئىناقلىق — دەۋرگە، تەلەپكە ئۇيغۇنلۇقتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارچە مۇنەۋۋەر،

تەرەققىيپەرۋەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئەينى زاماندىكى ۋە ئالاھىدە دىياردىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي بازىسىغىمۇ ئۇيغۇن بولىدۇ ـ دە، ئوخشاشمىغان دىياردىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارىخىي ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سۈرىدىغان بارچە مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە فورمىسى ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئېتىكا ـ ئەدەب، ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئېسىللىشىشى، كىشىلەرنىڭ تەن ـ كۆڭۈل ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولىدۇ. ئىناقلىق (ياكى ئۇيغۇنلۇق) ئىنسانىيەت ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك شەرھى ۋە يۈكسەك سىنتېزلىشىشىدۇر، شۇنداقلا، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ كونكرېت كۆرگەزمىسىدۇر.

ئىناقلىق مەدەنىيىتى تەمىراتى ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ غايىۋى سورۇنى ۋە مەنىۋى ئىستىكى. ئىناقلىق مەدەنىيىتى، ماھىيەتتە ئادەمنىڭ تۈپ قىممىتى ۋە ھاياتىي مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىناقلىق مەدەنىيىتىنى تەمىر قىلىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈشتۇر.

بولۇپمۇ سەنئەت ئىپادىسى بىلەن نامايان بولىدىغان ئېستېتىكىلىق مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئىناقلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى تېخىمۇ مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. سەنئەت پائالىيىتى ــ ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىن، سېزىمچان ئەمەلىي پائالىيىتى. مۇنداق پائالىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقىقا بولغان كۈچلۈك تەلەپلىرى مەنەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت بەدەۋىلىك شارائىتىدا ياشاۋاتقىنىدا ئۇلاردا سېزىمچان ئېستېتىكا ياكى سەنئەت پائالىيىتى بولمايدۇ. باشقا ئەمەلىيەتلىرىمۇ تۆۋەن سەۋىيىدە بولۇپ، ئەركىنلىك ۋە سېزىمچانلىق ئېڭى پەيدا بولمايدۇ. قاچانكى، ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيەتلىرىگە ئۆتكەندىلا ، ئۇلاردا ئەركىنلىك، سېزىمچانلىق ئېڭى بۇنيادقا كېلىدۇ. ئىنسانلاردا ، ئەنە شۇنداق ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىگە ئېتىرازلىق ياكى ئېتىراپلىق ھىسسىياتى تۇغۇلىدۇ ـ دە، ئۇلار شادلىق ـ خۇشاللىقنى ياكى قايغۇلۇق ـ خاپىلىقنى پەھم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. ئاندىن بۇ ھالەت بارا ـ بارا يۈكسىلىپ ئېستېتىكىلىق ئاڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ــ ئىنسانىيەت ئىناقلىقى ۋە ئەركىنلىك روھىنىڭ گەۋدىلىنىشى. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە ئەركىنلىك ئەزەلدىن نىسپىي بولىدۇ ۋە ئۇ مۇقەررەرلىكنىڭ تونۇلۇشىدۇر. ئەركىنلىك ۋە سېزىمچانلىق ئېڭى ئىنسانلارنىڭ ئىجادكارلىق ئەمەلىيىتىگە ئۆتۈشىدىكى ئالدىنقى شەرت، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى شادلىقى ۋە ھالقىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ماددىي ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان ھالەتتە تەسەۋۋۇرغا ھاجەتمەن بولىدۇ ـ دە، گۈزەللىكنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرى بويىچە مەنىۋى رېئاللىق ۋە غايىۋى سورۇننى داۋاملىق ئاپىرىدە قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ھالەت ناھايىتى ئۇزاق جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار بۇ جەمئىيەت تارىخىنى تەخمىنەن 100مىڭ يىل دەپ مۆلچەرلەپ ، 95 مىڭ يىلنى ئىنسانلارنىڭ ياۋايىلىق ـ بەدەۋىلىك دەۋرى دەپ تەخمىن قىلغان. تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن تەبىئەتتىن پايدىلىنىش جەريانىدا ئىنسانلار تىنىماي يېڭىلىق ياراتتى. يېڭىلىق يارىتىش ــ مەدەنىيەتنى پەيدا قىلدى. دېمەك، يېڭىلىق يارىتىش ــ مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ماھىيىتى: شۇنىڭدەك مەدەنىيەتنىڭ جەلپكارلىقىنى كۈچەيتىش ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يولى. مەدەنىيەت، جۈملىدىن سەنئەتنىڭ كۆكلەش يىلتىزى مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىيەت كۈچىگە باغلىق.

مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يېڭىلىق يارىتىش ــ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشنى شەرت قىلىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزىدە بار خۇرۇچ ئاساسىدا ئۆزگىلەردىن تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. جۇڭگو (جۈملىدىن ئۇيغۇر) مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، مەدەنىيەت، مەيلى مىللىي خاسلىق ۋە تىپ تەسنىپاتى جەھەتلەردىن تېگى ـ تەھتىنى ئېيتقاندا، كۆپ مەنبەلىكتۇر.

مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە كىشىلەر ھامان تەبىئەتتىن ياكى جەمئىيەتتىن، زامان ۋە ماكان ھەتتا دۇنيادىن نارازى بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن نارازىلىقى تۈپەيلىدىن مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئىجتىمائىي كۈلپەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ھاياتلىق مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرزلەرنى تاپىدۇ ـ دە، ھاياتلىقنى يېڭىچە تەرزدە يولغا سالىدۇ. ئىنسانىيەت ئەشۇنداق روناق تاپقان.

ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى ئالدى بىلەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئارقىلىق تونۇيدۇ، ئاندىن بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىدۇ. سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىلەر مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالاقىلىرىنىڭ داۋامىدۇر ۋە تېخىمۇ كونكرېتلىشىشىدۇر. ئىنسانلار ھازىرقى دۇنيادا كۆپىنچە ۋاستە ئارقىلىق تونۇشىدىغان بولدى. ۋاستە بىرەر

توپ ياكى قوۋمنىڭ (تەقى ـ تۇرقى ــ فىزئونومىيە، ئىتىكا ـ ئەردەم ـ ئەدەب ـ ئەخلاقى مۇجەسسەملەنگەن مەنىۋىيىتى، ئىقتىسادىي كۈچى ۋە مەدەنىيەت ئىقتىدارى بىلەن ئۆلچىنىدىغان) ئىنسانىي قەدىرىيىتى دېمەكتۇر. شۇڭا، ئىچكى ۋە تاشقى رابىتەلەردە ئوبراز يارىتىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدى. جۇڭگو ئوبرازى دېمەك جۇڭگولۇقلارنىڭ (جۈملىدىن جۇڭگودىكى 56مىللەتنىڭ)ئوبرازى دېمەكتۇر. ھەرخىل جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ۋە ئوخشاشمىغان سىياسىي شارائىتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ ياشاش تەرزى، روھىي ھالەتلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەدەب ـ ئەردەم ئېتىكىلىرى، سەنئەت پائالىيەتلىرى، يىغىپ ئېيتقاندا مەدەنىيەتلىرى ئۆزگىچە بولىدۇ. بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە قەدىرىيىتىگە قاتتىق سىڭىپ كەتكەن... بىر قوۋمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش دېگەنلىك شۇ قوۋمنىڭ مەنىۋىيىتى، قەدىرىيىتىنى نامايان قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئوبرازنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا، مۇنداق ئىككى ئامىل بولۇشى كېرەك: بىرى، سەنئەت سەنئەت قانۇنىيەتلىرىگە بولغان بەدىئىي ئىجادىيەت. ھەممەيلەن شۇنداق سەنئەت ئەسەرلىرى مىللەتنىڭ ھېسسىياتى، مەنىۋىيىتىنى ئوبدان ئىپادىلەپتۇ، دەپ ئېتىراپ قىلغان بولۇشى كېرەك؛ يەنە بىرى، مىللەتنىڭ ئىرادىسى، ئىقتىدارى بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئائىلىق سىڭدۈرۈلگەن، مەزكۇر ئىككى ئامىل ئورگانىك ھالدا گىرەلىشىپ كەلگەندىلا، مىللەتنىڭ چىن ئوبرازىنى يارىتىشقا كۈچلۈك ئۈيۈتقا بولىدۇ.

مىللەتنىڭ ئوبرازى دېگەندە ئالدى بىلەن رېئال ئوبرازىنى، ئاندىن تارىخىي ئوبرازىنى نەزەردە تۇتىمىز. مىللەت ئوبرازى كەڭ مەنىدە بىر خىل مەنىۋىيەت، پەزىلەت ئوبرازىدۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە مىللەت ئوبرازى رېئال ئېھتىياج ۋە تەسەۋۋۇر لوگىكىسى بويىچە يارىتىلىدۇ. ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ــ بىرەر مىللەت ياكى ئەلنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى بىلەن رېئال ھالىتىنىڭ بەلگىسى، مىللىي روھنىڭ سىمۋولى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان پەيدىنپەي ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مول سەنئەت بايلىقىمىز بار.شېكىسپىر ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن «ئىنگلىزلارنىڭ قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرگەن»دەك ، بىزنىڭمۇ شۇنداق ئۇلۇغ شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىز ئۆتكەنكى، بىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىمىزنى روناق تاپقۇزغان، مەڭگۈلۈك قۇدرىتىنى نامايان قىلدۇرغان. مىللىي ئوبرازنى يارىتىشتا ، قايتا پەيدىنلىنىشقا بولىدىغان تارىخىي بايلىقلىرىمىز تولا. غەربلىكلەر قەدىمكى تارىخنى بايان قىلىشتا ئەزەلدىن ئادالەتچىل، دېموكراتچىل، ھەققانىيەتچىل شەخسلەرنىڭ ئوبرازلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئوبيېكتىپ پاكىتلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسانلار جەمئىيىتى قانچە ـ قانچە ئەسىر جاھالەت ـ قاراڭغۇلۇق ئاسارىتىدە ياشىغان تەقدىردىمۇ، ھامان بىر كۈنى جاھالەت ئاسارىتىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، يورۇقلۇققا يېتىشكەن.

ئوبراز يارىتىشنىڭ سۆزلۈك مەنىسى ئادەم خاراكتېرىنى قايتا يارىتىشتۇر. شەيخ سەئدىي دېگەنىكەن: بىز ئەسلىدە ئادەم بولۇشىمىز كېرەك ئىدى ، لېكىن ھازىر ئادەم ئەمەس، كامىل ئادەم بولالمىدۇق، ئادەم بولۇش يولىدا كېتىۋاتىمىز. بۇ يولنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ھەقىقىي پەزىلەت ئىگىسى ــ ئەدەب ـ ئەردەملىك، ئۆزىنى تونۇغان ۋە ئۆزگىلەرمۇ ئادەمىي دەپ تونۇغان ئادەملا چىن كامىل ئادەم بولىدۇ. ئەنە شۇنداق ئادەم مىللەتنىڭ چىن قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. ئوبراز ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ۋە ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۆزگىلەر ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. جەمئىيەتتە زەئىپ ئورۇندا ياشاۋاتقان ھايات ئىگىسى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ھايات ئىگىسىگە قارىغاندا ئۆز ئوبرازىنى يارىتىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تونۇتۇشقا موھتاج. بىرەر ئەلنىڭ ئوبرازىنى پۈتۈنلەي ئۆزىلا يارىتىشى ناتايىن. رابىتە قىلىۋاتقان مۇقابىلىڭىز ۋە باشقا بىرەر ئەل مەدەنىيىتى سىزنىڭ ئوبرازىڭىزنى بىللە يارىتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ، ئەينەككە قارىغاندەك ئىش بولۇپ، ئۆزگە سىزنىڭ تۇرق ـ قىياپىتىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

مۇزىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، مىللەت ئوبرازى بىر خىل مۇزىكا مەدەنىيىتى بىلەنمۇ گەۋدىلىنىدۇ. مۇقام ــ ئەسلىي خەلق كۈيلىرى مۇجەسسەمى. ئىر(ناخشا)ــ كۈي(مۇزىكا)ــ بىدۇك(ئۇسسۇل)بىر گەۋدىلەشكەن ئىپتىدائىي ئارىلاشمىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ئىنسانىيەتنىڭ كۇلتۇر(مەدەنىيلىك)تارىخىدا ئۇزاق زامانلار مابەينىدە كوللېكتىپ مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە جاي ـ جايدا نامايان بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى: ئەل مالىيمانچىلىق زاماندا بىر ئۈزۈلۈپ، ئەل ئامانچىلىق زاماندا قايتا كۆكلەپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەردىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ گۈللەنگەن مەدەنىيەت ـ مەنىۋىيەت مىۋىسى. ئۇ ــ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا سىمۋول خاراكتېرلىك بىباھا گۆھەر.

مۇقام پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن ئېستېتىكىلىق قىممەت بىردەكلىكى ئاساسىدا كۆپ خىللىق خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ بىردەكلىك ۋە بۇ خۇسۇسىيەت كىشىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئورتاق ئىنتىلىشلىرى ۋە ئىجادىيەتلىرى، شۇنىڭدەك ئەلنىڭ ئورتاق - قۇتلۇق غايىسىنىڭ قۇدرىتى ۋە ھەۋەسلىرىنى ئىپادىلىگەن. مۇقامنىڭ كۆپ خىللىق ۋە كۆپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىكى كىشىلەرنىڭ مەزكۇر پائالىيەت ئارقىلىق ھەرخىل مەقسەت ۋە تەربىيىۋى ماھىيەتنى كۆزلىگەنلىكى. بۇ ئەينى زاماندا تارىخىي، ئېستېتىكىلىق، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي ئېتىكىلىق ياكى زوقلۇق خاھىشنى ئىپادىلەش- كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، مول مەزمۇنلۇق ئاساسىي مېلودىيە ياكى بىر ئانا تون يېتەكچى قىلىنغان ھەربىر مۇقام مۇزىكا مەدەنىيىتىمىزدە كۆڭۈل ئېچىش مەزمۇنى بىسىمراق ئىپادىلەنگەن ۋە شادلىق - ھۇزۇرلىنىش مەقسەت قىلىنغان بەدىئىي شەكىل سۈپىتىدە ئەخلاقىي- تەربىيىۋى ئەھمىيىتىدىن چەتلەشمىگەن. ھەربىر مۇقامنىڭ ئۆزئالدىغا يەككە ۋە باشقا مۇقاملار بىلەن ئورتاق مۇزىكىلىق كۆپ خىللىقى كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل ئېستېتىكىلىق ھەۋىسى ۋە سەنئەتكارلىقى، بەدىئىي ئىجادىيەت شەكىللىرىنىڭ موللۇقى، نەزمىلىرىدىكى بەدىئىي تىل پىرىيوملىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى بىلدۈرىدىغان تىلسىماتلىق خەزىنە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. مۇقاملاردىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىناقلىق مەدەنىيىتى گەۋدىلەنگەن، مۇقاملار بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشقان ھالدا ئورگانىك باغلانغانلىقى ئەنە شۇنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇر دېگەن مىللىي خاسلىق تامغىسى بېسىلغان جۇڭگونىڭ بۇ مۇزىكا مەدەنىيىتى جاھاننىڭ قەدىمكى كۇلتۇرى رەۋىشىدە نادىر گۆھەر بولۇپ ساقلىنىپ كېلەلىشى ۋە ئۇزۇن زاماندىن بۇيان مەزمۇندار ھەم رەڭدار بولۇپ جەۋلان قىلالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر شۇكى، خۇددى دېڭىز تەرەپ- تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن دەريا-غوللاردىن ھاسىل بولغىنىدەك، بۇ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ كۆڭلى-كۆكسى ۋە قوينى كەڭرى بولۇپ، قەدىمكى مىللىي ئىر-كۈيلەرنى ئۇيۇتقا قىلغان ۋە جارى قىلدۇرغان ئاساستا ، ئۆزگە ئەل- مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلغانلىقى، زامان بىلەن ھەمقەدەم بولۇپ يېڭىلىقلارنى يارىتىپ كەلگەنلىكىدۇر ۋە ھەمىشە پارلاق ئىقبالغا ئىنتىلگەنلىكىدۇر. ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش دېگەنلىك ئەنە شۇنداق روھنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئۇنىڭ زامانىۋىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە تەربىيىلىك رولىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. مۇقامدىن ئىبارەت بۇ نادىر گۆھەر دۇنياغا تونۇلغاندىلا ، ئۇنىڭ ھاياتىي قۇدرىتى ۋە سەنئەتلىك خىسلىتى ئاشىدۇ.

مۇقام كۈيلىرى ئاساس قىلىنغان كونسېرتلار دەسلەپ شياڭگاڭدا، ئاندىن فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە تەكلىپ بىلەن ئورۇنلانغاندا، ئۇ رايون ۋە دۆلەتلەردىكى كۆرۈرمەنلەردە ئاجايىپ ھەيرانلىق ۋە ئالاھىدە قىزىقىش ھەم ئۆزگىچە تەسىراتلارنى پەيدا قىلغان. چۈنكى مۇقام سەنئىتى كونسېرتلىرىدا مىللىي ھاياتلىق جۈملىدىن مىللىي تۇس، مىللىي مەنىۋىيەت، مىللىي ئادەت ۋە ئېتىكا تەبىئىي ھالدا مىللىي شەكىل بىلەن تەلتۆكۈس بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنغانلىقى مۇقامنىڭ جەلپكارلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن. جۇ ئېنلەي زۇڭلى ھايات چېغىدا، چەت ئەللەرگە ئويۇن قويغىلى چىقىدىغان سەنئەتچىلەرگە «سەھنىگە قەدەم قويغىنىڭلاردىلا كۆرۈرمەنلەرگە جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كۆرۈنسۇن» دەپ تەلىم بېرىدىكەن. مەسىلەن، رۇسلار كلاسسىك ئۇسسۇل «ياش قېيىن»نى سەھنىدە ئوينىغان ھامان، ئۇنىڭدا رۇس روھى، رۇس ئوبرازى نامايان بولىدۇ ۋە كۆرۈرمەنلەرنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. قارىماققا، ئۇسسۇل سەنئىتى ناھايىتى ئابستراكت ھالەتتەك ،گوياكى تىپىك ئوبراز يارىتىلمىغاندەك ياكى تەربىيىۋى فونكسىيىسى ئاجىزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئېستېتىكىلىق ۋاستىلەر (مەسىلەن، ئۆز ھەددىدىكى قاش-كۆز ئوينىتىش، كۈلۈمسىرەش،ئىما- ئىشارەتلىك، ناز-كەرەشمە كەبىي چىراي مىمىكىلىرى، قول- پۇت، دولا ئوينىتىشتەك نەپىس فىگۇرىلار)، ئاندىن گىرىم- ماسكىلار، ئۇسسۇل مەزمۇنىغا باب كېلىدىغان ئېگىن-ئاياغلار ۋە سەنئەتكارنىڭ ماھارىتى -ئۇسلۇبى كۆرۈرمەنلەردە ئوبرازلىق ئۇقۇم پەيدا قىلىدۇ. دېمەك، سەنئەتكار (مەيلى ئىرچى- كۈيچى، بىدۇكچى بولسۇن)«مەن ئۆز سەنئىتىم بىلەن ئۇيغۇر ئوبرازىنى يارىتىمەن» دېگەن ئىدىيىنى، يەنى ئۆز-ئۆزىنى تونۇش (بىلىش)بەلگىسىنى تىكلىگەندىلا ، بىرەر ئوبرازنى نامايان قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئاندىن يەنە بىر زۆرۈر شەرت باركى، يۇقىرى-تۆۋەن رەھبەرلەردە مىللەتنىڭ چىن ئوبرازىنى مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل يارىتىشقا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسى ۋە ئاممىۋى ئىستىلى بولۇشى كېرەك.

بىز مۇقام پائالىيىتىدە ئىشنى قىدىرىپ تېپىش، قۇتقۇزۇش، مۇھاپىزەت قىلىش، ئاندىن رەتلەش ۋە تىرىلدۈرۈشتىن باشلىدۇق. ھەردەرىجىلىك مەدەنىيەت رەھبەرلىرى، تۈرلۈك سەنئەتكارلار بارلىق كۈچ-ئىقتىدارىنى مۇقام بايلىقىنى قىدىرىپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ جانلاندۇرۇشنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغان ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان ھەم ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

سۈرىدىغان، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ساپاسىنى يۇكسەلدۇرىدىغان، كۈنسايىن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ئىلغار مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش تەدبىرلىرىدىن بىرى، دەپ چىڭ تۇتۇش ۋە ياخشى تۇتۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇدى. نەتىجىدە، مۇنداق تونۇش ھاسىل قىلغان ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىكى ۋە سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كوللېكتىپى مۇقام پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئېھتىياجلىق مالىيە ۋە ئادەم كۈچلىرىنى ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىش ۋە رادىئودا ئاڭلىتىش، مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش ۋە شۇنىڭدەك ھەرخىل ئۇچۇر ۋاستىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تېپىك مىللىي مۇزىكا بايلىقى سۈپىتىدە مەملىكەت ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش يولىدا ئۈنۈملۈك ئىزدەندى. ئاخىرقى ھېسابتا ، جۇڭگو خەلقى ۋە مۇقام پائالىيەتلىرىنى كۆرگەن، تەتقىق قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرى «شەرق مۇزىكا سەنئىتىدىكى بىر مۆجىزە، شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر»دەپ تەرىپلىدى. شۇنىڭ بىلەن، 2005 ـ يىلى 25 ـ يانۋاردا ب د ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى» دېگەن دۇنياۋى شۆھرەتلىك نامنى بەردى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى دۇنياۋى مەدەنىيەت بايلىقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ شەرەپ ئالدى بىلەن دۆلەتكە، ئاندىن ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، ئۇيغۇرلارغا ۋە تۆھپىكار سەنئەتچىلەرگە مەنسۇپ.

مۇقامنىڭ جەلپكارلىقى، تەسىرچانلىقى ــ ئۇيغۇرچە شەكىل، ئۇيغۇرچە ئۇسلۇب، ئۇيغۇرچە تۇس ـ ھالەت، ئۇيغۇر روھىغا خاس بولغان ھەم كلاسسىك ھەم زامانىۋى سەنئەت بايلىقىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىقىدىن ھاسىل بولغان مىللىي ئالاھىدىلىكتۇر.

نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت تەمىراتىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش تەلىپى مەدەنىيەت ساھەسى رەھبەرلىرى، ھەر مىللەت سەنئەتكارلىرىغا يېڭى ــ تارىخىي ئېغىر ۋەزىپە يۈكلىدى: بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ ھەقىقىي قىممەت قارىشى، ئەنئەنىۋى ئېتىكا ـ ئەردەم تەمىراتىنى زامان بىلەن تەڭ قەدەم باسىدىغان، خەلقنىڭ ساپاسىنى، يەنى تەن ـ قەلب ساغلاملىقىنى يۇكسەلدۇرىدىغان ئىناقلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا ئۆز ساھەلىرى بويىچە ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛ ئىككىنچىدىن، سەنئەتكارلارنى توغرا يۆنىلىش بويىچە يېتەكلەپ، مۇناسىپ تەتقىقات مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇپ، مۇقام كۈيلىرى جۈملىدىن ئەل ئىچى مەنىۋى بايلىقلارنى چوڭقۇر قېزىپ تېپىش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئاساسىدا ئىلمىي سىستېمىغا سېلىش، مۇقام ۋە ئەل ئىچى كۈيلىرى ۋارىسلىرىنى پىلانلىق، تەشكىللىك، تۈركۈملەپ تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، تور كەبىي ئېلېكترون ـ ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «خەلقتىن ئېلىپ خەلققە ياندۇرۇش»ئۇسۇلىنى جارى قىلدۇرۇش.

ھەرخىل سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئىناقلىق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشنىڭ بىر تەدبىرى سۈپىتىدە، جۇڭگو ئوبرازىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئوبرازىنى يارىتىش، مەدەنىيەت رەھبەرلىرى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخى بۇرچىدۇر.

مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئوبرازى بىر ـ بىرلىگەن كونكرېت مەدەنىيلىك ھادىسىلىرىدىن شەكىللىنىدۇ. مۇقام پائالىيىتىدىن باشقا ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك، بىلىم سۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق، ئەمگەكچانلىق، سەممىيلىك، ئوچۇق قوللۇق ۋە داستىخىنى كەڭلىك سۈپىتى بىلەن مېھماندوستلۇق، باغۋەنچىلىك ۋە ئوۋچىلىق، باپكارلىق ـ گىلەمچىلىك، خالۋاپلىق ۋە بىناكارلىق ـ ياغاچچىلىق، دوپپىسازلىق، مىسكەرلىك ــ پەكچىلىك دېگەندەك 72 خىل ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارەت ئىگىسى بولغان سەدكارلىق ئالاھىدىلىكلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن نامايان قىلىنغاندىلا مۇكەممەل ئۇيغۇر ئوبرازى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مەشھۇر ئۇيغۇر رەسسامى، ئۇستاز غازى ئەھمەدنىڭ ئەسەرلىرىگە بىر قارىغاندا، كۆز ئالدىمىزدا ئۇيغۇر ئوبرازى گەۋدىلەنگەندەك، مۇقامدا، ئەل ـ كۈيلەردە، بىدۇك، ئېتوت، ئويۇن ـ تىياتىرلاردىمۇ ئۇيغۇر ئوبرازىنى يارىتىشتا كۈچ، ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىك ـ ماھارەتلىرىمىزنى ھارماي سەرپ قىلىشتا دەۋەت ـ تەشەببۇس قىلىمەن. ھەركەتلىرىگە بەرىكەت ياغقاي.

رەسسام : غازى ئەھمەد

ئاپتور: ئالىي مۇھەررىر، تىلشۇناس،ئۇيغۇر تارىخ ـمەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى(M2)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا:ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



# جاھاندارچىلىق پەلسەپەم

ۋاڭ مېڭ

تۈزۈك ئوقۇمىغان ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرگەن كىتابلىرىممۇ چاغلىق. سەل نام-ئاتىقىم چىقىپ قالغاچقىمۇ، كىشىلەر مېنى قورسىقىدا ئاز-تولا ئۆمچىي بار ئادەم دەپ بىلىدۇ. بۇ قانداقتۇر جاھاننىڭ رەھبىرىگە كىرىۋالغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئىلھامى ۋە بىلىمگە ھېرىسمەنلىكىمنىڭ شاراپىتىدىن بولسا كېرەك.

قىسقىسى، «ھەقىقىي بىلىم ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ» دېگەن تۆپىكى ھۆكۈمگە ئىشىنىمەن، شۇنداقلا، بۇنىڭدىن باشقا پەرقلىق ھالەتلەرنىمۇ ئىنكار قىلمايمەن.

يېشىمۇ ئاتمىشتىن ئاشتى، شۇنىڭغا تۇشلۇق ئازدۇر-كۆپتۇر تەجرىبە-ساۋاقنىڭ ئىگىسى بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. خوش، ئۇنداق بولسا ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ھەقتە نېمىلەرنى دەپبەرسەم بولار؟

**1. ئاددىيلاشتۇرۇشقا ئىشەنمەك.**

مۇنداق بىر نۇقتىنى ئېنىق تەكىتلەپ كەلگەنمەن: ئومۇمەن مۇرەككەپ ئىشلارغا يولۇققاندا ئاپچىكلا تاكتىكا بىلەن ئۇنىڭ ئېقىنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. دېگۈچىلەرگە: مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئويۇننىڭ ئورنىدا كۆرگۈچىلەرگە: چاتىقى تولا ئىشنى ئاددىي چاغلاپ، «شاققىدە» ئامال قىلساق «ۋاققىدە» ئوڭلىنىپ كېتىدۇ، دېگۈچىلەرگەئىشىنىشكە بولمايدۇ.

دۇرۇس، ئاساسىي زىددىيەت ھەل بولسا، قوشۇمچە زىددىيەتلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بوپكېتىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمما، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئۇنداق ئامەت ماڭا نېسىپ بولۇپ باقمىدى... كۆپ ھالدا، ئاساسىي زىددىيەت ھەل بولغىنى بىلەن، قوشۇمچە زىددىيەتلەر ئەدەپ، باش ئاغرىقى ئاۋۇپ كېتىدۇ.

جاھاندا ھەممە كېسەلگە شىپا بولىدىغان دورىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمەن. شۇڭا مەلۇم دورا كېسەلمگە پايدا قىلماي قالسا، بۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىشىمۇ كەتمەيمەن. ئادەتتە ئاقمايدىغان ئىستەك-ئارزۇلاردا بولمايدىغىنىم ئۈچۈن، چۈشكۈنلىشىپ، ئۈمىدسىزلىنىدىغان چاغلىرىممۇ ناھايىتى ئاز.

**2. چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلار بىلەن ئۆزبېشىمچىلارغا ئىشەنمەك.**

ئېنىقكى، دۇنيا پەقەت ئاق بىلەن قارا، دوست بىلەن دۈشمەن، پازىللىق بىلەن پاسىقلىق، ھەق بىلەن ناھەق، باياشاتلىق بىلەن نامراتلىقتىنلا تۈزۈلگەن ئەمەس. شۇڭا دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان نېيترال، ئۆتكۈنچى، تەرتىپسىز، زىددىيەتلىك، رايىش ۋە ئەۋرىشىم ئەتمىش-ئەمەلگە دانىشلارچە يۈزلىنىپ، ئۇلارنى لايىقىدا ئىگىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق، دۇنيادا قارشى تەرەپنى يوقاتسىلا جاھان تىنچىپ، نۇسرەت كېلىدىغان ئىش يوق. ھە دېسىلا ئۆزىنى ھەققانىي ساناپ، قارشى تەرەپنى ئەيىبلەپ دۈشمەن كۆرىدىغان، قارشى تەرەپ ئاقچى ياكى كۆكچى بولسۇن ھەدېسىلا ئۇنى دۇمبالاپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغانلار نام-شۆھرەتكە دۇم چۈشكەن، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان پۇرسەتپەرەس ساددىلاردۇر. كۆڭلى ئالەمگە دادىل يۈزلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇ يەردىكى «يۈزلىنىش» ھەرگىزمۇ بىر تۈرلۈك مۇددىئا ياكى نەزەرىيە تەرىپىدىن كېسىپ-يونۇپ تاراشلاپ چىقىلغان «جانسىز ھەيكەل» ئەمەس.

**ئاقىلانىلاردىن سۆز**

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈلدە ئىدىتلىق سان بولمىغان مەسىلىلەردە كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، مۇتىدىل بولۇۋالماق كېرەكتۇر.

**3. لاپ، داۋراڭ ۋە شوئارلاردىن قورقۇپ كەتمەك.**

تېرىقچىلىك ئىش ئۈچۈن ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى «يېرىم چىلەك سۇ». «ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق» ھۆكۈملەر ئادەتتە تالاي-تالاي ساختىلىق، نۇقسان ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ. چېكىدىن ئاشقان ئىش ھامان بۇزۇلىدۇ. شۇڭا زىيادە ئالىيجانابلىق، زىيادە چاكىنىلىق، زىيادە دانالىق، زىيادە ئەخمىقانىلىك، زىيادە يېڭىلىق ۋەياكى زىيادە كونىلىق تۇسىدىكى پاراڭلاردىن گۇمانلىنىشقا ئەرزىيدۇ. سەمىگىزدە بولسۇنكى، «ئۆلچەم» ۋە «شوئار» دېگەنلەرنىڭ داۋراڭ-سۈرەنلىرىدىن خامۇش بوپقالماڭ؛ «نام-ئاتاق» نىڭىز بىلەن بېشىڭىزدىكى«تاج»غا قاراپلا قىممەت ھەققىدە مۇپەسسەل ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىرمەن، دەپقالماڭ: «نام-ئاتاق»نىڭ كارامىتىدىن ئېيتىدىغان ھۆكۈم ئىنىدىن چىققان ھامان ئالەم-جاھاننىڭ ئىشلىرى شەكسىز ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپمۇ ئويلىماڭ. ئەكسىچە، ئىشلارنىڭ ئەكسىگە يېنىپ، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

تاجغا مۇشەررەپ بولۇۋالغىنى ئېھتىمال نائەھلىدۇر؛ «يامان ئاتاق ياكى بەتنام»غا قالغىنى بەلكىم ئۇۋالچىلىققا قالغان بىچارىدۇر؛ تاجلارنىڭ ھەددى-ھېسابسىزلىقى ئېھتىمال ئاشۇ تاجنىڭ ئېتىبارى قالمىغانلىقىدىندۇر؛ «يامان ئاتاق ياكى بەتنام»غا قالغانلارنىڭ ھەددى-ھېسابسىزلىقى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ كۆنۈپ قالغانلىقىدىندۇر. ئوخشاش بىر ئىش ياكى ئۇقۇمغا ئېھتىمال ئوخشىمىغان ھەرخىل قىياپەت، ھەتتا ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەت يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. سىزدىكى «نام-ئاتاق» ئاقلانىلىك بىلەن بېرىلمىگەنلىكى ۋەجىدىن شەيئىلەرنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىڭىزنىڭ بەرھەقلىقى ئېھتىمال تېخى تولۇق ئىسپاتلىنىپ بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنى ھەرگىزمۇ دەستەك قىلىۋالماڭ.

ئۇقۇم-چۈشەنچىلەردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇڭكى، ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماڭ.

ئادەتتە، كۆرسەتكۈدەك ئىسپاتىم بولمىسا، ئادىي ساۋاقلار بىلەن لاپ گەپلەردىن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا ئالدىنقىسىنى تاللايمەن. ئەمما قايىل قىلارلىق دانا پىكىرلەرنى يېنىكلىك بىلەن ئىنكار قىلمايمەن؛ بىلەرمەنلىك بىلەن گەپ يورغىلاتقانلارغا ئىچىمدە «چۈجىنى كۈزدە سانايمىز» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

**4. خەقنى ئالدىراپ ئىنكار قىلماڭ، باشقىچە پىكىردىكىلەرنى ھاپىلا-شاپىلا قارشى قۇتۇپقا ھەيدىمەڭ.**

بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە باشقا نۇرغۇن ئىشتا باشقىلار بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئوخشاش تېگىرقاش ھالىتىدە ئىكەنلىكىڭىزگە، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا جاھاندارچىلىق يولى ۋە باھانىسى بارلىقىغا ئىشىنىڭ. جاھانسازلىقتا «قارىغۇنىڭ پىلنى سىلىشى»دەك مەنىسى تىرەن، ئومۇملاشقان ۋە ئىبرەتلىك يەنە بىر تەمسىل بولمىسا كېرەك.

شۇڭا، ئۆزۈڭدىن بېرى مۇنداق پىكىردە چىڭ تۇرۇپ كەلدىم. يەنى ھەمپىكىرلەر بىلەن بىرلىشىپ قارشى پىكىردىكىلەرنى چەتكە قېقىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. خەقنى يوققا چىقىرىپ ئىنكار قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس.

ھەمپىكىرلەر، ئەڭ ياخشىسى ئۆزگىلەردىن ئۆگىنىش ۋە سۆيۈنۈشنى بىلىشى كېرەك. ئۆزىنى داڭلاش يامان ئىش ئەمەس، ھەممىدىن يامىنى باشقىلارنى چۈشۈرۈش بەدىلىگە ئۆزىنى داڭلاش. كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا كامال تاپىدۇ. شۇڭا ھەدىسىلا «سەن ئۆل، مەن ياشاي»دەيدىغان يولنى تۇتماڭ.

ئىجادىي ئىلمىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنمەن. ئادەتتە تەشەببۇسىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشنى قۇۋۋەتلەيمەن. چۈنكى، توغرا تەشەببۇسنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغاندىلا نۇقسانلارنى تۈزىتىشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، توغرا تەشەببۇس، يەنى نۇقسانلارنى دەرھال تۈگىتىش ئېڭى تۇرغۇزۇلمىسا ئازغۇنلۇق، قالايمىقانچىلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە قالىدىغان، ھەتتا ئاۋۋالقىدىنمۇ بەتتەر ھالغا قالىدىغان گەپ.

**5. چۈشىنىشنى تەكىتلىشىم، ئۇنىڭ سۆيگۈدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىمدىندۇر.**

سەۋەنلىك - خاتالىققا رەددىيە بېرىشتىمۇ، ئاۋۋال باشقىلارنى چۈشىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ نېمىگە سەل قاراپ، قانداق كەتكۈزۈپ قويغانلىقى، ئاخىرى قانداق يولدىن چىققانلىقىنى بىلىش، ئۇنىڭدىكى كۆزنى چاقناتقۇدەك توغرا ئامىللارنىڭ قانداقسىگە بىمەنىلىك ئومۇمىيىتى بىلەن سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ھاپىلا-شاپىلا«جىن-شاياتۇن»غا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ھېچكىمنىڭ قارشى تەرەپنى ئالدىراپ «جىن-شاياتۇن»، «بۇزۇق-گېزەندە»لەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىشكە ھەققى يوق.

ئۆزۈم ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ياكى چۈشەنمەيدىغان شەيئىنى ئۇچراتقان چېغىمدا ئالدى بىلەن ئۇنى راۋۇرۇس چۈشىنىپ، بۇ ھەقتە تولۇق ئاساس ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ نۇقسانلىرىنى تەنقىدىي تۈزىتىش تەرىپىگە ئۆتىمەن؛ ئۆزۈم چۈشەنمەيدىغان شەيئىلەرگە يولۇققان ھامان لەنەتنى بولۇشىغا ئوقۇپ، گۇناھنى يەتكىچە توقۇيدىغان، ئاۋۋال گۇناھنى بېكىتىپ، ئاندىن باھانىسىنى كۆرسىتىدىغان بولمىغۇر ئادەتتىن ھەزەر ئەيلەيمەن. ئۆزىمىز چۈشەنمىگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ناباب بوپكېتىشى ناتايىن. شۇڭا، ئۆزىڭىز بىلمەيدىغان شەيئىگە يولۇققان چېغىڭىزدا ئالدى بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىپ تەتقىق قىلىپ بېقىڭ. شۇنىڭدىمۇ ئۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلەلمىسىڭىز، ئۇنى بىر مەھەل قويۇپ تۇرۇڭ. چۈشىنىش دېمەك، ماھىيىتىنى ئىگىلەش دېمەكتۇر؛ ئاۋۋال ماھىيىتىنى ئىگىلەپ ئاندىن قىممەت توغرىلىق ھۆكۈم

چىقىرىش ئەقەللىي قائىدىدۇر. ئاۋۋال قىممەت توغرىلىق ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاندىن ماھىيەتنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇش، ھەتتا ماھىيەتنى بىلەن كارى بولماسلىق ئۇچىغا چىققان نادانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

كىمكى ئۆزىگە «ھەققانىي قارارچى»، «دىيانەتلىك ھۆكۈمدار»، «نىجاتكار» دېگەندەك ناملار بىلەن تەمەننا قويسا، باشقىلارنى رەزىل، ئۆزىنى پازىل، باشقىلارنى گالۋاڭ، ئۆزىنى دانا بىلسە، ئۇنداقلارنىڭ لەۋزىدىن گۇمانلانماق بەرھەقتۇر

ئورۇنسىز مۇنازىرە قىلماسلىق تەرەپدارى بولۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، شەكلى ئۆزگەرگەن ھەر خىل شوئارغا، دىققەت مەركىزىدىكى قىزىق نۇقتا ـ ساھەلەرگە، خىلمۇ خىل نەيرەڭۋازلىققا پىسەنت قىلماسلىق، ھودۇقماسلىق، كۆزىتىش، ئالدىراپ ئىشەنمەسلىك، سۆز ـ ھەرىكەتكە قاراش، سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش مەيدانىدا تۇرىمەن. شۇڭا مەن دائىم ئۆزى بايقىغان مۇتلەق ھەقىقەتلەر توغرىسىدا ئۆزى ئىجاد قىلغانلىقنى جاكارلاشلاردىن گۇمانلىنىمەن.

## 6. ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ئېتىراپ قىلىمەنۇ، لېكىن ئاددىي ھالەتلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن.

كۈتۈلمىگەندە مۆجىزە يارالسىكەن، دېگەن ئارزۇدا بولىمەنۇ، لېكىن دائىملىق ئەھۋاللارغا بەكرەك كۆز تىككۈم كېلىدۇ؛ مۆجىزىلىك ئۇ پەيتلەر قانداق ئۇلۇغۋار شوئارلار بىلەن ئىپادىلەنسۇن، ئالاھىدە ئەھۋاللار بىلەن مۆجىزىلىك پەيتلەرنىڭ نورمال ھالەتلەر بىلەن دائىملىق ئەھۋاللارغا شىلتىلىك ئاتالايدىغانلىقىغا چىنپۈتمەيمەن.

لايىقىدىكى كەڭ قورساقلىقىمۇ قەدىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئەمەللەردىن بولغىنى ئۈچۈن، ھەممىنى ئەپۇ قىلىمەن، ھەتتا ھەممىگە ھېسداشلىق قىلغۇم كېلىدۇ. باشقىلارغا ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئامراقمەن. دۇنيادا نۇقسانسىز ئادەم بولمىغىنىدەك، كۆپىنچىمىز ئۇنداق ـ مۇنداق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن خالىي بولالمايدىغان پېقىر ۋە ئاددىي كىشىلەردۇرمىز. لېكىن پېقىرلىق، ئاددىيلىق يامان ئىش ئەمەس، شۇڭا ئاز ـ تولا قۇسۇر ـ ئىللەتلىرى بارلارنى يامان كۆرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش ئەيىب ئەمەس، لېكىن ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك پايدىسىنى دەپ باشقىلارنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى سېتىۋېتىدىغانلار ئوغامنى قاينىتىدۇ.

ئىلىم مۇھاكىملىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، مېنىڭچە، «ھەممە ئېقىم بەس ـ بەستە سايراش» داۋامىدا ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ساختا، بىر تەرەپلىمە، ئاددىي ۋە بىمەنە گەپنىڭ قوشۇلۇپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر. ھەتتا مەنمۇ بۇنداق ئىللەتتىن ساقلىنالمىغانمەن. مېنىڭچە، «ھەممە ئېقىم» ئىچىدىن بىرەر ـ ئىككىسى تىرەن ۋە مېغىزلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىسا، شۇنىڭغا شۈكۈر دېگۈلۈك. ناۋادا بۇنىڭلىق بىلەن «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىتى قۇرۇق» دەپ قاراپ ھەممە ئېقىمنىڭ بەس ـ بەستە سايرىشىنى يوققا چىقىرىۋەتسەك، ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولىمىز. قوشقاچتىن قورقۇپ تېرىق تېرىمىساق بولماس!

دۇرۇس، مەن قىسمەن ۋە ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن ئاشۇ قىسمەنلىك ۋە ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ئېسىلىۋېلىپلا تۈپكى قانۇنىيەتلەرنى ئىنكار قىلمايمەن. مەسىلەن، سۆيگۈ ۋە ئىشتىياق ئۈستىدە گەپ بولغان ھامان «تۈبېركۇليوز ۋىرۇسى زىيانلىق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا (ئۇنى تەتقىق قىلىشقا) ئىشتىياق باغلاش ھاجەتسىز» دەپ قارىساق، ياكى كەسپىيلىكنى تەكىتلەش ئۈستىدە گەپ بولغان ھامان «پالانى ئىنقىلابىي قۇربان ئۆز كەسپىنى قىلمايمۇ ئۇلۇغلاردىن بولالىغان» دەپ بىلجىرلىغىلى تۇرساق، بۇ ئۇچىغا چىققان تېتىقسىزلىق بولىدۇ ـ دە!

شۇڭا ئالاھىدە ئەھۋاللارغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئومۇملۇققا ئىگە ئادەتتىكىچە ئەھۋاللار، نورمال ئەھۋالدىكى ھالەتلەرگە ۋە ئاۋام پۇقراغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ھەممىگە كەڭ قورساق پوزىتسىيە تۇتۇش — دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقان چاغدىكى ھالقىلىق دەقىقىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئەھۋاللارغا كۆرە ئېيتىلغان. ناۋادا، بۇنىمۇ زىغىرلاپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئادەم ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېمەكتىن ئۆزگە ئامال يوق، ئەلۋەتتە!

## 7. تىل، بولۇپمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىشكە، پەلسەپە، لوگىكا ۋە ماتېماتىكىغا ئائىت ساۋاتلارنى ئىگىلەپ مېڭىشقا خۇشتارمەن.

كىتاب ئوقۇپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە ھېرىسمەنلىكىمدىن، دائىم ھادىسە ـ شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىمەن؛ بېرىلىپ ئىزدىنىمەن، ھېچكىمگە يان باسماي ئەقلىم بىلەن لىللا ھۆكۈم قىلىشقا تىرىشىمەن. نۇرغۇن ھەقىقەتنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا تاۋلىنىدىغانلىقىغا، ھاياتلىق دەرىخىنىڭ ھەردەم كۆكىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئارىسىدا ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان نۇقتىلارنىڭ بارلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن. مەن شەكلى ھەر خىل، ماھىيىتى بىر خىل، شۇنداقلا شەكلى بىر خىل، ئەمما ماھىيىتى خىلمۇ خىل شەيئىلەرگە قىزىقىمەن. چۈنكى ئاشۇنداق شەيئىلەرنى چۈشىنىشنىڭ ئۆزى ئەڭ قىزىقارلىق بايقاشتۇر.

ئەدناسى، ئۆزۈم زوقلانغۇدەك دائىرىدە باشقىلارنىڭكىگە ھەم ئوخشاپ كېتىدىغان، ھەم ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان ئىقتىدار ۋە ماھارەتنى تاۋلاپ چىقىشقا بەكمۇ ئىنتىلىمەن. مەسىلەن، بىۋاستە تۇيغۇ سىڭدۈرۈلىدىغان شېئىرىيەت ۋە لوگىكىلىق نەزەرىيىگە كامىل بولالىسامكەن، چاڭچېلە، سىمفونىيە، جاز مۇزىكىسى دېگەنلەردىن بىمالال ھۇزۇرلىنالىسامكەن، دېگەن ئارزۇدىمەن. تەڭرىنىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۆزۈمدىكى قاششاقلىق ۋە تۇرغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىمەنۇ، لېكىن ئاشۇنداق ئەسكى

خويۇمنى ئۆزۈل ـ كېسەل تاشلىيالماي ئاۋارىمەن.

**8. ھۆكۈمگىمۇ، تەدبىرگىمۇ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىمەن.**

بەزىلەرنىڭ تەدبىرىگە نەزەر سالسىڭىزلا ئۇنىڭ ئوغرىغا ئوغرىچە، زالىمغا زالىمچە، بالاخورغا بالاخورچە مۇئامىلە قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى بىلەلەيسىز. شۇڭلاشقىمۇ دائىم «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق» بولۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ «سەن ئۆل، مەن ياشاي»دەيدىغان، ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىدىغان، ھەممىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان، ئاۋۋال ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاندىن تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان، زەي سالماي لاپ ئۇرۇپ، ھېيۋە قىلىدىغان بىر خىل تەدبىرنى قوللىنىدىغانلىقىنى بايقايمەن.

دىئالېكتىكىنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن، بولۇپمۇ تۇرمۇش دىئالېكتىكىسىنىڭ رىغبىتىگە يامان ئەمەس نائىل بولغان ئادەممەن. شۇڭا توختىماي ۋاتىلدايدىغان، كونىلىقتا كانىدەك چاپلىشىۋالىدىغان، قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان، ئۆز سايىسىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان قاپاقباشلارنى نەزەرگە ئىلغۇم كەلمەيدۇ.

**9. تۇرمۇش پوزىتسىيىسى جەھەتتە، ھاياتلىق ئۈمىدى بەخش ئەتكەن تەبەسسۇم مېنى كونا ـ يېڭى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە ھەۋەس بىلەن بېقىشقا ئۈندەيدۇ.**

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خىلمۇ خىل ھېرىسمەنلىك ۋە خۇشھاللىق تەننىڭ ساغلاملىقىغىلا ئەمەس، ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە ئىش ـ ئوقۇشىمىزغىمۇ پايدىلىق؛ ئەدناسى، تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى ئىگىلەپ، تەسەۋۋۇرىمىزنى بېيىتىپ، سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ چۈشىنىشكە، شۇ ئارقىلىق بىرتەرەپلىمىلىك ۋە نادانلىقتىن خالاس بولۇشىمىزغا پايدىلىق.

ئاچچىققا ھاي بېرەلمەي قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان، كەمچىلىككىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزى ۋە باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، تۆگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك كۆرسىتىپ ئۆزىنى نوچى سانايدىغان چالا كۆرەڭلەردىن بىزارمەن.

**10. زىيالىيلارنىڭ بۇرچى مەسىلىسىدە، ھەربىر زىيالىينىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن.**

ھەركىم ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالىغاندىلا ئاندىن دۆلەتنىڭ ھەقىقىي كامالەتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىنىڭ بارلىقى ئەلنىڭ كامالەتتىن كېلىدۇ. ھەقىقىي كامالەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەندە ھېچقانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىراۋنى يامان كېسەلگە مۇپتىلا بولىدى، دەپ پەرەز قىلايلى: ناۋادا ھەممە ئادەم ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالايمىز، دەپ داۋراڭ سالغىنى بىلەن ھېچقانداق تەدبىر قوللانماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە داۋالاش ئۇسۇلى خۇسۇسىدىكى تالاش ـ تارتىشقىلا بېرىلىپ كەتسە، ھېلىقى بايقۇشقا ئۆلۈمدىن ئۆزگە يول قالمايدۇ. ھەممە ئادەم تېۋىپتىن قېچىپ كېسەلنى يوشۇرسا ياكى ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىسا، يەنىلا يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا ئاقىۋەتكە قالىدىغان گەپ. دانا تەدبىر شۇكى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ پەيدىنپەي ئالغا بېسىش، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىجادىي ئىش كۆرمەك زۆرۈردۇر.

بۇيەردىمۇ ئوخشاشلا نورمال ھالەت ۋە غەيرىي نورمال ھالەت مەسىلىسى مەۋجۇد. پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، ھەممە بىردەك باش قوشۇپ بالا ـ قازانى يوقىتىدۇ. بۇ گويا كۈنىگە ئۈچ ۋاق غىزالىنىدىغان ئادەمنىڭ ئالاھىدە ئەھۋال ۋەجىدىن ئۈچ كۈندە بىر ۋاق غىزالىنىشىغا ئوخشايدۇ.

ئىنقىلابنىڭ ئاداققىي مەقسىتى ئاۋامنى نورمال ئەھۋالدىكى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشمۇ ياكى ئالاھىدە ئەھۋالدىكى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشمۇ؟ بۇ، ماھىيەتتە ئۇنچىلىك سىرلىق مەسىلىمۇ ئەمەس.

**11. ھاياتلىق يولۇمدا ئۆزۈمگە تۆۋەندىكى ھېكمەتلەرنى قىبلىنامە قىلغانمەن:**

**تۇرمۇشنىڭ قېلىپى بولمايدۇ.**

ھاياتتا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەبىئىي ماسلىشىش، قەلەمدارلىق ۋە ئەلەمدارلىقتىكى بەزىبىر بىھۇدە غەلىيان ـ غەۋغالارغا پىسەنت قىلمىغۇلۇق.

**ھىممەت مىننەتسىز بولىدۇ.**

ھەقىقىي پازىللىق ئارقىلىق تىلغا ئالغۇدەك ئەزگۈلۈكلەر رويابقا چىققان تەقدىردىمۇ ھەشەم ـ دەرەم بىلەن داۋراڭ قىلىش بىھاجەت ھەم بىھۇدىدۇر.

**پەم ـ پاراسەت ساختىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ.**

پاراسەتتە كامىل، تەدبىردە قابىل بولۇشنى ئىستىسىڭىز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مىجەز ـ خۇلقىڭىز شۇنىڭغا مۇناسىپ بولسۇنكى، زېھن ـ قۇۋۋىتىڭىزنى ھەرخىل نەيرەڭگە سەرپ ئەتمەڭ، بولمىسا ھىيلە ـ مىكىر ، نەيرەڭۋازلىق ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

**باتۇرلۇق نامسىزلىقتا.**

ھەقىقىي باتۇرلار ئۆزىنى كۆرسىتىش، ماختىنىش، داۋراڭ سېلىشنى خالىمايدۇ. ھالبۇكى، ئاقنانچىلار ئۇنىڭ ئەكسىچە .

ئومۇمەن ئالغاندا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن نابابلىقلار ئەدىبلىك قارىشىمغا باب كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنساننىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى، ئىلمىي پائالىيىتىنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە تۈزىتىلمىسى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى دەل شۇ ۋەجىدىن ئۆزگىچە تەسەۋۋۇر، غەلىتە خىيال، ئالاھىدە ھالەت، سىرلىقلىق، يوشۇرۇن ئاڭ، توختاۋسىز ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارغا موھتاج بولىدۇ. ھەتتا شۇنداق دەپمۇ قارايمەنكى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەلسەپە دەرسلىكىگە تايىنىپلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە «ھۆتۆت ـ پۆتۆت»دېگىلى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ساددا بىغۇبارلىقنى خىيالغا كەلگىنچە نېرى ـ بېرى قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىلارنى پەلسەپىۋى ئۇسۇلدا خۇلاسىلاپ، ئۇزۇن يىلدىن بېرى گەرچە پۈتۈنمىغا پۈتلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۆز خاھىشىم بويىچە يەكۈنلەشكە مۇشەررەپ بولالمىغان مۇنداق بىر قانچە قائىدىگە يىغىنچاقلىغۇم كېپقالدى:

**1. بىتەرەپلىك پرىنسىپى.**

دۇنيا مۇرەككەپ، رەڭگارەڭ، ھەم زىددىيەتلىك، ھەم باغلىنىشچان كېلىدۇ؛ ھەرقانداق ئەمەلىي بىلىم، ئۇ نىسپىي بولىدۇ؛ تارىخنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزئارا سىڭىشكەن خىلمۇ خىل كۈچنىڭ بىتەرەپلىك يولىنى بويلاپ تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن روياپقا چىقىدۇ.بۇ نۇقتىلارنى ئېنىق تونۇۋېلىش لازىم. مەن خىلمۇ خىل زىددىيەتنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى ماسلىقىنى بايقاشقا ئىزچىل تەرەددۇت قىلىپ كەلدىم. چۈنكى، نورمال شارائىتتىكى ئىناقلىقنىڭ بىباھا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

**2. نورمال ھالەت ياكى ساۋات پرىنسىپى.** (غەيرىي ھالەت، ئۆزگىچە ھالەتلەرنى ئىنكار قىلمايمەن، بەلكى نورمال ھالەتتىكى چۈشەنچىلىرىم ئارقىلىق غەيرىي، ئۆزگىچە ھالەتلەرنى ئەپۇ قىلىمەن.)

شۇ نۇقتىلار ماڭا بەشقولدەك ئايانكى، مەدەنىيەت ھەم دەۋرىيلىككە ھەم ئىجتىمائىيلىققا ئىگە: ئادەم تۆرىلىشىدىنلا نەپسانىيەتچى بولغىنى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى كىشىلەر پايدىغا ئېتىلىپ، زىياندىن قېچىشنى بارا-بارا كۆڭلىگە سىغدۇرىدىغان بوپقالىدۇ؛ زور كۆپ سانلىق كىشىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش بىر تۈرلۈك تۈپكى پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ؛ دۆلەت، مىللەت، جەمئىيەت(خەلقئارا جەمئىيەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)ۋە تۇرمۇش بىلەن سىياسىي تىرىشچانلىقلار ئۆزئارا مۇۋاپىقلىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەن. ئەمما تۇيۇقسىز پەيدا بوپقالغان ئاقىلانە-دانا پىكىرلەردىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ.

**3. ساغلاملىق پرىنسىپى.** ساغلاملىق قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەكسىچۇ؟ ئەقلىيلىك، ئۇ ساغلاملىقتۇر. ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەسلىك — سەپرا مىجەزلىك، ئاغزىدا شەھەر ئېلىش، ئاغزىغا كەلگەننى كاپىشىپ، ھەممىنى ئۆز خاھىشىغا بويسۇندۇرۇش كېسەللىكتۇر، بىمەنىلىكتۇر.

خەيرخاھلىق، دوستانىلىك، ھەققانىيلىق، ئادىللىق ۋە كەڭ قورساقلىق — ساغلاملىقنىڭ، زەھەرخەندىلىك، ئىچى قوتۇرلۇق، ئالا كۆڭۈللۈك ۋە خاپىغانلىق كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

**ئۈمىدۋارلىق پرىنسىپى.** بىھۇدە خام خىيالنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىققا دادىل يۈزلىنىش بىلەن بىرگە ئىنسان، تارىخ ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۈمىدۋار پوزىتسىيە تۇتۇشنىڭ ئۆزى ساغلاملىقتۇر. يوقىلاڭ ئىشلارغا غەۋغا كۆتۈرۈپ، ھەدېسلا «جاندىن تويدۇم» دەپ جاھاننى بېشىغا كىيىشنىڭ ئۆزى كېسەللىكتۇر.

**ساغلاملىق پرىنسىپى - ئۆزىگە پايدىلىق بولغان بىر خىل ئۈمىدۋارلىق شۇنداقلا بىر تۈرلۈك ئەخلاق پرىنسىپىدۇر.** مەن «پازىللارنىڭ كۆڭلى دائىم شادىمان، پاسىقلارنىڭ كۆڭلىدە دەرد-پىغان» دېگەن يەكۈنگە قوشۇلىمەن. پەزىلەت ھەم پاراسەت ئۆسكەنسېرى ئۆزى ۋە ئۆزگىنىڭ جىسمانىي ھەم روھىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىشلارنىڭ ئىمكانىيىتى شۇنچە كۆپىيىپ، ئۆزى ۋە ئۆزگىگە زىيان سالىدىغان، ئۆزى ۋە ئۆزگىنى ئازابلايدىغان ئىشلار تەدرىجىي تۈگەيدۇ.

ساغلاملىق پرىنسىپى ئوخشاشلا پاراسەت پرىنسىپىدۇر. ئاقىللار دائىم تۈرلۈك مەسىلىگە ساغلام رەۋىشتە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى كۆرمىڭ. بۇ پرىنسىپلار ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن ھەم بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى پرىنسىپلار ھەقىقەتەن تولىمۇ ئاددىي ۋە ئادەتتىكىچە بولغىنى ئۈچۈن ھەيران قالغۇدەك يېرىمۇ يوق.



كەسكىن رىقابەت، تۈگىمەس جەبىر-كۈلپەت،ئۆچ-ئاداۋەتكە تولغان، كىشىلەر بىر-بىرنى ھۆل خىشقا دەسسەتمىسە كۆڭلى ئۇنمايدىغان بۇدۇنيادا مېنىڭ بۇ پرىنسىپىم قارىماققا ئۆچىغا چىققان لەقۋالىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، كىشىلەر بۇ ئەقەللىي پرىنسىپلارغا بەكمۇ موھتاج. چۈنكى ئۈمىد باشقا يەردە ئەمەس، دەل مۇشۇ پرىنسىپلاردا.

سۆزلەپ كەلسەك گەپ ئۇزۇن. ئەمەلىيەتتە مەن تەجرىبىگە، تۇرمۇشنىڭ ئىلھامى، شەيئىلەرنىڭ نىسپىيلىكى، نورمال ھالىتى، نورمال يوسۇن ۋە شۇ ھەقتىكى ئاددىي ساۋاتلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىمەن. ئەمما مەن ئىلىم ئۆگىنىشتىكى تەلەپچانلىق، توغرا دەلىللەش ۋە كەسكىن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردىن يەنىلا خام ۋە چولتا. شۇڭا بەزى قاراشلىرىمنى ئىلمىي پىكىر دېگەندىن كۆرە، كىشىلىك ھاياتتىكى ئاددىي ساۋاتلار دېگەن تۈزۈك.

قىسقىسى، كىشىلىك ھاياتنى، ئاددىي ساۋاتلارنى ئېتىراپ قىلساقلا، مۇھاكىمە قىلىش ۋە پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە نائىل بولالايمىز.

---

جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى 2007-يىل يانۋاردا نەشر قىلغان ۋاڭ مېڭنىڭ «جاھاندارچىلىق بەلەيەم»ناملىق كىتابىدىن ھەزرەتئەلى ئەخەت تەرجىمىسى.

تىلماچ: «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى (M1)



# ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئوۋچى دوستلىرى

ئابلەت ئابدۇللا

يىللار ئۆتكەنسېرى گۈزەللىكى ۋە دىلبەرلىكى ئالاھىدە تەبىئىي بولغان ئىلى دەرياسىنىڭ بۇ تەبىئىيلىكىلا ئەمەس، ئۇنىڭ بۆك - باراقسان، قويۇق ئورمان - جاڭگاللىرىدا ياشاپ كەلگەن ئادەملەرنىڭمۇ تەبىئىيلىكى ئۆزگىرىپ، جىگىرى سۇسلىشىپ، تەبىئەتتىن ياتلىشىپ كېتىشۋاتىدۇ. تېخى يېقىنقى يىللاردىلا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىلا ئەمەس، ھەتتا يىراق بېيجىڭدىن «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن بۇ يۇرتقا چۈشۈرۈلگەن ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئەپەندى چېغىدا خۇددى روسىيىنىڭ 19- ئەسىردىكى داڭلىق تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى ئى.س.تۇرگىنېفتەك مۇرىسىگە مىلتىق ئېسىپ، ماشكىسى (ئوۋ ئىتى)نى ئەگەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئوۋچى دوستلىرى بىلەن قولۋاق - لوتكا ھەيدەپ ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرگەندى.

## شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەن

بۇ دەريانىڭ ئەگرى - توقاي يېشىل ساھىللىرىدا، تارام - تارام بولۇپ بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقان ھەيۋەتلىك دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق تال - جىغانلار بىلەن چۈمكىلىپ ياتقان ئاراللاردا ھېلىمۇ بەلكى ۋاڭ مېڭ ئاتقان قوشئاتار مىلتىقنىڭ دات بېسىپ كەتكەن مېشەكلىرىنى ئۇچراتقىلى بولار. ماشكىسى «باپكا» نىڭ غىڭشىغان ئاۋازلىرىنى ئاشۇ دوڭغاق جىگدىلەرنىڭ يىلمىلىق پوستىنىڭ كەچكى شۇرلاشلىرىدىن تىڭشىغىلى بولار... قانداقلا بولمىسۇن ۋاڭ مېڭ ئاشۇ قورقۇنچلۇق، ئېغىر يىللاردىمۇ بۇ يەرلەردە ئوۋچىلىق قىلغانىدى. لېكىن ھازىر بۇ يەرلەردە تەبىئەت بىلەن قۇچاقلىشىپ، دالالاردا تۈنەپ، ئەركىن ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەن ئوۋچىلارنى قەتئىي ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. پەقەت دەريا قىرغاقلىرىدا ئاندا - ساندا ئۇزۇن خادىلىرىدىكى غالتەك يىپلىق قارماقلىرىنى سۇغا تاشلاپ ئولتۇرغان خىيالچان كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر ۋاڭ مېڭ ئەپەندى ئەمدى ئۆزى كۆرگەن ۋە سۆيگەن مۇشۇ ئىلى دەرياسى بويىغا يەنە بىر كەلسە، ئەينى

يىللاردىكىدەك پەيزى قىلىپ، ئۇۋ ئۇۋلاپ يۈرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ خۇشچاقچاق، ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق ئوۋخۇمار ئۇيغۇر دوستلىرى ئەمدى يوق. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرىدىغان، ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ مەدەت بېرىدىغان بۇ دوستلىرى تەبىئەتنىڭ ياتلاشقىنىغا نارازى بولۇشقاندەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇ دۇنيادىكى «ئىلى دەرياسى»بويىغا مەڭگۈلۈك ئوۋغا كېتىشتى.

ۋاڭ مېڭنىڭ بۇ ئوۋچى دوستلىرى ئىسمائىل مۇسايېف، ئابلىزغازى، ئەھمەتجان، تالىپ ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل مۇسايېف، ئەھمەتجان غۇلجا شەھرىدە؛ ئابلىز غازى بايانداي يېزىسىنىڭ 1- كەنتىگە يەرلىرى چېگرىداش بولغان خەنبىڭ يېزىسىنىڭ خەنبىڭ كەنتىدە، تالىپ ئوسمان بولسا، ۋاڭ مېڭ تۇرغان كەنتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى.



ۋاڭ مېڭنىڭ بۇ ئۇيغۇر ئوۋچى دوستلىرى ئىلىنىڭ ھەقىقىي ئەركەكلىرى، قارىغايدەك ئېسىل ئادەملىرى ئىدى. ئۇلار قىزىقچى، ئويۇن - چاقچاققا ئامراق، پاراڭچى ۋە ئوۋغا ئاجايىپ مەستانە ئادەملەر ئىدى. ئۇلارئاشۇ ئېغىر يىللاردا بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق تەتۈر قىسمەت - ئازابنى ئوۋ بىلەن - ئوۋلىغان ئۆردەك - قىرغاۋۇللىرى بىلەن ئۇنتۇپ، جاپا تارتقىنى، ھارغىنىغا قارىماي ئۆيلىرىگە يەنە خوشھال - خۇرام قايتىپ كېتىشەلەيتتى...

ئۇلار ھەقىقىي ئەركەكلەر ئىدى. ئۇلار 1945- يىلى ئاشۇ قار- شۇۋرغانلىق يانۋاردا - ئىلى مىللىي ئىنقىلابىدىكى ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان، دۈشمەننىڭ پوتەي - ئاكوپلىرىغا ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ ھۇجۇم قىلغان باتۇر جەڭچىلەر ئىدى. شۇڭا ئىسمائىل مۇسايېف، ئابلىز غازى ۋە ئەھمەتجان «ئاق باش» لار ئىلقىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى، ھەرەمباغ، جىلىڭ - شىخۇ سوقۇشلىرى ۋە باشقا ئۇرۇشلار توغرىسىدا، ئۇ ئۇرۇشلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلار توغرىسىدا كۆپ ھېكايىنى بىلىشەتتى ۋە سۆزلىشەتتى.

مانا مۇشۇ ئادەملەر ئاشۇ ئېغىر يىللاردا ۋاڭ مېڭنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتىپ، دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئاجايىپ رەڭمۇ رەڭ، رومانتىك ۋە كومېدىيىلىك، قىزىقارلىق سىرلىق ۋەقەلەرگە باي دۇنياسىغا باشلاپ كىرگەنىدى. بۇ ۋەقەلەر ۋاڭ مېڭغا نىسبەتەن ھاياتقا كۈچلۈك مۇھەببەت ئويغىتىپ، ياشاشقا ئۈمىد - زوق ۋە قەتئىي ئىرادە بەخش ئەتكەن. ئۇ، بۇ ئوۋچى دوستلىرى بىلەن بىللە بولغان، ئوۋغا چىققان چاغلىرىدا پۈتكۈل دۇنيانى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە بېجىڭدىن «ئەدىبە ئۆزگەرتىش»كە كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى.

ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى، ئىلىنى چۈشىنىشى، ياخشى كۆرۈشىدە ئۇلار بىلەن بىللە ئوۋچىلىق قىلىپ ئۆتكەن ئاشۇ ئاجايىپ شېرىن- ئۇنتۇلماس كۈنلەر ھەرقانداق بىر ئۆزگە مىللەت يازغۇچىسى مەڭگۈ مۇيەسسەر بولالمايدىغان پەۋقۇلئاددە، رومانتىك، گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. مانا شۇ ۋەجىدىن ۋە باشقا ئېسىل تەسىراتلار تۈپەيلىدىن ۋاڭ مېڭنىڭ «ئىلى» دېسە يۈرەكلىرى ئويناپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، پۈتۈن تەن - تېنى يايراپ، بىر شېرىن - مەستخۇش ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى.

ئەلنىڭ كۆڭلىدە ئابىدە بولۇپ ساقلىنىپ قالغان بۇ ھېكايىلارنى مەنمۇ تېخى يېقىندا ئاڭلىدىم. ئۇنى ماڭا ھېكايە قىلىپ بەرگەن كىشى ۋاڭ مېڭنى بىللە ئوۋغا ئەچىقىپ، ئوۋچىلىقنى ئۆگەتكەن مەرھۇم ئىسمائىل مۇسايېفنىڭ ئوغلى ئىسرائىل بولدى. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش ئۇزۇنتۇرا- ئېگىز بويلۇق كەلگەن، رەڭگى ئاق، ئات يۈزلۈك، قاڭشارلىق، يوغان قوي كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ، ۋاڭ مېڭ توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقىنىمنى بىرسىدىن ئاڭلاپ، ۋاڭ مېڭنىڭ دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بىللە ئوۋچىلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ ھېكايىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ماي ئىبىنىڭ چىرايلىق يەكشەنبىلىك

www.uyghurkitap.com

13- تېمىدا (2007- يىل) ئىسرائىل ئولتۇرۇشلۇق توغراق يېزىسىغا چىقتىم. توغراق — غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى يېزا ئىدى. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ- بۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۇنى تاشيول ياقىسىدا بىر دېهقان بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان يېرىدىن تاپتىم. ئۇ مېنى تاشيولنىڭ شىمالىدىكى تار بىر كوچىغا باشلاپ كىرىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغىراق بارغاندا، ياش كۆچەت ۋە دەرەخ شاخلىرى بىلەن دېرىزىلىرى توسۇلۇپ تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاتتى ۋە غەربكە قارىغان، كىچىك بىر ئېرىق سۇ ئالدىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بىغىررەڭ ئىككى قاناتلىق دەرۋازىنى شەرەت قىلىپ، ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. كىردۇق. هويلىدا — ئۆدۈلمىزدىلا شىمالغا قارىتىپ ئارتىلغان بىر ئۈزۈم بارىڭى كۆرۈندى. ئۈزۈم بارىڭى ئالدىدىكى ئۆيلەركونا بولۇپ، پەقەت ئاپئاق ئاقارتىلغاچقىلا كونىلىقىنى يېپىپ تۇراتتى. باراڭنىڭ ئارقىسى كىچىك كۆكتاتلىق ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا ئوڭ تەرەپتە يېڭى سېلىنغان قاتار خىش ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ تالا تەرەپتىكى دېرىزىلىرى بايا مەن كوچىدا كۆرگەن، دەرەخ شاخلىرى ئوراپ تۇرغان دېرىزىلەر ئىدى.

ئىسرائىل مېنى شەھەر پاسونىدا بېزەلگەن ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، تۆردىكى دىۋاندا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزىمۇ يېنىمدا ئولتۇردى.

— ۋاڭ مېڭ توغرىسىدا ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، رەھمەتلىك دادامنى ئويلاپ كەتتىم. دادام رەھمەتلىك ئاجايىپ ئۇۋۇخۇمار ئادەم ئىدى. ۋاڭ مېڭنىمۇ ئۇۋۇچىلىققا شۇ دادام قىزىقتۇرغان، — ئىسرائىل مېنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ هېكايىسىنى شۇنداق باشلىدى، — ۋاڭ مېڭغا ئۇۋۇچىلىقنى ئۆگەتكەن يەنە ئەھمەتكام، ئابلىزكام، داۋۇدجاڭ تالىپكاممۇ بار ئىدى. ئۇلار ۋاڭ مېڭغا قانداق ئوۋ ئوۋلاشنى، لوتكا قولۋاق (رېزىنكىدىن ياسالغان قولۋاق)نى قانداق هەيدەشنى؛ ئوۋ ماشكىسىنىڭ ئاۋاز - هەرىكەت، ئىما - ئىشارەتلىرىنىڭ سىرىنى؛ كېچىسى سۇ ۋە يەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈشنى؛ بېلىق ۋە بۆدۈنە تۇتۇشنى؛ هەتتا سۇ ئۈزۈشنىمۇ ئۆگەتكەنىدى. ئۇلارنى سىزگە بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرەي:

دادام رەھمەتلىك ماڭا ئوخشايدۇ، مەن نەق دادامنى تارتقانىكەنمەن. دادامۇ ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق، قويۇ كۆزلۈك، قاملاشقان، خۇشخۇي، قىزىقچى ئادەم ئىدى. ئۇ 1955- يىلى هەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ غۇلجا شەھەر «دوستلۇق» كىيىم تىكىش كارخانىسىنىڭ، كېيىنرەك غۇلجا شەھەر قول سانائەت كارخانىسىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. 1985- يىلى سۈيدۈڭدىن پىكاپ بىلەن غۇلجىغا قايتىشىدا قاتناش هادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى.

دادام 1968- يىلى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ناھەق دېلولارنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ باياندىاي يېزىسىغا چۈشكەنىدى. ئۇ، ۋاڭ مېڭ تۇرغان 1- كەنتتە نۆۋەتتە تۇرۇپ، ۋاڭ مېڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغان ۋە كېيىنرەك ئەل - ئاغىنە بولۇشۇپ، بىللە ئۇۋۇچىلىق قىلىپ يۈرۈشكەنىدى.

ۋاڭ مېڭ تۇرغان 1- كەنتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تالىپكاممۇ تازا ئۇۋۇخۇمار ئادەم ئىدى. بۇلار تازا تېپىشقان. تالىپكامغا ئۇۋۇخۇمارى ئاتىسىدىن قالغان. ئۇنىڭ ئاتىسىنى «ئوسمان مويلاۋ» دېيىشەتتى. ئوسمان مويلاۋ ئېگىز، گەۋدىلىك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭ، چېقىر كۆز، دۇگىلەك يۈزلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قاپقارا، قويۇق، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى خۇددى تاراس بولبا[1] نىڭ بۇرۇتلىرىدەك جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۇۋۇچىلىققا شۇ قەدەر ئاشىق - شەيدا ئىدىكى، ئۇنىڭ هويلىسىدىن خىلمۇ خىل ئوۋ قۇشى، تايغان - ماشكا زادىلا ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ ئىككى موچە كېلىدىغان يوغان قورۇسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقنىڭ ئۈستىنى تال - چىتەنلەر بىلەن يېپىپ، ئۇنىڭغا ئايرىم - ئايرىم قەپەس ياساپ، قارچىغا، بۈركۈت، لاچىن، قۇرغۇي ۋە تايغان - ماشكىلارنى باقاتتى. هەر يىلى ئۇنىڭ باققان تايغانلىرى ئوندىن كەم بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئوۋ قۇشلىرى توغرىسىدا كىشىلەر قىزىق هېكايىلارنى ئېيتىپ يۈرۈشەتتى:

ئوسمان مويلاۋ بىر كۈنى يورغا ئېتىنى مىنىپ، قارچىغىسىنى قولىغا قوندۇرۇپ، تۇمىقىنى قىرلاپ، غۇلجىنىڭ «خەنزۇ بازىرى»دىكى لەڭزەبېيشى دېگەن يەرگە بېرىپتۇ. بۇ يەردە هەرخىل قۇش، ئىت، تايغان - ماشكا هەتتا ئۇۋۇچىلىققا ئىشلىتىدىغان قاپقان - قىلتاقمۇ سېتىلاتتىكەن. ئوسمان مويلاۋ بۈركۈت، قۇرغۇي، لاچىنغا ئوخشاش ئوۋ قۇشلىرىنى سودا قىلىۋاتقانلارنى ئارىلاپ، قارچىغىسىنى بازارغا سېپتۇ، ئەمما هېچكىم ئۇنىڭ بۇ قارچىغىسىغا تۈزۈكرەك باها قويماي، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەپتۇ. بىر چاغدا بىرەيلەن ئۇنىڭ قارچىغىسىنى كۆرۈپ:

—قارچىغاڭنىڭ قانىتى بەشكە چىقىپ، تازا تۆلەندى بوپتۇ - دە، ئاكا، راسا ئوۋغا سالىدىغان ۋاقتىكەن، — دېگەنىكەن، ئوسمان مويلاۋ خۇشھال بوپكېتىپ:

— قارچىغا تونۇيدىكەنسەن جۇمۇ. قارچىغىنى بىلىدىغان ئادەم ئوينىسا بولىدۇ. راست دەيسەن، بىلىۋالدىڭ، بۇ قارچىغا تازا تۆلەندى بولدى. ئالە ئاغىنە، ساڭا بەردىم بۇنى، ئويناپ قال!...— دەپ قارچىغىسىنى هېلىقى ئادەمگە بىكارغا بېرىۋېتىپ كەتكەنىكەن.

تالىپ دادۇيجاڭ مانا مۇشۇ ئوسمان مويلاۋنىڭ ئوغلى ئىدى. ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆزى مىلتىقى بولمىغاچقا كۆپ ۋاقىتتا مانا مۇشۇ تالىپكامنىڭ مىلتىقىنى ئىشلىتەتتى.

ئەھمەتكام بولسا ئېگىز بويلۇق، ئورۇق قاراق كەلگەن، چېقىر، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ئاق باش ئادەم ئىدى. ئۇنى «ئەھمەت ئاق باش» دەپ ئاتىشاتتى. ئەمما ھەقىقىي لەقىمى «كەپتەر» ئىدى. ئۇ غۇلجا شەھەر ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا ئىشلەيتتى. ئۆزى قىزىقچى ۋە سېھىرگەرچى ئادەم ئىدى. ئۇ ئىلى مىللىي ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 1950 - يىلىدىن كېيىن ھەربىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سېھىرگەرچىسى بولغان، كۆپ ۋاقتى ئىچكىرى جۇڭگودا ئۆتكەن، بېيجىڭدا سېھىر ئۆگەنگەن، خەنزۇچە خەت ۋە سۆزگىمۇ ئۇستا ئىدى. تېخى چاقچىلە ئوينايدىغان بولسا ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. سازنىمۇ ياخشى چالاتتى، ناخشىنىمۇ قالتىس ئېيتاتتى. ئۇ بار يەردە ئادەم زېرىكمەيتتى. ئۇ سېھىرگەرلىك قىلىپ، «قەغەز كېسىپ لەغمەن ياساپ» ۋاڭ مېڭ ۋە باشقىلارنى قىزىقتۇرۇپ، ئېزىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئۇ، «يىڭنىنى يەپ ئاغزىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ چىقىرىش»، «تۇخۇمدىن چۈجە چىقىرىش»، «ياغلىقنى ئۇلاپ قورۇق ۋازىغا گۈل تېزىش»، «ئادەم بېشىنى ئالماشتۇرۇش»... قاتارلىق سېھىرگەرلىك ئويۇنلىرىنى ئويناشقا ئۇستا ئىدى.

ئەمدى ئابلىزكامغا كەلسەك، ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، تەمبەل، كېلىشكەن، قىزىلىيۈزلۈك كەلگەن ئادەم ئىدى. ئىلى مىللىي ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەرەمباغدىكى قانلىق جەڭلەرنىڭ شاھىتى بولغان ئابلىز غازى كېيىن سوۋېت تېخنىكلىرىدىن ھەربىي ئەسلىھەلەر تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەنىدى ۋە بىر مەزگىل ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىگەنىدى. ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن غۇلجا شەھەر رادىئو ئۇزېلىغا ئورۇنلاشقان، كېيىن غۇلجا شەھەر خەنبىڭ يېزىسىنىڭ خەنبىڭ كەنتىگە چۈشۈرۈلۈپ، كەنتنىڭ تېخنىكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان، دىزېل ماتور ياساپ، ئۆستەڭ سۈيىدىن توك چىقىرىپ كەنتنىڭ ئۇن، ماي تۈگمەنلىرىنى ماتورلاشتۇرغانىدى. خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھازىرقى ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ، ئاخىرى ئۇ يەردىن دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەنىدى.

تەنرىبىۋسلۇق ئەسلىمە :

مەن غۇلجا خەلق رادىئو ئۇزېلى (كېيىنكى ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسى)غا يېڭى كەلگەن 1983 - يىلى ئابلىز غازى بىلەن تونۇشقانىدىم. ئۇ، كىشىگە يېقىشلىق، مۇلايىم، كەمتەر، خۇشچىراي ئادەم ئىدى. ئۆزگىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ياردەمچى، مىجەزى ئېسىل، ئەڭ مۇھىمى كىشىگە پايدىسى تېگىدىغان ئادەم ئىدى.

ياز كۈنلىرى ئۇ ئىدارىمىزدىكى كۆڭۈل يېقىنلارنى يىلى - يىلى ئۆيىگە، دەريا بويىغا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. بىز ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقىپ، دەريادا سۇ كېچىپ، بېلىق تۇتۇپ ئويناپ كېلەتتۇق.

ئابلىز غازى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، فەرزەنتلىرىنىڭ جۇدالىقى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتتىمۇ، قانداق بولدى، ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، ياخشى بولالماي 2005 - يىلى بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئويلىسام، ئىختىيارسىز كۆزلىرىم ياشلىنىدۇ. ھەي ي، قانداق ياخشى ئادەم ئىدى ئۇ-ھە!... مۇنداق ئادەملەر ھازىر تۇتىيا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ... مەن يىل - يىل ئۇنىڭ بىلەن قورغاس جېگرا ئېغىزىدا ئىككىمىزنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىنى قاراپ سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ قالىمەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە: ئۇ مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ھەرەمباغ ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ كېلىشكە بىر قانچە قېتىم تەكلىپ قىلغانىدى. ئەمما مەن چىقالمىدىم. ئۇنىڭ قان كېچىپ مىلتىق ئېتىپ، قەھرىمان سوغۇقتا ئاق قار، كۆك مۇزدا يېتىپ، ئۆمىلەپ، يۈگۈرۈپ دۈشمەن ئاكوپلىرىغا ھۇجۇم قىلغان چاغدىكى ھېسسىيات، كەچۈرمىشلىرىنى خاتىرىلەپ ئالالمىدىم. ئېسىت...!

ئابلىز غازى بۆدۆنە تۇتۇشقا ئامراق ھەم ئۇستا ئىدى. ۋاڭ مېڭغا بۆدۆنە تۇتۇشنى ئۆگەتكەن ئادەم ئاشۇ ئابلىز غازى ئىدى. ۋاڭ مېڭ ئابلىز غازى بىلەن بىرقانچە قېتىم بۆدۆنە تۇتۇشقا چىقىپ، بۇنىڭغا خۇمار بوپقالدى. چۈنكى بۆدۆنە تۇتۇش ناھايىتى قىزىقارلىق ئويۇن ئىدى. ئادەمدەك يامان، ھېيلىگەر نېمە بۇ دۇنيادا بارمۇ؟ مانا قاراڭ، بۆدۆنىلەر تازا كۆيلىگەن ياز ئايلىرىدا ئابلىز غازى بوغدايلىق ياكى بېدە - چۆپلۈكلەرگە تور ياياتتى - دە، چوكچۇك ئۇراتتى، بۆدۆنىنى ئالدايتتى... بۆدۆنىنى بەزىلەر قۇرغۇي، ماشكىلار بىلەنمۇ تۇتىشاتتى.

ئۇۋچى بوغدايلىققا تورنى يېيىپ، تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى مۆكۈنۈپ تۇرۇپ چىشى بۆدۆنىنىڭ ئاۋازىدا چوكچۇك ئۇراتتى. چىشى «بۆدۆنە» نىڭ بۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەركەك بۆدۆنە مەست بولۇپ، نە - نەدىن ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. ئەركەك بۆدۆنە بوغدايلىق ئىچىدە ماڭغاندا، بوغداي باشلىرى يېنىك چايقىلاتتى. ئۇۋچى ئاشۇ بەلگىلەرگە قاراپ بۆدۆنىنىڭ تور ئىچىگە كىرگەن ياكى كىرمىگەنلىكىنى پەملىۋالاتتى - دە، كىرگەن بولسا شۇ ھامان ئۇنى ئۈركىتەتتى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن قورقۇپ، چۆچۈپ كەتكەن ئەركەك بۆدۆنە ئىسەنگىرەپ، پۇررىدە ئۇچاتتى. بۆدۆنە ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن دەررۇلا تورغا ئىلىشاتتى. قۇرغۇي ئېلىپ چىققانلار بولسا، ماشكىسى بۆدۆنىنى ئۈچۈرتقان ھامان قۇرغۇيىنى قويۇۋېتەتتى. قۇرغۇي ھايالدىمايلا بۆدۆنىنى ئالاتتى.

ئۇلار ئەركەك بۆدۆنىنى ئالدايدىغان چوكچۇكنى مۇنداق ياساشاتتى: بىر پارچە قوزا تېرىسىنىڭ تۈكىنى ئىچىگە كەلتۈرۈپ، مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتا خالتا ياساشاتتى. بۇ خالتىنىڭ ئالدى كەڭ، كەينى تار بولۇپ، باش تەرىپىگە مومنى چىڭداپ قېقىۋېتەتتى. تار تەرىپىگە غاز پەيلىرىنى سېلىپ،

ئوتتۇرىغا ئات قىلىنى سىلىشاتتى. ئاندىن خالتىنىڭ مۇۋاپىق بىر يېرىدىن خۇددى نەينىڭ تۆشۈكىگە ئوخشاش تۆشۈك ئېچىلاتتى. ئاۋاز مانا مۇشۇ تۆشۈكتىن چىقاتتى. ئات قىلى خۇددى پورشېنغا ئوخشاش خالتا سىرتىدىن ئۇرغاندا بېسىلىپ، يەنە ئەسلىگە قايتاتتى. ئۇۋۇچىلار ئات قىلىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ خالتا سىرتىدىن مەلۇم ئۇدارغا كەلتۈرۈپ چىشى بۆدۈنىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىشاتتى. ئەگەر ئۇدار توغرا بولماي، ئاۋاز چىشى بۆدۈنىنىڭ ئاۋازىدەك چىقمىسا ئەركەك بۆدۈنە كەلمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇۋۇچى چوقۇم چۈكچۈك ئۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئابلىز غازى چۈكچۈك ئۇرۇشقا ئۇستا ئىدى. بىر كۈنى ۋاڭ مىڭ ئىككىسى بۆدۈنە ئوۋلاش ئۈچۈن قىزىقچىلىقتا باشقا كەنتنىڭ يېرىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ئۇلار ئۆيلىمىغان يەردىن پالاكەتكە يولۇققىلى تاسلا قالدى. ھېلىمۇ ۋاڭ مىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، ئالدىغا كېپقالغان بۇ «توغرا بالا-قازا» دىن قۇتۇلۇپ كېتىشتى.

ئۇلار شۇ كۈنى بۆدۈنىنىڭ قوشنا كەنت يېرىدە سايراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە ئۇن قوغلاپ كېلىشكەنىدى. ئابلىز غازى بۆدۈنىنىڭ بۇغدايلىق ئىچىگە كىرىۋالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇ يەرگە تور يايدى ۋە ۋاڭ مىڭ ئىككىسى بۇغدايلىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇشتى. ئابلىز غازى ۋاڭ مىڭغا دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ، چۈكچۈك ئۇرۇشقا باشلىدى. چۈكچۈك ئۇرۇلغاندا مىدىر - سىدىر قىلىشقا بولمايتتى. مۇنداق ۋاقىتتا قەيەردىندۇر پاشا، ھەرىلەر ئۇچۇپ كېلىپ، قىرىشقاندەك غوڭۇلداپ چېقىشقا ئۇرۇناتتى. پاقىلار سەكرەپ - سەكرەپ سەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىشاتتى. تېخى بەزىدە چايان، ھەتتا يىلانلارمۇ پەيدا بوپقالاتتى. شۇنداقتىمۇ مىدىرلىماسلىق، كېلىۋاتقان بۆدۈنىگە سەزدۇرمەسلىك كېرەك ئىدى. ئابلىز غازىغا ئوخشاش ئۇستا ئۇۋۇچىلارغا يىلانلارنىڭ كارى چاغلىق ئىدى، ئۇلار يىلاننىڭ بېشىدىنلا تۇتۇۋالايتتى.

ۋاڭ مىڭ بۆدۈنىنىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ بېشىنى بۇغدايلىقتىن كۆتۈرۈۋالاتتى. ئۇ، بۇغداي باشلىرىنىڭ مىدىرلىغىنىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، بۆدۈنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى. مۇنداق چاغدا ئابلىز غازى ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى. تەقەززا بوپكەتكەن ۋاڭ مىڭ بېشىنى يەنە ئاستا كۆتۈرۈۋېدى، بۇغداي باشلىرىنىڭ يېقىنلا يەردە مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ھاياجانلىنىپ ئابلىز غازىغا:

— كەلدى، كەلدى! — دەپ پىچىرلىدى.

بۆدۈنە تور تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بىراق، نەق شۇ ئىنچىكە چاغدا يىراقتىن بىرسىنىڭ:

— ھاي، قايسىڭ، بۇغدايلىقتا يۈرگەن قايسىڭ، چىقىشە! — دېگەن غەزەپلىك ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن بۆدۈنە تورغا كىرمەيلا پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. قاتتىق رەنجىگەن ئابلىز غازى ۋە ۋاڭ مىڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، قوپال-تەقى تۇرقى ئۇستىخانلىق بىر ئادەمنى كۆرۈشتى. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئېلاخۇن دېگەن دېھقان ئىدى.

— ئاپلا! — دېدى ئابلىز غازى ۋاڭ مىڭغا پىچىرلاپ، — «توخو پوقى» غا ئۇچراپ قالدۇق. يامان بولدى...

ۋاڭ مىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەيران بولۇپ ئابلىز غازىغا تىكىلدى. ئۇ، بۇ ئېغىر - بېسىق، ئاق كۆڭۈل ئادەمگە ئارىلىشىپ، بىللە يۈرگەن خېلى زامانلاردىن تارتىپ مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان مۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بۈگۈن بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟!... «توخو پوقى» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ ھاقارەتلىك تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ۋاڭ مىڭ ئابلىز غازىدىن: «ئۇ دېھقاننى نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق ھاقارەتلەيسىز؟» دەپ سورىغىچە ئېلاخۇن ۋارقىراپ، قوللىرىنى شىلتىپ ئۇلارنى بېشىغا كىيدى:

— ھەي ھارام تاماق يۈزى قوڭلار! بۇغداينى ياتقۇزۇۋېتىشىپسەنغۇ، — ئۇ، بۇغدايلىق ئارىسىدا ئاندا - ساندا يېتىپ قالغان بوغداي باشلىرىنى تۆزىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ كەلدى - دە، سالام- سەھەتمۇ قىلماي يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— نېمىدەپ بۇغدايلىققا كىرىشىسەن؟! ھە، سۆزلەش، ماۋۇ مەيداننى تۆلەش، نەچچە مو يەرنىڭ بۇغدىيى يېتىپ كېتىپتۇ. (ئەمەلىيەتتە، ئۇلار چۈكچۈك ئۇرغاندا ئەتراپتىكى ئازراق بوغداي يېتىپ قالغانىدى) بۇغداينى تۆلىمەي كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلىشما!

ۋاڭ مىڭ ئېلاخۇننىڭ ئەلپازىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقتىن يۈز تېرىلىرى چىڭقىلىپ، كۆزلىرى غەزەپلىك ئوت چاچاتتى. ۋاڭ مىڭ ئادەملەرنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئەقلىدىن ئازىدىغانلىقى، بەزىدە كىچىك ئىشتىن چوڭ خاپىلىق چىقىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئېلاخۇنغا گۇناھكاردەك چۆچۈپ قاراپ قويدى. ئابلىز غازىمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدى. ئېلاخۇن يەنىلا سۆزلەۋاتاتتى:

— ئىككىڭ مېنى بىلىشەمسەن، مەن كىم؟ مەن مۇشۇ گوڭشېدىن چىققان توخو پوقى، ھە، قانداق؟ قېنى ئەمدى مەندىن قۇتۇلۇپ بېقىشە!...

ۋاڭ مىڭ ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بۇ ھاقارەتلىك تىلنى ئاڭلاپ، ھەيران بولغىنىدىن: «بۇ قانداق ئادەمدۇ؟!...» دېگىنىدەك ئۇنىڭغا قاراپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئابلىز غازى

بولسا، ئۇنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ كەمگىچە بوغدايلىقتا مال ـ چارۋىسى كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە بىرەرسىنىڭمۇ جەرىمانە تۆلىمەي قۇتۇلغىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. بىرەرسىنىڭ كالا ـ توپاق، قوي ـ ئۆچكىلىرى بوغدايلىققا كىرىپ قالغان بولسا، شۇ كۈنى پىتلىق بۇ سۇر بويتاقنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانغا تازا پۇرسەت كېلەتتى. كەنت ئامبىرىغا سولاپ قويۇلغان بۇ ماللار ئىگىسى كېلىپ، جەرىمانە تۆلەپ ئېلىپ كەتمىگىچە ئاچلىقتىن مۆرەپ ـ مىرەپ توختىمايتتى...

— خاپا بولما ئېلاخۇن، — دېدى ئاخىرى ئابلىز غازى ئېلاخۇنغا قاراپ يالۋۇرغان قىياپەتتە، — بۆدۈنىنىڭ قىزىقچىلىقىدا...

— كىچىك بالىمۇ سىلەر بۆدۈنە قوغلايدىغان. ئۆزۈڭلار قاراپ بېقىڭلار، ياتقان بوغدايلار پاڭ بولۇپ سېسىپ كەتسە قانداق بولغىنى!؟ ماۋۇ ئاتباش كىم ئۆزى؟ — ئېلاخۇن ئابلىز غازىدىن بېشىنى بۇراپ، ۋاڭ مىڭغا ھومىيىپ تىكىلدى.

ۋاڭ مىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلۈپ كەتتى. «ماۋۇ ئۇيغۇرنىڭ يامانلىقىنى قارا ـ ھە، مېنى تازا ئوخشىتىۋاتىدۇ. بۇ، راست، يۈزۈم ئاتىنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ، ئۇيغۇرلار بۇنى سەت چىراي دەيدۇ...» ۋاڭ مىڭ ئۆزىگە سۆزلەش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى پەملەپ، ئابلىز غازىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئېلاخۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ (ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ 16 يىل ئىلى دا تۇرغان يىللىرىدا ئۇيغۇرچىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن، ئۇيغۇر تىلىغا كامىل زات ئىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلىشاتتى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن):

— مېنى تونۇمامسىز؟ تونۇپ قويۇڭ: سىز گۆڭشېدىن چىققان توخۇ پوقى بولسىڭىز، مەن بېيجىڭدىن چىققان توخۇ پوقى!... سىز چوڭمۇ، مەن چوڭمۇ؟ سىز يامانمۇ، مەن يامانمۇ!؟... — دەپ چاقچاق قىلىۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان ئابلىز غازىمۇ، ئېلاخۇن «توخۇ پوقى» مۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۇۋچىلىقتا ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق ئىشلار پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى.

ۋاڭ مېڭنىڭ بۇ ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرى ئۇنىڭغا بۆدۈنە تۇتۇشنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي ئۇۋچىلىقنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇۋچىلىق — ئاجايىپ قىزىقارلىق، ئادەم ئۆز خۇدىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن بېرىلىپ كېتىدىغان خۇمارلىق ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئەمما جاپاسى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كۆڭۈللۈك ئويۇن ئىدى. شۇڭا كونىلار: «ئاڭچى[2] ئاتنى يىگىچە ئۆز گۆشىنى يەيدۇ» دېيىشكەنىدى. ۋاڭ مېڭدا ھەر نەرسىنى ئۆگىنىشكە دەيدىغان ئېسىل مىجەز بولغاچقا، ئۇ ئۇۋچىلىقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىنمۇ قورقمىدى. ئەگەر ۋاڭ مېڭدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئۇ جەزمەن بۇ ئۇۋ مۇشەققەتلىرىگە چىدىمىغان، ئۇۋنىڭ ئورنىغا ئۆيىدە راھەتلىنىپ ياتقان ياكى كىتاب ئوقۇغان بولاتتى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، باشقىلار ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بۇ ئىشلار ۋاڭ مېڭغا نىسبەتەن جۇڭگونىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق ئاجايىپ سىرلىق، قىزىقارلىق تۇرمۇش دەرسى بولدى.

ئىسمائىل مۇسايېفنىڭ ئۇۋچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ھەممە نەرسىسى تەل ئىدى. قوشئاتار مىلتىقى، رېزىنكە لوتكىسى، ھەتتا سۇغا چۈشكەندە كىيىدىغان ئۇزۇن، كېلەڭسىز رېزىنكە كىيىملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ قوشئاتارنى مۇرىسىگە ئاسقان زامات تۆشى ئاق، ئۇزۇن قۇلاقلىرى يەرگە تەگكىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان يۇڭلۇق، سارغۇچ ماشكىسى قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئەركىلەپ، يانپاشلىرىنى پۇراپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشەتتى. ۋاڭ مېڭدىن باشقىلارنىڭمۇ ئۇۋ مىلتىقلىرى، ماشكىلىرى بار ئىدى. ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇۋ مىلتىقى ياكى ماشكىسى بولمىغاچقا، ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرىغا ئەگىشىپ ئۇۋچىلىقنى كۆزىتىپ، ئۆگىنىپ يۈردى. ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرى كېيىنرەك ئۇنىڭغا مىلتىق تۇتۇشنى، ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويدى: «قېنى ئەمدى ئۆردەك ئاتقىن!...» دېسە، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن: «مەن كۆتەك ئېتىپ ئۆگىنەي!» دەيتتى ۋە تالپىنىپ مىلتىقنى ئېلىپ يىراق يەرگە بېرىپ، دەريا قىرغاقلىرىدا سۇ يالاپ ئېچىۋەتكەن يىلتىزلارنى، دەرەخ كۆتەكلىرىنى ئېتىپ ئۆگەنگەنىدى. بارا ـ بارا ئۇ ئۇۋچىلىقنى رەسمىي ئۆگىنىپ، ئۆردەك ھەتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىرغاۋۇللارنىمۇ ئاتالايدىغان بولدى. ئۇ، ئۇۋچىلىقتا شۇقەدەر مەستانە بوپكەتتىكى، ھەتتا ئۆزى غۇلجا شەھىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەلكە ئېغىزىنىڭ بويىغا جايلاشقان لوسگوڭ يېزىسىدىن بىر ماشكا كۈچىكىنى ئېلىپ كەلدى ۋە شىبەدىن ئالغان بۇ كۈچۈككە «باپكا» دەپ ئىسىم قويدى.

ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرى كىشلەرگە داۋراڭ قىلمايلا ئۇۋغا چىقىشاتتى. ئۇلار ئىلى دەرياسى بويىدىكى قويۇق توقاي ـ چاتقاللار ئارىسىدا توشقان، قىرغاۋۇل ۋە ئۆردەكلەرنى ئۇۋلىشاتتى. دەرياغا قارماق تاشلاپ بېلىق تۇتۇشاتتى؛ دەريانىڭ ئاستا ئاقىدىغان يەرلىرىگە تەتۈر سېۋەت قويۇپ قويۇشاتتى. ۋاڭ مېڭ كۆپرەك بۇ قارماق ۋە تەتۈر سېۋەتلەرگە كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ئۇ، قارماققا ئىلىنغان بىرەر بېلىقنى تارتىپ چىقارغاندا ياكى تەتۈر سېۋەتكە بېلىق چۈشكەندە ھاياجانلىنىپ ۋارقىراپ كېتەتتى.

ناماز شام مەزگىلى بولغاندا ئۇۋچىلارنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى شاللىقلارغا دانلىغىلى كەلگەن ئۆردەكلەردە بولاتتى. ئۆدەكلەر بۇ دەريا بويىغا ئەتراپتىكى شاللار ئورۇلۇپ بولغاندا

www.uyghurkitap.com

توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىشەتتى. ئۇۋچىلار كەچكى بۇ ۋاقىتنى «پىرلوت ۋاقتى» دېيىشەتتى. ئۇلار بۇ چاغدا پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنتۇپ ئۆردەك ئۇۋلاشنىڭ پېيىدە بولاتتى. مىلتىقلىرىنى تازىلايتتى، مېشەك - ئوقلىرىنى راسلايتتى. يوشۇرۇنىدىغان جايلارنى بەلگىلەيتتى... ئۇلار مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ «پىرلوت»قاماڭغاندا، خۇددى جەڭگە ئاتلانغان جەڭچىلەردەك ئۈن - تىنسىز، شەپە چىقارماي مېڭىشاتتى. ماشكىلىرىمۇ بۇ چاغدا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ شىلدىرلىشىنى كۆزىتىپ ئىگىسىگە ماسلىشاتتى. بۇ ئالاھىدە «ساقچى قوشۇن» نىڭ كۆز ئالدىدا ئۆردەكتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

قاراڭغۇدا سۇ يۈزى يولدەك كۆرۈنەتتى. ئارقىدا كېلىۋاتقان ۋاڭ مېڭ بۇ «سىر» نى بىلمىگەنلىكتىن بىرنەچچە قېتىم پالاقلاپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، ئۆردەكلەرنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خۇشاللىق بىلەن سۇدىن چىقىپ ئۇۋچى دوستلىرىغا چاقچاق قىلاتتى. مۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلارمۇ قىزىقچىلىق بىلەن ئۇنىڭغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشاتتى.



قوش ئاتار مىلتىق ئېتىلغاندا، چاچراپ چىققان چاچما ئوقلاردىن بىر ياكى بىرنەچچە ئۆردەك پالاقلاپ سۇغا چۈشەتتى. بۇ چاغدا ئۇۋچىلارنىڭ چىراي، سۆز ۋە كۈلكىسىگە خۇشاللىق، تەنتەنە تېپىپ چىقاتتى. ئۇۋچى ماشكىسىغا شەرەت قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ: «ئوق تەگكەن ئۆردەكلەرنى ئېلىپ چىق!» دېگىنى ئىدى. ماشكا بۇ ئىشارەتنى دەررۇ چۈشىنىپ، ئۆزىنى سۇغا ئاتاتتى. ئۆگىتىلگەن بۇ ماشكىلار شۇ قەدەر ئەقىللىق ئىدىكى، ھەتتا سۇدا شۇرەل ئېقىپ تۇرغان مەزگىللەردىمۇ ئىگىسىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھېچبىر تىرەجەپ تۇرماي سۇغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇۋنى ئېلىپ چىقاتتى.

ئۇۋچىمۇ ماشكىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئۇۋ ئەھۋالىنى سېزىپ تۇراتتى. ماشكىسى ئۇۋغا ماڭغاندا قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ماڭاتتى. ئۇ بەزىدە قۇلىقى بىلەن ئۇۋدىن بەلگە بېرەتتى: يا قۇلىقىنى يېپىۋالاتتى، يا ئوينىتاتتى؛ ئۇۋنىڭ پۇرىقىنى ئېنىق ئالغاندا بولسا قۇلاقلىرى ۋە قۇيرۇقىنى تىك تۇتۇپ، مېڭىشىنى ئاستىلىتاتتى. مۇبادا، ئىگىسى ماشكىسىدىن يىراقراق يەردە قالغان بولسا، ئۇ ئۆز مېڭىشىنى ئاستىلىتىپ ياكى يېتىۋېلىپ ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇۋچى قول ئىشارىتى قىلغاندا ماشكا بىرلا سەكرەپ ئۇۋنى باساتتى. ئەگەر ئۇۋ تاسادىپىي ئۇچۇپ كەتسە، مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىشقا تەييار بولۇپ تۇرغان ئۇۋچى بۇ چاغدا ئۇۋ (ئۆردەك ياكى قىرغاۋۇل)نى دەررۇ نىشانغا ئېلىپ ئاتاتتى.

ئۆردەك ئۇۋلىغان ۋاقىتلاردا بولسا، سۇغا چۈشكەن يارىدار ئۆردەكلەر بىلەن ماشكا ئوتتۇرىسىدا بىر قەپەس قىزىق جەڭ بولاتتى. يارىلانغان ئۆردەك جان ئېچىقىپ، ماشكىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايتتى. ماشكا يېقىن كەلگەندە باش چۆكۈرۈپ سۇغا كىرىۋېلىپ ماشكىنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايتتى. ماشكا ئۇنى ئۇياقتا قوغلاپ، بۇياقتا قوغلاپ تۇتالماي، ئۆزىنىڭ چامى يەتمىگەندە ئۆردەكنى ئۇۋچى تەرەپكە قوغلاپ ھەيدەيتتى. شۇنداق قىلىپ چالا تەگكەن ئوقتا يارىلانغان بۇ بىچارە ئۆردەك ئىككى رەھىمسىز ئۇۋچىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايتتى.

ئۆردەكلەر تۇخۇم باسقان مەزگىللەردە ماشكىلارنىڭ ئۇلارنى پۇراپ، ئىزدەپ تۇتۇشلىرىمۇ قىزىق بولاتتى: ماشكىلار قويۇق جىغانلار ئارىسىدا بىرەر تۆشۈك ئۇچراپ، ئۇنىڭ نېرىسىدا قويۇق چاڭگا (ئۇۋا) كۆرۈنگەن بولسا، بۇ يەر ئۆردەكلەرنىڭ ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاتتى ۋە جىغانلار ئارىسىدا تىۋىش چىقارماي، پۇراپ، ئۆمىلەپ ئاشۇ ئۇۋىنى تېپىۋالاتتى - دە، تۇخۇم بېسىپ ياتقان ئۆردەكنى چىشلەپ ئېلىپ كېلەتتى. ماشكىنىڭ تېخىمۇ ئەقىللىق ھەم قىزىقلىقىنى قاراڭ: ئۇ ئۇۋىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان ئۆردەكنى چىشلەپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئۇۋىغا ئاستا بېرىپ، ئۆردەكنىڭ بارماقتەك چوڭلۇقتىكى تۇخۇملىرىنى ئاغزىغا سېلىپ، سۇندۇرماي ئېلىپ كېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇراتتى.

ماشكا ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان، مەسىلەن، جەرەن، ئىلىك قاتارلىق ھايۋانلارنى توقايلىقلاردا ئۇچرىتىپ قالسا، ئىگىسىگە خەۋەر بېرەتتى. ماشكا مۇنداق ۋاقىتلاردا ھەرگىز ھاۋشىمايتتى، ھەتتا بىرەر يېرىنى جىغانلار تىلىپ قانىتىۋەتكەن ھالەتتىمۇ ئۈن چىقارماي، بېشى بىلەن ئىگىسىگە شەرەت قىلاتتى. ئىگىسىمۇ مۇنداق ھالقىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇۋنى نىشانلايتتى. بۇ چاغدا ماشكا ئىگىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى. ئەگەر ئوق ئېتىلغاندا

جەرەن يارىلانغان بولسا، ئىگىسىمۇ، ماشىنىمۇ جىم يېتىۋالاتتى. بىر ئاز ئۆتۈپ جەرەن قانسىراپ، بىر يەرلەردە يىقىلغاندا ماشىنا ئىز قوغلاپ كېتەتتى. ئۇ پۇراپ يۈرۈپ، قان ئىزى بىلەن ئۇنىڭ بار جايىنى تاپقاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئىگىسىگە خەۋەر بېرەتتى. ئۇۋچى قانسىراپ كەتكەن ياربىدار جەرەننى ئاسانلا تۇتۇۋالاتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا جەرەن جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى سۇغا ئاتاتتى ياكى يىراققا قېچىپ كېتەتتى.

ئۇلار بەزى كۆنلىرى ئۇۋنىڭ قىزىقچىلىقىدا دەريا بويىدىكى چىمەنلىكتە ياكى ئارال ئوتتۇرىسىدىكى مىسىل[3] ئۈستىدە قونۇپ قالاتتى. ئارال دېگىنىمىز بۆلۈنۈپ ئېقىۋاتقان دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ كەتكەن قېلىن توقايلىق. ۋاڭ مېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرى بەزى كۆنلىرى مانا مۇشۇ ئارالدا قونۇپ قالاتتى. ئۇلار ئارالغا قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى قول ـ ۋاق ـ لوتكىلىرى بىلەن ئۆتۈۋالاتتى ـ دە، يېتىشقا ئەپلىك جاي ئىزدىشەتتى. ئارالدا ھەرخىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈرلىرى كۆپ ئىدى. بۇ يەردە تال، جىغان، تېرەك، قارىياغاچ، دولانا، ياۋا ئالما، تىكەن، جىگدە، ئۆرۈك، توغراق، زىرىق، ھەتتا تىكەنلىك قارىقاتلارمۇ بار ئىدى. ئوت ـ چۆپلىرىمۇ بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، چىغىرتماقتىن تارتىپ يەكەن، مىسىل، ئېشەكچېمى، ئىتئۈزۈمى، يەر ياڭىقى، پىيازگۈل، سەۋزىگۈل ۋە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈل بار ئىدى. توقايلىقنىڭ بەزى يەرلىرىگە ئادەم كىرگىلى بولمايتتى. بەزى يەرلىرى ئاساسەن ئارال قىرغاقلىرى، تاقىر، قۇمساڭغۇ ئىدى.

ئۇلار تولىراق توقايلىق ئارىسىدىكى مىسىل بولۇق ئۆسكەن مەيدان ياكى چىملىققا جايلىشاتتى. تاشنى تىزىپ، لېڭزا (ئوچاق) ياساپ چاي قاينىتىشاتتى. چاي ۋاقتىدا قاينىمىسا ئوتتا قىزىپ كەتكەن تاشنى پاكىز سۈرتۈپ كورىغا ياكى چۆگۈن ئىچىگە سېلىشاتتى ـ دە، تاشنىڭ قىزىقىدا چۆگۈن تېزلا قاينايتتى. يەنە تېخى تاشتىكى مىنېرال ماددىلار سۇغا ئارىلىشىپ، بۇ ئاجايىپ ياخشى تەبىئىي دورا بولاتتى. ياكى ئىككى ياغاچنى ٨ شەكلىدە قويۇپ، ئاستىدىن ئوت قالاپ چۆگۈن ئېسىپ چاي قاينىتىشاتتى؛ ئۇۋلىغان ئۆردەك، قىرغاۋۇللىرى، تۇتقان بېلىقلىرىنى ئېسىپ، قاقلاپ كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ يېيىشەتتى.

ئۇلار كەچتە گۈلخان يېقىشاتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان بۇ گۈلخان ئۇلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلار ياتىدىغان يەردىكى ھۆل چىمەنى قۇرۇتۇپ بېرەتتى. ئوت ياققان يەر ئىسسىق بولۇپ، ياتقاندا ئاستىدىن نەم ئۆرمايتتى.

ۋاڭ مېڭغا نىسبەتەن دالا تاماقى يېيىش ۋە دالادا تۈنەش ئاجايىپ رومانتىك ۋە قىزىقارلىق ئىدى. مۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يادىغا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئوقۇغان، روسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ئى.س.تۇرگېنېفنىڭ «ئۇۋچى خاتىرىلىرى» كېلەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ھېكايە ــ بېژىن لوگ (بېژىن ئوتلىقى) دا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش نەق ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

ئۇ ھېكايىدە ئۇۋ ئوۋلاۋېتىپ، قاراڭغۇدا تېنەپ قالغان تۇرگېنېف ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يىراقتىن بىر گۈلخاننى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ «بېژىن لوگ» دېگەن يەر بولۇپ، ئى.س.تۇرگېنېفقا تونۇش ئىدى. ئۇ، گۈلخان يېنىغا كەلگەندە بىرقانچە بالىنى كۆرىدۇ. ئۇلار مال باققىلى چىققان باللار بولۇپ، گۈلخان ئەتراپىدا ھېكايە ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئى.س.تۇرگېنېف گۈلخان يېنىدىن جاي ئېلىپ، ئۇلارنىڭ باللارچە ئېيتقان قىزىق ھېكايىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايدۇ ۋە كېيىن ئۇنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزىدۇ.



ۋاڭ مېڭمۇ خۇددى روسىيىنىڭ بۇ مەشھۇر يازغۇچىسىدەك ئىلى دەرياسى بويىدا، كېچىسى گۈلخان ئەتراپىدا ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرى ئېيتىپ بەرگەن قىزىق ھېكايىلارنى ئاڭلايتتى. بۇ چاغدا گەپنىڭ تېمىسى كۆپرەك ئۇۋ، ئۇۋ قۇشلىرى ۋە ئىلىنىڭ قيالىق تاغلىرىدىكى ئۇۋ ھايۋاناتلىرى توغرىسىدا باراتتى. بەزىدە گەپنىڭ تېمىسى پارچىلىنىپ ھەرخىل گەپكە چۈشۈپ كېتىشەتتى. ئابلىز غازى ئۆزى قاتناشقان ھەرەمباغ ئۇرۇشى، ئىسمائىل مۇسايېف نىلقىدىكى پارتىزانلار ئۇرۇشى ياكى ئۇلاستاي، قارا سۇدىكى جەڭلەر توغرىسىدا؛ ئەھمەتجان ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كۆرگەنلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتىشەتتى. ئوتنىڭ قىزغۇچ، ئالتۇنرەڭ شولىلىرى باياتىن كاۋاپ يەپ، «ئىلى ئالىي ھارىقى» بىلەن قىزىرىپ كەتكەن يۈز ـ كۆزلەرنى، مايلىشىپ كەتكەن ئېغىزلارنى بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە يېرىم يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۈلخان ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى يانپاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېتشاتتى. ئەتراپ بولسا ئېغىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەن، كۆك يۈزىدە — قارامتۇل ئاسماندا يۇلتۇزلار ئىمىر - چىمىر قىلىپ ئادەمنى شېرىن خىياللارغا غەرق قىلاتتى. بولۇپمۇ چىملىقتا ئۇئىداڭغا يېتىپ، كۆزلىرىڭنى ئاشۇ چەكسىز يۇلتۇزلار دۇنياسىغا تىككىنىڭدە ئاجايىپ لەززەتلىك، رومانتىك ھېسسىيات پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭنى چۇلغاپ، بىردەمگە بولسىمۇ ئەشۇ ئېغىر يىللاردىكى قاباھەتلىك كەچمىشلەرنى ئۇنتۇلدۇراتتى... ئارالنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى قىرغاققا شارىلداپ ئۇرۇلۇپ، گويا بۇ ئارالغا ۋەھىمە سالماقچى بولۇۋاتقاندەك ھۇجۇم قىلاتتى. قۇشلارنىڭ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى سايرىۋالماقچى بولۇشقاندەك بەس - بەستە سايراشلىرى، پاقىلارنىڭ كۇركىرىغان سەت ئاۋازلىرى، گۈلخان يورۇقىنى كۆرۈپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن پاشىلارنىڭ غىڭشىشلىرى، يىراقتا — چاپچال ناھىيىسىنىڭ تاشيوللىرىدا سۇس ئاڭلىنىپ تۇرغان ماشىنا سىگناللىرى... ئارالنىڭ تۈن جىملىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

بەزىدە ۋاڭ مېڭنىڭ بۇ ئۇۋچى ئۇيغۇر دوستلىرى ئاشۇ ئارالدا، ئاشۇ ئازابلىق تۈنلەردە ناخشا ئېيتىشاتتى. سېرىكچى ئەھمەت ناخشىنى قالتىس ئېيتاتتى. ئۇ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» نى باشلىسا ئولتۇرغان، ياتقان ھەممىسى تەڭ ئەگىشەتتى. ھايات، تۇرمۇش ۋە باشقا دەردلەرنى ھارغىچە تارتىۋاتقان بۇ قىزىقىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئىچ - باغرىدىن چىقىۋاتقان، قولاقلىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈكەن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازلىرىدا قانداقتۇ كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغاندەك بىر ھەسرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلار ناخشا باشلىغاندا ئېگىز - پەس ئېيتىشسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرقى چۈشۈرگىسىگە كەلگەندە خۇددى بىرنەپەستىن چىققاندەك بىرلىشىپ مۇڭ بېرەتتى:

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم جانىم پىدا بولسۇن ساڭا،
جانىدىن كەچكەن يىگىتلەر (ئاھ، سىرتاك) ئاتىنا بولسۇن ساڭا.
ئاغزىڭنى بەرگىن قىيالغۇدەك قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي،
تىلمۇرۇپ تۇرغان كىيىكتەك (ئاھ، سىرتاك) كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
يار سېنىڭ دەردىڭ يامان...

ۋاڭ مېڭمۇ ناخشىغا ئەگىشەتتى ۋە نىمىشقىدۇر بۇ ناخشىنى ئېيتسا چىرايى مۇڭلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردىكى بىر ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق يازغانىدى.

تەرىپلىسىلىق ئەسلىمە:

«غۇلجىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشىنى ئېيتالايدۇ. ئۇلار ھەر بىر ئولتۇرۇشتا مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىشىدۇ.

مەن بۇ ناخشىنى تۇنجى قېتىم — 1965 - يىلى قىشتا ئاقتوغراقتىكى ئىچىدىما ئېغىزى قورۇلۇشى بولغان (جەرگاھ) تا ئاڭلىغانىدىم. ئۇ يەردە مەن دېھقانلار بىلەن بىرگىمىدە تۇراتتىم... ھەممە يەرنى تاماكا ئىسى ۋە گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى، شۇنداقلا ناخشا ساداسى قاپلىغان بولۇپ، ناخشا كىشىنى تالا قىلدۇراتتى. ناخشا كىشى قەلبىنى كۆيدۈرۈپ، قىشنىڭ سوغۇقىنى ئاللىقاياقلارغا قوغلىۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى... غۇلجىدىكى ئۆيلەردە كېچىلىرى دائىم دېگۈدەك «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن ناخشا قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى... مەن شۇنىڭدىن بۇيان ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم... تۇرمۇش بەكمۇ مۇشەققەتلىك، بەزىدە ھەتتا ئىنتايىن مەنىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ناخشىسىدىن شۇنچە قىزغىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

«قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن بۇ ناخشىنى ئېيتىش بىلەن كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇر شائىرى نەۋائىي: «غەم - قايغۇ ناخشىنىڭ روھى» دەپ ئېيتقانىكەن. بۇ يەنە بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش... سەن نېمىشقا شۇنچە ئازاب چېكىسەن؟...»[4].

مانا مۇشۇنداق ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋاڭ مېڭ ئەپەندىمنى ئاجايىپ سۆيۈندۈرەتتى. شۇڭا شۆھرەتلىك يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئەپەندىم ئىلىنى سېغىنىدۇ؛ ياشلىقى ئۆتكەن، گەرچە دەككە - دۈككىدە بولسىمۇ قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ئاشۇ تۇرمۇشنى سېغىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن قىزىغا يىخۇەن (伊欢 — ئىلىدا تۇغۇلغان پېشانىسى ئۇلۇق - شادىمان بالا) دەپ ئىسىم قويغان، ئوغلىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرچە ئوقۇتقان. شۇڭا ئىلىمۇ ۋاڭ مېڭ ئەپەندىمنى سۆيۈنۈش بىلەن سېغىنىدۇ!...

مەسئۇل مۇھەررىردىن: مەيلى قايسى مىللەت، قايسى دىن، قايسى ئېرقتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر قوياش، بىر ئاسمان، بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ھەرقانداق ياخشى نىيەتلىك ئادەم ئىنسان سۆيگۈسىدە باشقىلارغا خەيرخاھلىق، ياخشىلىق ۋە ھەققانىي سۆيگۈ - مۇھەببەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارغا كۆيۈنگەن ھالدا باراۋەرلىك ۋە ھۆرمەت شارابىنى تۇتسا، ئۇ جەزمەن ئۇ كىشىلەر قەلبىدە ئۆز قېرىنداشلىرىدەك بولالايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ...!

## ئىزاھلار

[1] تاراس بولبا - ن. ۋ. گوگولنىڭ شۇ نامدىكى پوۋېستىنىڭ باش قەھرىمانى. ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرى جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

[2] ئاڭچى - ئۇۋچى.

[3] مسىل - ئىلى دەرياسى بويلىرىدا ئۆسىدىغان بىر خىل يۇمشاق چۆپ. ئىلىلىقلار ئۇنى ئامبارلىرىدا ئاما ساقلاشقا ئىشلىتىدۇ.

[4] ۋاڭ مېڭ: «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «ئالىي مەكتەپ تىل- ئەدەبىياتى» 145 ـ 147 ـ بەتلەر. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.

ئاپتور: ئەدەب، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، ئىلى خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيونېرى (M1)



# بىز باسىدىغان يوللار: شەھەرلىشىش، كىملىك كرىزىسى ۋە ياشلىرىمىز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە تەھلىل

زۇلپىقار بارات ئۆز باش

## شەھەرلىشىش ۋە كىملىك كرىزىسى

— شەھەر ئۇيغۇرلىرى دۇچ كېلىۋاتقان كىملىك كرىزىسى ئۈستىدە سوتسىئولوگىيىلىك تەھلىل
تېمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى: «مەن كىم؟» دېگەن سوئالدىن باشلانغان تېڭىرقاش

### 1. شەھەرلىشىش ۋە كىملىك ئۇقۇمى

شەھەرلىشىش، كىملىك دېگەن ئاتالغۇلار ھازىر ئوقۇرمەنلەرگە ئۈنچىلىك ناتونۇش ئەمەس. ئەمما، شەھەرلىشىش ۋە كىملىك ئۇقۇملىرىنى كەڭ ئىجتىمائىي كارتىنىغا ۋە ئۇيغۇرلار نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقىدا دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس، پۇرسەتلەر بىلەن باغلاپ چۈشىنىش ئانچە ئاسانغا توختىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدىكى شانلىق، يۈكسەك مەدەنىيەتلىرى قاتارىدا شەھەر- قەلئە مەدەنىيىتى بىلەن ناھايىتى بۇرۇن ئۇچراشقان، شەھەرلىشىش داۋامىدا ئۆزىگە خاس ئەنئەنە ياراتقان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىردىن باشلاپلا شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مەدەنىيلىشىش، شەھەرلىشىش داۋامىدا ۋە تارىخنىڭ بوران- چاپقۇنلىرىدا ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قالغان، بېيىتقان، تاكامۇللاشتۇرۇپ ماڭغان بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە شەھەرلىشىش مۇساپىسىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر كىملىكىگە قويۇلغان سوئال ۋەزمىنلىكى ۋە ئىجتىمائىي يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ھېچقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدۇ. بەرھەقكى، بۈگۈنكىدەك يەر شارىلىشىش، شەھەرلىشىش قەدىمى تېزلەشكەن دەۋردە «مەن كىم؟» دېگەن سوئال يالغۇز ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ئەمەس. «بىز ھەر ماڭدامدا كىملىك ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ۋەھالەنكى، كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزە قىلىۋاتقىنى يالغۇز كىملىك مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئۆزگىرىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۆزگىرىش يېڭى كىملىكنىڭ پەيدا بولۇشى، كونا كىملىكنىڭ تىرىلىشى، ھازىر بار بولغان كىملىكنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .» [1] شەھەرلىشىش — ئەنگلىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئانتونىي گىددېنسىنىڭ ئاددىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا «شەھەر - بازارلارنىڭ تەرەققىياتى»[2] نى كۆرسەتسە؛ بىلەكۆپىل نەشرىياتى نەشر قىلغان

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

www.uyghurkitap.com

«جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى» دىكى ئىزاھات بويىچە «كىشىلەرنىڭ يېزىلارغا ئىشلەپچىقىرىشتىن مۇستەسنا شەھەر ـ بازارلارغا كىرىپ، مۇلازىمەت ۋە تاۋاردىن ئايرىلالمايدىغان چوڭ كۆلەمدىكى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى يارىتىش جەريانى» [3] دىن ئىبارەت. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى» دە شەھەرلىشىشكە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ : «شەھەرنىڭ بەرپا بولۇش جەريانى» دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. شەھەرلىشىش داۋامىدا كىشىلەر يېزا ـ قىشلاقلاردىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان، خاسلىق تېز يوقىلىدىغان، تاۋار، ئىجتىمائىي ئالاقە، مۇلازىمەت قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن كۆپرەك خاراكتېرلىنىدىغان يېڭىچە بىر ھاياتقا قەدەم قويىدۇ. بۇ ھايات گەرچە قايناق، رەڭگارەڭ، جەلپكاردەك كۆرۈنسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەھەرلىكلەرنىڭ نېرۋىسىنى ھەرخىل ئۇچۇر، ھېلىدىن ـ ھېلىغا يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش كارتىنىلىرى بىلەن غىدىقلاپ، ئالدىغا يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەرنى تاشلايدۇ. ئاشۇ سوئاللار ئىچىدىكى ئاڭلىماققا ئاددىي تۇيۇلىدىغان، ئەمما ۋەزنى ئېغىر بولغان سوئال «مەن كىم؟» دېگەن سوئالدۇر، يەنى كىملىك مەسىلىسىدۇر.

كىملىك تەتقىقاتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە دىققەت مەركىزىدىكى بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى ۋە چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرغانلىقى سەۋەبلىك پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا ئەڭ كۆپ دەتالاش قىلىنىدىغان بىر ساھە بوپقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە كىملىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ساھەسىدە ھەممىدىن جىق ئىلمىي ئەمگەك قىلىندى. جەمئىيەتشۇناسلار كىملىك مەسىلىسىنى شەخس ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مۇھىت نۇقتىسىدىن كۆزەتسە، پسىخولوگلار كىملىك ئۇقۇمىنىڭ مېغىزىنى شەخسنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ چۈشەندۈردى. پسىخولوگلار كىملىك مەسىلىسىنى «يەككىنىڭ مەسىلىسى» دەپ ئىزاھلىسا، جەمئىيەتشۇناسلار ئۇنى «نورمال، ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا شەخسنى ئوراپ تۇرىدىغان مۇھىت تەرىپىدىن پىلانلىق، تاكتىكىلىق، ئىستراتېگىيىلىك يوسۇندا لايىھىلىنىدىغان، شەخسنىڭ ئۆزىنى سىرت بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئۇقۇمدۇر» [4]دەپ ئىزاھلايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بىر ئاز ئېنىقراق قىلىپ تەبىر بەرگەندە كىملىك : « شەخس ـ يەككە ئادەم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە رول ئېلىش، ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتنىشىش داۋامىدا يۇغۇرۇلۇپ چىققان ئۆزلۈكنى ھەم ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ئاساسىدا يارىتقان ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىراتىغا بەلگە ۋە نىشان بولىدىغان جەملىمە خاراكتېر » [5] ئېلېمېنتىنى كۆرسىتىدۇ ، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن: « كىملىك ــ بىر ئادەمگە ئۆزى ۋە باشقىلار يۈكلىگەن ھەر خىل مەنىنىڭ يىغىندىسىدۇر» [6]

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قىلىنىدىغان كىملىك تەتقىقاتى كۆپرەك ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگ ۋىلىيام جامېس ياراتقان «ئۆزلۈكنىڭ پراگماتىكىلىق نەزەرىيىسى» ۋە ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس جورج خېربېر مېد (1863ــ1931)نەزەرىيىۋى ئۇسۇلىنى سېلىپ بەرگەن سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسىنى ئۆزىگە مەنبە ۋە يېتەكچى قىلىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىشلەنگەن كىملىك تەتقىقاتى بولسا فروئىدنىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتى ئاساسىدا يەنە بىر داڭلىق كىملىك تەتقىقاتچىسى ئېرىك ئېرىكسوننىڭ نەزەرىيىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. مەيلى قايسى نۇقتىدىن چىقىپ قىلىنغان تەتقىقات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىملىك تەتقىقاتىدا «مەن» (I, 我)، «ئۆزلۈك» (Self,自身) ، «ئۆزمەن»(ego, 自我) دىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئۇقۇمنى چۈشىنىش زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە. پسىخولوگ ئېرىك ئېرىكسوننىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، «مەن» ــ يەككىنىڭ بارلىق كەچۈرمىشىدىكى تۇيغۇ مەركىزى؛ «ئۆزلۈك» (自身, Self) بولسا ــ «مەن» نىڭ ئوبيېكتى. ئۇ، يەككىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تەجرىبىسىدىن يۇغۇرۇلغان ھەمدە ئۆزىگە تالىق تۇيغۇلىرىنىڭ بىرىكمىشى، ئۆزلۈكسىز داۋام قىلىشىدىن پۈتكەن بولىدۇ. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۆزلۈك ــ يەككىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك سۇبيېكتىپ تەجرىبىسى بولۇپ ، ئادەتتە كىملىك تۇيغۇسى ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. » [7] «ئۆزمەن» (自我,ego) بولسا روھىي ئانالىز تەلىماتچىسى فروئىدنىڭ نەزەرىيىسىدىن كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىنغان ئۇقۇم بولۇپ، شەخسنىڭ ئىستەك ـ تەلەپلىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ شەخستىن كۈتىدىغان تەلەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە داۋامىدا بارلىققا كېلىدىغان ئەقلىي مەنبەدۇر. ئۇ «ھالقىما مەن» (本我, ID) گە ۋە «ئۈگلۈك» (超我, superego) نىسبەتەن ئېيتىلغان [8]. جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ۋە بىزنىڭ بۇ تەتقىقاتىمىزدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى ئۆزلۈك (自身, self) ئۇقۇمىدۇر. جەمئىيەت نۇقتىسىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنگەندە، ئۆزلۈك ــ بىزنىڭ ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا ئۆزىمىز ۋە كىشىلەرگە قالدۇرغان، بىر قەدەر مۇقىم بولغان يىغىندى تەسىرات ۋە تۇيغۇدۇر. ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا ئادەملەر بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئەينەك. كىشىلەر بۇ ئەينەكتىن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى كۆرۈپ بايقايدۇ. مىسالەن، ئەگەردە سىز ئۆزىڭىزنى «چىقىشقاق» دەپ قارىسىڭىز، ئۇ ھالدا بۇ تەسىراتىڭىز باشقىلارنىڭ سىز بىلەن ئالاقە قىلىش داۋامىدا سىزگە بەرگەن باھاسى. سىز شۇ باھانىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى خاراكتېرىڭىز ھەققىدە ئۆز

سىزىمىگىزنى يۇغۇرۇپ ئەنە شۇنداق يەكۈنگە كەلگەن. بىر گۈزەل قىزنىڭ ئۆز چىرايىغا بولغان تەمەننالىق ھېسسىياتى — تەكەببۇرلۇقنى يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەجابىي باھاسى، مەدھىيە سۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزنىڭ ئۆزلۈكى ئاشۇ مەدھىيە ـ ماختاشلار داۋامىدا ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئادەمدىكى قەدىرلىنىش، ئېتىراپ قىلىنىش تۇيغۇسى ئۈچۈن شۇنىڭغا تۇشلۇق مۇھىت ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى خالايدىغان ئادەملەرنىڭ بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. ئۆزلۈكنى يۆلەيدىغان ساغلام ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئادەملەر تويى بولمىسا، ئۆزلۈك قىسىلىدۇ. ئۆزلۈك ئۆزۈن مۇددەت قىسىلىش، يېتىمسىرەش، ۋەسۋەسە ۋە ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋەرگەندە ئىنساندا ئۇئايلا كىملىك كرىزىسى كۆرۈلىدۇ.

## 2. كىملىك كرىزىسى ئۇقۇمى

(认同危机, Identity crisis)

كىملىك كرىزىسى دېگەن نېمە؟ كىملىك كرىزىسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە «ئادەمدىكى ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى رازىمەنلىك تۇيغۇسى، ئەھمىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشىدۇر.»[9] كىملىك نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگ ئېرىك ئېرىكسوننىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۆزىگە ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان توپقا تەۋە بولغان تارىخىي ئوخشاشلىق، بىردەكلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشىدۇر.» بىز بۇ ئۇقۇمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، مەنە قاتلاملىرىنى ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىدىن بىر قانچە كۆرۈنۈش ئېلىشقا مەجبۇرمىز.

### ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش (1)

### بۈگۈن جۈمە

(دىلمۇراد ئېلىتورلۇقىدىكى شۇ ماۋزۇلۇق شېئىردىن ئۈزۈندە)

بۈگۈن جۈمە
مەن ئازابلىنىدىغان كۈن.
بىر توپ جامائەت ياتلار مەسچىتتىن،
مەن يوشۇرۇنىمەن ئۆزۈمگە بىردىن.
...
ۋاقتى توختى
ۋاقتى توختى سىلىنىشنىڭ.
بۈگۈن جۈمە دېيەن يىغلىماي،
نازۇك تېنىمنى يۇيار كۆز يېشىم.
...

(«ئىنجاھىيەت تورى»، «شېئىرىيەت» سەھىپىسى 2007-يىل 5-نويابىردىكى بەت، قىسقارتىلدى)

### بۈگۈن جۈمە

(ئوخشاش ماۋزۇدىكى يەنە بىر شېئىردىن ئۈزۈندە، شائىرى ئىسكەرتىلمىگەن)

بۈگۈن جۈمەگە بارمىدىم،
بارالمىغىنىم بارالمىغانلىقىم ئەمەس،
جۈمە مېنى ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدۇ.
لېكىن بارمايمەن،
خۇددى تۆمۈرلۈك خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ،
ماگنىتقا جايلىشالمىغان
بىر تۆمۈر كەبى.
جۇشقا گۈزنى يېپىپ ھاراق ئىچكەن كىشىلەرنى
ئۆزىنى دەيدۇ مۇسۇلمان.
جۈمەگە بارمىدىم،
بارسام جۈمە دېگەن ئاغىنەمنىڭكىگە.
قېنىمىزدىن ھاراق ياساپ،
جېنىمىزدىن كوزا ياساپ،
ئۆزىمىزگە سېلىپ ئاراپ.
ئىچىپ - ئىچىپ مەي بولغىلى،
شېرىن ئۈچۈن سەي بولغىلى،
ياندۇرغاندا قىي بولغىلى.
...
ئاغىنەم جۈمە،
ئىسمى جۈمە بولسىمۇ
جۈمەنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ.
ئىسمى ئىسلام تۇرۇپ ئىسلامنى بىلمىگەن،
ئىسمى ئىمام تۇرۇپ بوتكىدا ھاراق ساتىدىغان،
ئىسمى قەھرىمان تۇرۇپ قەھرىمانلىق قىلىپ باقمىغان،
بىر لالما ئىت كۆرسىمۇ قېچىپ كېتىدىغان
ئادەملەر كەبى.
...
جۈمە كۈنى جۈمەگە بارمىي
ھاراق ئىچىمەن جۈمە بىلەن.
ھەقىقەت ھەقىقەتە سۆزلىمىدىم،
ھەقىقەت سۆزلىدى مەن ھەقىقەتە.
...

(«ئىنجاھىيەت» تورىغا شۇ كۈنى «گۈلىستان» توردىن چاپلانغان، شائىرى نامەلۇم)

شېئىر تۇيغۇ ئىپادىلەش جەريانى. ئەمما يۇقىرىقى ئوخشاش ماۋزۇلۇق ئىككى شېئىر يەنە بىر نۇقتىدىن شەيئىلەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرى دۇچ كېلىۋاتقان كىملىك كرىزىسىنى ناھايىتى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «مەن»نىڭ «يۈكسەك مەن» بىلەن «ماھىيەتتىكى مەن» مۇرەسسە قىلغاندا قىسىلغان، ئىككىلەنگەن

www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكىنى، جۈملىدىن شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىدە شەھەرلىشىش داۋامىدا ئۇچرايدىغان كرىزىسلىق روھىي ھالىتىنى بىز يۇقىرىقى شېئىردا ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار چوشقا گۆشىنى هارام دەپ يېمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ بىر تارمىقى بولغان دىنىي كىملىكى مۇسۇلمان. لېكىن، ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدە بىر قىسىم ئۇيغۇر ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ هاراق ئىچىدۇ. بىز گەرچە هاراق ـ شاراب ئىچىش، تاماكا چېكىشنى ھەممە ئۇيغۇرلارغا ئورتاق دەپ قارىمساقمۇ ۋە بۇنى شەھەرلىشىش داۋامىدا ئۇيغۇرلارغا يۇققان ھادىسە دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما بۇ ھادىسىنىڭ شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ «مەدەنىيەت كىملىكى» گە سايە تاشلاپ تۇرغان سوئال بەلگىسى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ئامالسىزمىز. يۇقىرىقى شېئىردىكى «مەن» نىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ جۈمەگە بارمايدۇ، جۈمە كۈنى ھاراق ئىچىدۇ، ئەمما بۇ قىلمىشى ئۈچۈن يەنە ئازابلىنىدۇ. بىز بۇ خىل روھىي ھالەتنى، كىملىك تاللىشى ئالدىدىكى ئازاب تۇيغۇسىنى، شەھەر ياشلىرىدىكى ھەتتا خېلى جىق ئوتتۇرا ياش، پېشقەدەم كىشىنىڭ روھىدىكى كىملىك كرىزىسىنى ھېس قىلالايمىز. ئېرىك ئېرىكسوننىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، « تارىخىي جەريانلاردا بارلىققا كەلتۈرگەن مىللىي بىردەكلىكىنى، بىر تويۇقا ئورتاق بولغان كىملىكنى ساقلىيالمىغانلىقى، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقى» دەل شەھەر ئۇيغۇرلىرى دۇچ كېلىۋاتقان كىملىك كرىزىسىنىڭ ئالامىتى.

«كىملىك كرىزىسى» ئاتالغۇسى ئەڭ دەسلەپتە ــ 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگ ئېرىك ئېرىكسون تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئېرىك ئېرىكسون ئۆزىنىڭ «كىملىك، ياشلىق ۋە كرىزىس» دېگەن كىتابىدا «كىملىك كرىزىسى دېگەن ئاتالغۇنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ روھىي يىمىرىلگەن، پسىخىكىلىق جاراھىتى ئېغىر روھىي بىمارلارغا ئىشلەتكەنلىكى» [10] نى قەيت قىلىدۇ ۋە «كىملىك كرىزىسىغا گىرىپتار بولغانلاردا ئۆزلۈك تۇيغۇسى ئېغىر دىشۋارچىلىققا ئۇچرىغان بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئېرىك ئېرىكسون داۋالىغان بىمارلار ئىچىدە بۇ خىل روھىي ھالەتتىكى ياشلار كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. ئېرىك ئېرىكسون ياشلاردىكى كىملىك كرىزىسىنىڭ بىر ئايرىم تەرىپىنى «بۇنداقلارنىڭ ئەسلىي كىملىكى ئۆزىگە يوق بوپقالىدۇ، يېڭى كىملىكى بولسا تېخى بارلىققا كەلمىگەن بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. كىملىك كرىزىسى ئىچىدە قالغان كىشىلەر ئۆزلۈك تۇيغۇسى بىلەن كىملىك ۋەسۋەسىسى ئارىسىدا تېپىرلاپ، ئىككىلىنىپ ، بىر خىل پسىخىكىلىق ئاسارەت، روھىي يۈكتىن قۇتۇلالمايدۇ. «بىر ئادەمنىڭ خاس، مۇستەقىل كىملىكى تېخى مۇكەممەل قۇرۇلۇپ بولالمىغاندا، كرىزىس ئۆزلۈكىدىن مەۋجۇد بولىدۇ. بۇ كرىزىس ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز روھىي ھالەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، كىملىك ۋەسۋەسىسى بىلەن باراۋەر ئۇقۇمدۇر.» [11]

## 3 . كىملىك ۋە كىملىك كرىزىسىدىن چىقىرىلغان سوئاللار

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى مەلۇم نۇقتىدىن كىملىك تۇيغۇسى ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ماركسنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا: « ئادەم ــ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىجتىمائىي ھايۋاندۇر.» شېكىسپىرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا: « ئادەم ــ ئىجتىمائىي ئارتىستتۇر . » [12] بۇ تەبىرلەر ئادەمنىڭ يەر شارىدىكى بىر خىل ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ، تەبىئىي ھالدا بىر توپقا تەۋە بولۇپ ياشايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئادەم جەمئىيەت ئىچىدە تۇغۇلىدۇ ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىق خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن . ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا ئادەم تەبىئىي يوسۇندا بىر خىل تەۋەلىك تۇيغۇسى (归属感,sense of belonging) غا ئىگە بولىدۇ ۋە مۇشۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئېھتىياجىدىن مۇئەييەن تەبىقە، پارتىيە، كەسىپ ياكى ئىجتىمائىي توپقا تەۋە بولۇپ ياشايدۇ. تەۋەلىك تۇيغۇسى ھەققىدە جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ پېشۋاسى، فرانسىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركېيم مۇنداق دەيدۇ : « مۇئەييەن توپ ئىچىدە يىغىلىپ ياشاش ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر خىل تۇرتكىلىك كۈچ. كىشىلەر ئورتاق ھەۋەس ۋە قىممەت قارىشى ئاساسىدا بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىدىن ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ئېقىم پەيدا بولىدۇ ـ دە، تېزلىك بىلەن ئۇلارنى چەكسىز شادلىق قاينىمىغا غەرق قىلىدۇ .» [13] ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن مۇئەييەن كۆلەمدە توپ ھاسىل قىلىپ بىر يەردە ياشاشقا ئادەتلەنگەن خەلق، ئورتاقلىق تۇيغۇسىنى ئاسان تاپالايدۇ. بۇنى بەلكىم نوپۇسى دېھقاننى ئاساس قىلغان، يىلتىزى يېزا ـ قىشلاق تۇپرىقىدىن كەلگەن شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي كىملىكى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتا مىللىي كىملىكىدىن كۆرە ئۆزىنىڭ شەخسىي كىملىكى (个人身份, Personal Identity) ۋە ئىجتىمائىي كىملىك(社会身份, Social Identity) ىنى روشەنرەك ھېس قىلىدۇ. « بۇلغانغان كىملىك » تەتقىقاتى بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە يېڭى بىر ساھەگە يول ئاچقان ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ئېرۋىڭ گوفمان (1922 ـ 1982) «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزلۈك ئىپادىسى» ناملىق ئەسىرىدە كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا ھېس قىلىدىغان كىملىك تۇيغۇسىنى ئىجتىمائىي كىملىك، شەخسىي كىملىك ۋە ئۆزلۈك كىملىكى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ [14]. ئىجتىمائىي كىملىك ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ ئېيتقاندا ، باشقىلارنىڭ ئۆزىمىز ھەققىدە

ئېيتىپ بەرگەن «ھېكايە» سىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇئەييەن ئەھۋالدا شەخسكە ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن تالىق قىلىنغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بارلىق ئىنساننىڭ كىملىكى ئەمەلىيەتتە مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي كىملىكنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھەممىمىز بىر قانچىلىغان، ھەتتا بەكمۇ كۆپ ئىجتىمائىي كىملىككە ئىگە. مىسالەن، ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن بىر ماگىستىر ئاسپىرانت، بىر ئاتا، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، جەمئىيەت تەتقىقاتىغا قىزىققۇچى. مەن دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ نەزىرىدە بىر ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى، تەرجىمە كىتابلىرىمنى ئوقۇغانلارنىڭ نەزىرىدە ئەدەبىي تەرجىمان. شەخسىي كىملىك بىلەن ئىجتىمائىي كىملىكنىڭ بىر پەرقى شۇ يەردىكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىزنىڭ بىرەر ئىجتىمائىي كىملىكىمىز ئۆزگىرىشى ياكى يوقۇلۇشى مۇمكىن. مىسالەن، «شىنجاڭ باج ئىشلىرى» ژۇرنىلى چىقىۋاتقان چاغدا، مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى دۆلەت باج سىستېمىسىدا ئىشلەۋاتقان ئازسانلىق مىللەتلەر باج كادىرلىرىنىڭ نەزىرىدە مۇھەررىر ھېسابلىناتتىم. بۇ مېنىڭ بەش - ئالتە يىل بۇرۇنقى ئىجتىمائىي كىملىكىمنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن مەزكۇر ژۇرنال نەشر قىلىنىشتىن توختىغاندا، مەنمۇ باشقا باشقارمىغا يۆتكەلدىم. دېمەك، مېنىڭ «مۇھەررىرلىك» تىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي كىملىكىم يوقالدى. ئەمما، ئەمدى ماڭا ئاسپىرانتلىقتىن ئىبارەت يېڭى بىر ئىجتىمائىي كىملىك يۈكلەندى. ئىجتىمائىي كىملىك ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ ، شەخسىي كىملىكىمىز ئۆزگەرمەيدۇ . شەخسىي كىملىكىمىز بولسا بىزگە يېقىن تۇرغان كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق. ئۇلار بىزنى ئۆزۈمىزدىن بىلىدىغان، بىر قانچىلىغان سورۇندا ياكى ئىجتىمائىي ئالاقىدە بىز بىلەن كۆرۈشكەن كىشىلەردۇر. بىز ئۇلارغا ئۆزىمىزنى قانداق ئادەم كۆرسىتىشنى خالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. شەخسىي كىملىكتە بىر ئادەمگە خاس بولغان، بىر قاتار ھايات كەچۈرمىشى داۋامىدا سىڭىپ قالغان خۇي ۋە مىجەزلەر ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇ خىل كىملىك تۇيغۇسى ئادەتتە ئىجتىمائىي سورۇنلاردا شەخسكە نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ، باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشنى نىشان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىي تەسراتىنى باشقۇرۇشقا، باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشكە كۈچەيدۇ. ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدىكى ئۆزلۈك كىملىكى بولسا شەخس ئۆزى قۇرۇپ چىققان، روھىي دۇنياسىدا ئۆزىگە باھا بېرىپ يەكۈن چىقارغان كىملىكدۇر. بۇ خىل كىملىكنى شەخس مۇئەييەن ئەھۋالدا بىرەر ئىشنى قىلغاندىكى ئىپادىسىگە ئاساسەن ھېس قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزلۈك كىملىكى — بىزنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە مايىللىشىپ قالغان ئۆزلۈكىمىز ھەققىدە ئۆزىمىز ئېيتقان ھېكايىدىن ئىبارەت[15].

بۈگۈنكى دۇنيادا جەمئىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىلەن، ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئالاقىلەر داۋامىدا يېڭىدىن -يېڭى ھادىسىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىش داۋامىدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىملىكى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتى. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بۈگۈنكى رىتىمى تېز شەھەر جەمئىيىتىدە «كىملىك — ئەمەلىيەتتە بىر خىل زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى پەيدا قىلغان ھادىسىدۇر.» [16] زامانىۋىلىققا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە ئىنساننىڭ تۇرمۇشىدا مەنە ۋە تەم ئاز قالغىلى تۇردى، ئىنساننىڭ كىملىكى مىسلىسىز دەرىجىدە كرىزىسقا يولۇقتى. دەل زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى كىملىكنى چوقۇم ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. كانادالىق داڭلىق ئالىم چارلىز تايلېر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: « زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر بىردەكلىك، كىملىك مەسىلىلىرىنى تىلغا ئېلىشمايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب — ئۇ چاغدىكى كىشىلەردە بىردەكلىك بولمىغانلىقىدا ئەمەس، بىردەكلىك بولۇپ كىملىككە ھاجىتى چۈشمىگەنلىكىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ چاغلاردا كىملىكنىڭ مەسىلە ھېسابلانمايدىغانلىقىدا ئىدى . » [17]

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، شەھەر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي تۈرتكە مېخانىزمى مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدىغان، « توغرىراقى بۇزغۇنچى خاراكتېرىدىكى مېخانىزمدۇر . بۇ مېخانىزم كىشىلەر ئىلگىرى ئېرىشكەن مەنە ، ئەھمىيەت تۇيغۇسىنى بەربات قىلىۋەتتى.» [18]· ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدىكى تىنىمسىز ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا رېئاللىقنىڭ مۇقىمسىز بولۇشى سەۋەبلىك بىر خىل كىملىك ئەمدى پەيدا بولۇپ ھەش-پەش دېگۈچە يوقاپ كېتىدىغان بولدى. بۇ جەرياندا مۇئەييەن كىملىكنىڭ چەك-چېگرىسى قىممەت قارىشىنى يادرو قىلىپ تۇرۇپ ئايرىلىدۇ. تېخىمۇ ئۇدۇل قىلىپ ئېيتقاندا، كىملىك تۇيغۇسى ئەسلىدىنلا بىر خىل قىممەت كىملىكى مەسىلىسىدۇر. «مەن كىم؟»، «مەن نەدە؟» «مەن نېمە قىلالايمەن؟» دېگەن سوئاللار داۋامىدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ، قىممىتىنى قايتىدىن تونۇيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى زاماندىكى كىملىك ئەھمىيەت تۇيغۇسى بىلەن زىچ باغلانغان.

كىملىك كرىزىسى بولسا كىملىك تەرەققىي قىلىپ ياكى ئۆزگىرىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندە مۇقەررەر يوسۇندا دۈچ كېلىدىغان ئىنكارچىلىق خاراكتېرىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ھالەتتىن ئىبارەت. كىملىك كرىزىسىنى ئادەتتىكى يىمىرىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇ، كىملىكنىڭ يېڭى بىر تاللاشقا دۈچ كەلگەنلىكى ۋە تاللاش، سىناق ئالدىدا قايمۇققانلىقىنىڭ نەتىجىسى. كىملىكتە يوشۇرۇن كرىزىس ئالامىتى بولغان بولىدۇ. ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرالمىغان ياكى ئاجىز كېلىپ قالغان شەخسنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىگە نىسبەتەن ئىشەنچ يوقىغاندا، روھىي دۇنياسىدا «ئىنكارچىلىق ئۇرۇقى» بىخلايدۇ - دە ، كىملىك كرىزىسى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئادەم «مەن» دېيەلەيدىغان ھايۋاندۇر. يەنى ئادەمدە ئاڭ

بار. شۇڭا، ئادەم كىملىك ۋەھىمىسىگە دۇچ كەلگەندە ئۇخشاشلا «مەن» دېيەلىسىمۇ، ئەمما ۋەسۋەسىدە تۇرغان چاغدا شۇ گەپنى قىلغاندىكى ئاۋازى ئۇنچە ياڭراق، ئۇزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئۇنچە كۈچلۈك بولمايدۇ. كىملىك تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسى، ئۆزلۈك تەرەققىياتىغا ئەجەللىك زىيانلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي جاراھەتى ئېغىر، ئازابلىرىنىڭ يىلتىزى كەڭ تارىخىي جەريانلار ۋە سىياسىي ئەپسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كىشىلەردە مەنسىزلىك تۇيغۇسى بارلىق مەنىۋى تەكيۇكسىزلىقنىڭ يادروسىدۇر. بۇنىڭغا كىملىك كرىزىسىنىڭ قوش قاتلاملىق مەسىلە ئىكەنلىكىمۇ بىر سەۋەب بولىدۇ. يەنى كىملىك شەخسنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان توپ تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغاندا، مەرتىۋە تۇيغۇسى، قىممەت قارىشى بىراقلا ئىگىسنى ۋەھىمىگە سېلىپ ئازابلاشقا باشلايدۇ.

بىز بۇ ماقالىدە شەھەرلىشىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك كرىزىسىنى ئۇتقا قىلىپ تۇرۇپ مۇھاكىمىمىزنى قانات يايدۇرىمىز. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، كىملىك كرىزىسى ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا سىياسىي تۈزۈلمە، تارىخىي دەۋرىيلىك، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، جەمئىيەتنىڭ سىستېمىسى قاتارلىق چوڭ تېمىلارغا تاقىشىدۇ. ئەمما بىز بۇ تەتقىقاتىمىزدا كىملىك كرىزىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىشى داۋامىدىكى ئىپادىلىرى، سەۋەبلىرى، ئاقىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىمىز. شۇ ۋەجىدىن، بايا تىلغا ئېلىنغان چوڭ تېمىلار ۋاقىتنچە بۇ ماقالىمىزنىڭ مۇلاھىزە ئوبيېكتى بولمايدۇ. بىز بۇ ماقالىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدىكى كىملىك كرىزىسى قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟ ئۇنىڭ شەھەرلىشىش، ئىستېمال، مېدىيە، ئاۋام مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ كىملىك كرىزىسى شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ كىملىك كرىزىسىنى قانداق تونۇش كېرەك؟ نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز. تەتقىقات مېتودى جەھەتتە پاكىت تەھلىلى، پاراك ئانالىزى، ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرىمىز.

## شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كىملىك كرىزىسى

شەھەرلىشىش بىزنى نۇرغۇن پۇرسەتكە ئېرىشتۈردى، يەنە نۇرغۇن نەرسىمىزدىن مەھرۇم قالدۇردى. شەھەرلىشىش داۋامىدا بىر تۈركۈم كىشىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەن بولىدى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمى ئىچىدە خۇشھال بولالمايدىغان ياكى خۇشھال بولۇشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمەيۋاتقان، خاتىرجەم، تىنچ چاغلىرىنى ئەسلەيدىغان كىشىلەر

ئاۋۇدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ھېسسىيات يالغۇز ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىش بولماستىن، شەھەرلىشىشنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى. بۇ ھەقتە قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ئېيتاتتۇن: «ياخشىلار ئازلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نوپۇس كۆپەيسە، يېڭىلا ئېگىزلىسە شەھەر خۇشھال بولالمايدۇ» دەپ خۇشھال بولالماسلىقنىڭ تۈگۈننى شەھەرنى تۇيغۇ ئىگىسى سۈپىتىدە چۈشىنىپ چۈشەندۈرسە، فرانسىيە يازغۇچىسى ۋىكتور ھيوگو: «شەھەر تەلۋە ئادەملەرنى ئاۋۇتىدۇ. چۈنكى شەھەر ئاۋۋال چىرىكلىك پەيدا قىلىدۇ» دەپ ئېيتىدۇ. «ئۆز نۆۋىتىدە شەھەرلىشىش مۇنداق ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرى، ئۇ، كىشىلەر ياشاۋاتقان بىر جايدا نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن ئاۋۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ شەھەردە ئومۇملاشقان قىممەت قارىشى، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش ـ ھەرىكەت، تۇرمۇش ۋە ماددىي نەرسىلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىش جەريانى.»[19] شەھەرلىشىش داۋامىدا ئەنئەنىنى چۆرىدىگەن ئاساستا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، پوزىتسىيىسى ۋە كونا ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش روشەن ئىپادىلىگىنى ئادەمنىڭ كىملىكىدۇر. كىملىك كرىزىسىنىڭ شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئالامەتلىرىنى بىز بىر قانچە نۇقتىدىن كۆزىتىپ تەھلىل قىلىمىز.

### 1. ئۇيغۇر توي مۇراسىملىرىدا كىملىك كرىزىسى

كىملىك كرىزىسى ــ شەخسنىڭ ئۈستىكى، ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدىكى رولى ۋە ئويلىرىدا زىددىيەت كۆرۈلگەن چاغدىكى ئۆزلۈك ئوبرازىدۇر. ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، شەخسنىڭ ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىشىدۇر. ئۆزىگە خاس بولغان بىردەكلىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرىدە ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئادەم ھاياتى سىمۋوللۇق مەنىلەر بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا سىمۋوللۇق مەنە ئادەمنىڭ ھەرىكىتى، پوزىتسىيىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. فرانسىيە شائىرى چارلېز بودلېر: «ئادەم ــ سىمۋول ئورمىنى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. ئادەم كىملىكىدە دەل ئاشۇ سىمۋوللۇق مەنىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىقاد ئېلېمېنتلىرى نامايان بولىدۇ. بىز ئون ئىككى مۇقام بىلەن دوپپىنى ئۇيغۇرنىڭ، قىزا بىلەن جىرنى قازاقنىڭ، راگېپزىنى تۆگىنىڭ، پوجاگزا ئېتىشنى خەنزۇنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە باغلاپ چۈشىنىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە كىملىك سىمۋوللۇق مەنىلەر بىلەن گىرەلەشكەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىۋاتىدۇ. ئادەم ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ مەھسۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا «سىمۋوللاردىن پايدىلىنىپ مەنىلىك ئىجتىمائىي كارتىنا ھاسىل قىلىدۇ.»[20] ھېچقانداق بىر ھايۋان ئادەمدەك سىمۋوللۇق مەنە بىلەن تويۇنغان

مەدەنىيەتنى ئۆز ھاياتىدا كۆرسىتەلمەيدۇ. ئادەملا بۇنىڭغا قادىر. ئۇيغۇر توي مۇراسىملىرىدىن ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە سىمۋول بولالايدىغان نۇقتىلارنى ئەسلىگىنىمىزدە ، نىكاھ ئوقۇش، تۇزلۇق نان يېيىش، پولۇ، يۈز ئېچىش، كۆچۈرۈلۈش ئالدىدا قىزنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈش قاتارلىق سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەمما، كىملىككە ئىگە بولۇش نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر دېمەك ئىنگلىز ياكى تۇڭگان ئەمەس دېگەنلىكتۇر. مەن ئەر، شۇڭا ئايال ئەمەس. بۇ يەردە كىملىكنى روشەنلەشتۈرۈۋاتقىنى باشقا ئوقۇملاردىن پەرقلەندۈرۈۋاتقان بىردەكلىك. بىز ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك ، مۇشۇ بىردەكلىك ۋە تارىخىي ئىزچىللىق يوقالغاندا كىملىك كرىزىسى كۆرۈلىدۇ.

## ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش (2)

*قادىرنىڭ ئىچ پۇشۇقى نىكاھ كۈنى ئېنىقكىنىدۇ بېسىقىدى. ئۇ تويدا ھاراق قويۇلماسلىقنى ئويلىشىۋىدى، دوستلىرى: «تويىڭنى قىزىتمايدۇ» دەپ قايتا - قايتا جېكىلەشنى ئۇنتۇمىدى. ئۆزىمۇ جىددىي مۇھىم بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئابرويلۇق بولغۇسى قېيناتىسى تېخى ئۆزى كۆرگەنلا تەلەپپۇز قىلىپ: «ئوغلۇم، ئاڭلىسام تويدا ھاراق قويمايمىز دەيسىز، پۇلىڭىز يېتىشمىسە مەن بېرىمەن، خەق ھاراقنى چىقىرمايتۇ دېمەمدۇ؟ ھاراق قويمىساق بولمايدۇ» دەپ گېپىنى كېسىۋەتتى. تويدا ئۆزى تويما كىيىپ ئايلىغا ئىرتىلىپ كۆزگەلەك كىيدۈرۈشنى ئويلىشىۋىدى، ئەڭ ئاۋۋال بولغۇسى ئايلى، ئاندىن قېيناتىسى قارشى چىقتى. قېينىگىلىسى زاڭلىق قىلغاندەك: «قادىركا، مەتۇلۇق قىلمالا، بۇ قېيسى زامان؟» دېدى. ئۇنىڭ نىكاھىمۇ ئوقۇلۇپ بولدى. «تودى ئەللىدەم» دېگەن گېپىنى قاچانلاردا دېگىنىنى، تۇزلۇق نانى قاچانلاردا يەپ بولغىنىنى ئۇقمىدى. قادىر جىنۇپتىكى ئۇرۇپ - ئادەتكە ئېتىبار بېرىدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان، ئۆزۈندىن بېرى ئۇ تويىنى ئۆزىگە خاس بىر يوسۇندا قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ قىلالمىدى. چۈشتىن كېيىن قىز كۆچۈرۈش ئالدىدا، مەستلىكىدىن يۈزى تويىكىدەك قىزىرىپ كەتكەن بىر سالاپەتلىك ئادەم دەلدەڭشىپ تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىدى ۋە ئاللاقىسى بۇ بىر چوڭ بەخت تىلەپ كۆپچىلىكنى ئۇنىڭغا چاقىردى. قېيناتىسى يىغلاپ تۇرۇپ قىزىنىڭ بېشىدىن نان ئۆرىدى. توي يەنە مېتىرلىق «كادىلاك» ماركىلىق پىكاپتا كۆچۈرۈلدى. كېچىلىك ۋېچىرىكىدا قادىر يەنىلا مەجبۇر ئولتۇردى. ئۇسۇل، دىسكو، تانسىلار ئوينالدى. ئۇسۇل ئوينىغان ئوغۇللارغا تويىيا، قىزلارغا شارپا تارقىتىلدى. ئاپئاق توي كۆڭلىكى كىيگەن ئايلى خۇشياللىقىدىن قىلاتتى. ئەمما قادىر خۇشال بولۇشقا تىرىشسىمۇ خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقمايتتى. ئۇ شائىرى تويىدا بىر شېئىر بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە قىلدى، يەنى رىيالىستىك قىز- يىگىت، يىگىت قولداش، قىز قولداشنى بىر مەيدان تانسىغا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ دوستلىرىنىڭ ئايلى بىلەن ئىككىسىنى قىزىل يوتقىدا باغلاپ قويۇشقا ئۇنىمىدى. ئىترابچىلار «گوركىي» دەپ تونۇلدى، ھەتتا بەزى قىزغىچى دوستلىرى قادىرنىڭ بېشىنى ئايلى تەرەپكە ئىتتىرىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئايلىنى سۆيمىدى... ئەڭ ئاخىرقى مۇزىكىدا ئاندىن ئوينىدى. ئەمما ئۇ ئايلىنىڭ زورلاشلىرىغا ئۇنىمايلا ئولتۇرۇپلا چىقىمىدى.*

قادىرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئۇيغۇر توي مۇراسىملىرىدىكى كىملىك كرىزىسىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى كىملىك ۋەسۋەسىسىدە قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئادەم ئىجتىمائىيلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ كىملىكىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەلۇم بىر خىل يېڭىچە قىممەت قارىشى ياكى ئادەت شەكلى جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا، شەخس تويقا ئەگىشىپ شۇنىڭغا ماس ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شەخسنىڭ خاسلىقى، قىممەت قارىشى ئومۇملاشقان، بازار تاپقان قىممەت قاراشلار بىلەن توقۇنۇشقاندا ئۆزلۈك قىسىلىدۇ. بۇ ھالەت ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقاندا كىملىك كرىزىسى كېلىپ چىقىدۇ. «قىممەت قارىشى ۋە قائىدە - يوسۇن بىر خىل مەدەنىيەتتىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى لايىھىلەيدۇ. ھەتتا ئوخشاش جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە قىممەت قارىشى توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.»[21] بۇ يەردە شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي مۇراسىمىدىكى كىملىككە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان مۇنداق بىر نۇقتا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. نىكاھ ئوقۇش، تۇزلۇق نان يېيىش — ئۇيغۇرلاردا تۇزنى ئۇلۇغلاش ئۆدۈمى ۋە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تەكىتلىگىنىدۇر. ئەمما تويدا ھاراق قويۇپ، ھاراق ئىچىۋېلىپ دۇئا قىلىش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق بولۇپ، كىملىكنى قۇربان قىلىشنى خالىمايدىغانلار ئۈچۈن بىر كرىزىس. بۇ يەردە مۇرەسسەگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان سىمۋوللۇق بەلگىلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇشى، تويلاردىكى كىملىك كرىزىسىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. قادىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا كۆرۈلگەن ۋەسۋەسە ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كىملىك ئىزچىللىقىنى ساقلاشقا ئۇرۇنغانلىقى، ئەمما بۇ ئىرىشچانلىقنىڭ ئېتىراپ قىلىنغان قىممەت قاراشلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. قادىرنىڭ تويىدىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر، مەسىلەن، «تويدا ھاراق قويۇش» دېگەنلەر شەھەردىكى ھەممە ئۇيغۇرغا ئورتاق بولغان بەلگىلەر بولمىسىمۇ ، ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. شەھەر توي مۇراسىملىرىدىكى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك سىمۋوللۇق بەلگىلەردىن نىكاھ ئوقۇش، دۇئا قىلىش، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە خاس سىمۋوللۇق بەلگىلەردىن يۈز ئېچىش، قىزنىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈش، قازاقچا خاس مەدەنىيەت بەلگىلىرىدىن جىرلاش، تاتارغا خاس بەلگىلەردىن ئادىنوچكا ئويناش، غەرب مەدەنىيىتىگە تەۋە بەلگىلەردىن ئىجارىگە ئېلىنغان توي كۆڭلىكى كىيىش؛ خەنزۇغا خاس بەلگىلەردىن سەپ - سەپ ماشىنىدا توي كۆچۈرۈش قاتارلىقلار توي مۇراسىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدا كۆپ خىل مەدەنىيەت، ھەرخىل مىللەت بىلەن ئۇچرىشىپ قوبۇل قىلغان «ئەبجەش مەدەنىيەت»ى ۋە «زىددىيەتلىك كىملىك» نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق ئىجتىمائىي پاكىتقا دىققەت قىلىش كېرەك: شەھەر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەيدۇ. ئەمما، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمى ئىسلامدا ھارام دېيىلگەن يېمەكلىكلەرنى

يىمەسلىك بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئۆلچەملىرىدىن بولغان بەش پەرز ۋە سۈننەتلەر شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى تەرىپىدىن ئادا قىلىنسا ، يەنە بەزىلەر تەرىپىدىن ئادا قىلىنمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا شەھەردىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋېلىشىغا گۇمان تۇغۇلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئىجتىمائىي پاكىتتۇر. جەمئىيەتشۇناسلىق پىرىنسىپىنىڭ ئاساسچىسى، مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركىم (1858 ـ 1917)ئىجتىمائىي پاكىتقا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «ئىجتىمائىي پاكىت ــ شەخسنىڭ تۇرمۇشى ۋە خاس سېزىملىرى سۇبيېكتىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇد بولىدىغان رېئاللىقتۇر. بۇ خىل رېئاللىقتا شەخسنىڭ ھەرىكەت، پىكىر ۋە تۇيغۇ ئەندىزىسى ئەكس ئېتىدۇ. ئىجتىمائىي پاكىتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ئالاھىدىلىكى ــ ئۇنىڭدا شەخسكە نىسبەتەن مەجبۇرلاش كۈچىنىڭ بولغانلىقىدا. كىشىلەر ئىجتىمائىي پاكىتنى قوبۇل قىلغاندا، ئىستىخىيىلىك ھالدا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئەندىزىلەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىجتىمائىي پاكىت ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ قويىدۇ.»[22] ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش، كۆپ خىل مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش، ئارىلاشما مەۋجۇدلۇق داۋامىدا باشقىلاردىن مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ساقىندىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىمۇ بىر پاكىت. قادىرغا ئوخشاش شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىملىك ۋەسۋەسىسى ــ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي پاكىت ئۇلارنىڭ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى، خاس ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىزچىللىقى بىلەن مۇخالىپ كەلگەندە كۆچىيىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا قادىر تويىدا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلالمىدى؟ بىرى ، ئۇ ئىجتىمائىي پاكىتنىڭ، ئېتىراپ قىلىنغان قىممەت قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ ، ئۆزىنىڭ كىملىك ئېھتىياجىنى قۇربان قىلدى. يەنە بىرى ، باشقىلارنىڭ «ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ» دېيىشىدىن قورقۇپ ، ئۆز تۇيغۇلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھادىسە مىكرو جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە «تەسىرات باشقۇرۇش» ئاتالغۇسىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ: «كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ قالىدىغانلىقى ۋە باھاسىغا جىددىي قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈلدىكى سان بويىچە باھا بېرىشى ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇلدا تەسىراتلىرى، چىراي ئىپادىسىنى كونترول قىلىدۇ.»[23] ئادەمنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئىجتىمائىي ھەرىكىتىدىن كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشنى تەھلىل قىلىشتا داڭق چىقارغان ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېرۋىڭ گوفمان «تەسىرات باشقۇرۇش » (印象管理, impression management) ئاتالغۇسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، «باشقىلاردا قالدۇرىدىغان تەسىرىمىزنى لايىھىلەش، كونترول قىلىش ئۈچۈن سېزىم، چىراي ئىپادىلىرىمىزنى باشقۇرۇش جەريانى» [24] دەپ چۈشەندۈرىدۇ. توي مۇراسىملىرىدا كىشىلەر قادىرغا ئوخشاش چىراي ئىپادىسى، تۇيغۇلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ. باشقىلارغا ياخشى تەسىرات بېرىش ياكى جەلپكار كۆرۈنۈش ئۈچۈن رول ئالىدۇ. بۇ پەردە شەخسنىڭ نامايان قىلىۋاتقىنى ھەقىقىي ئۆزلۈك بولۇشى ناتايىن. ئۇيغۇر توي مۇراسىملىرىدا ئاجايىپ چىرايلىق، يارىشىملىق كىيىنگەن، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان نازاكەتلىك ئاياللارنى ئۇچرىتىمىز. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئائىلىسىدە تازا كوت ـ كوت، ئازازۇل خوتۇنلاردىن بولۇشى مۇمكىن. تويدا يەنە قىممەت پۇللۇق كىيىم كىيگەن سالاپەتلىك ئەرلەرنى ئۇچرىتىمىز. بەلكىم ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئائىلىسىدە تازا زوراۋان ئەرلەر ياكى ئىشتا ھېيت ئويناپ ئىچىدە ھازا ئېچىۋاتقانلاردىن بولۇشى مۇمكىن. توي مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئەمەلىيەتتە رول ئېلىشتۇر. «سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى» نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشقان بلۇمېر (1900 ـ 1987 ) ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى «رول ئېلىش» توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «رول ئېلىش ــ ئۆزىمىزنىڭ ئۆزلۈكى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ نامايان قىلىش جەريانى»؛ جورج مېد (1863 ـ 1931)نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «باشقىلارنىڭ كۈتكىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىشكە تىرىشىشتۇر. رول ئېلىش خەۋەرلىشىش ۋە سىمۋوللۇق ئالاقىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر .»[25] بۇ جەرياندا ئۆزلۈكىمىز ئۆزىمىز ئىپادە قىلغان، ئاشكارىلىغان شەكىلدىلا نامايان بولىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا بىر كىشى ئىپادە قىلغان ئۆزلۈكنىڭ چىن ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى ئايرىتىش تەس. چۈنكى بۇنداق سورۇندا ھەممە ئادەم ئۆزلۈكىنى بېزەپ ئىپادە قىلىدۇ. قادىر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ، دەپقالماسلىقى ئۈچۈن رول ئالدى: ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ھاراق قۇيدى، قىممەت پۇللۇق پىكاپ ۋە ئايالىنىڭ توي كۆڭلىكىنى ئىجارىگە ئالدى، تويىنى ياۋروپا پاسونىدا قىلىشقا كۆچىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىن ئۆزلۈكى قىسىلىپ، باشقىلارغا سۈنئىي ئۆزلۈكى ئاشكارىلاندى. قىسىلغان ئۆزلۈك ئۇنى كىملىك ھەققىدە ئويلىنىش، ئىچ پۇشۇقى تارتىشقا مەجبۇر قىلدى ۋە تەبىئىي ھالدا «مەن كىم؟ ئۇيغۇر دېگەن كىم؟» دېگەن سوئال كېلىپ چىقتى.

ئۇنداقتا ، رول ئېلىشنىڭ كىملىك بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ «رول ئېلىش ــ كىشىلەرنىڭ كىملىكنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشى .» [26] كىملىكنى باشقىلارغا ئېتىراپ قىلدۇرۇش تىرىشچانلىقى ئىنسان ھەرىكىتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، كىشىلەر رول ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كىملىكىنى مۇقىملايدۇ، ئۆزىگە باھا بېرىدۇ. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە «ئىجتىمائىي كىملىك شەخسنىڭ قەلبىدە غايىۋىلەشتۈرۈلىدۇ، شەخس ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا كۆچىيدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەخسنىڭ رول ئالغاندىكى ئىجتىمائىي كىملىكى بىلەن ئۆز كىملىكى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ.

ئادەم بەك غايىۋىلىشىپ كەتكەندە رول ئېلىپ ئۆزىنى تونۇتۇشقا كۆچەپ كېتىدۇ-دە، ھەمىشە ئىجتىمائىي ئالاقىدە باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە بەرگەن باھاسىغا قايىل بولمايدۇ.» [27] رول ئېلىۋاتقان ھەر قانداق ئادەمنىڭ كىملىكىدە ئىككى خىل تەركىب بولىدۇ. بىرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن باغلىنىشلىق بولغان دائىملىق تەركىب. يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدا غايىۋىلەشكەن ئالاھىدە تەركىب. كىملىكتىكى ئىككىنچى تەركىب، يەنى ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى ھالىتىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىش — ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتناشقان كىشىلەرنى ھەشەمەتخورلۇق، داغۋازلىق، سۆلەتۋازلىققا ئۈندەيدىغان ئىچكى سەۋەب.

ئۇنداقتا، مۇسۇلمانلىق كىملىكى بىلەن نىكاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن تۈزلۈق نان يەپ، دۇئا ئوقۇلۇپ يەنە ھاراق ئىچىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بۇ ئىستەكنى يوق قىلىش ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىچكىلىك سەۋەب بار؟ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە ئىجتىمائىي كونترول ۋە ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە كىملىك كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىچكىلىك ئامىلدۇر. بولۇپمۇ ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلىدىغان كىشىلەر خاس كىملىكنى تىكلەش جەريانىدا ئىدېئولوگىيىنىڭ يوشۇرۇن توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ. خاس كىملىككە ئىنتىلىدىغان كىشىلەر ئۆز قىممەت قارىشىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىدېئولوگىيىنىڭ ساقىندىلىرىنى قوبۇل قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. ئەمما «باللىق دەۋرىدە ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرى ئادەمنىڭ قەلبىگە بالدۇرلا ئىزنالىرىنى قالدۇرغان بولغاچقا، ساپ كىملىكنى قوغلىشىدىغان ئادەملەر كۈچلۈك ئىدىيە كۆرىشى ئىچىدە قالىدۇ.» [28] بۇنداق ئەھۋالدا كىملىك ۋەسۋەسى «كىملىككە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەسلىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشان، قارار چىقىرىش، كىملەر بىلەن دوستلىشىش، نېمىدە چىڭ تۇرۇپ، نېمىگە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئادىششىش»[29] ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق روھىي ھالەت بىر جەمئىيەت خاس كىملىك بەرپا قىلغۇدەك ئىمكانىيەتلەرنى تارايتىپ، ئاستىرىتتىن كونترول قىلىشنى كۈچەيتكەندە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. پېتېر بېرگېر (1929 —) «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىيلىقى» (Social construction of reality)دېگەن مەشھۇر كىتابىدا: «ئادەتلەنگەن ھەرقانداق بىر ھەرىكەت ئىجتىمائىي كونتروللۇق ئاستىدا بولىدۇ»[30] دەپ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ كىملىكىمىز ۋە ئۆزلۈكىمىز ئىجتىمائىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە: «جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاۋام ئەركىنلىكىنىڭ نەتىجىسى.»[31] ئانتونىي گىددېنىسنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشىچە بولغاندا، «بىز ئىجتىمائىيلىق بەرپا قىلغان شەخسلەرمىز. زامانىۋىلىشىشقا كۆچەش داۋامىدا ئۆزلۈكىمىزدە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك كۆرسەتمە خاراكتېرلىك ئۆچۈرلار ئىپادە بولىدۇ». بىزنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي كىملىكىمىز زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## رەڭلىك سورۇنلاردا كىملىك كىرىزىسى

بىز كىملىك كىرىزىسىنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدىكى ئالامەتلىرىگە نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىمىزدا يېقىنقى ئونىنچىچە يىل داۋامىدا پەيدا بولغان «رەڭلىك ئولتۇرۇش» ئۇقۇمىنىڭ ۋە شۇنداق ئولتۇرۇشلار ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان سورۇنلارنىڭ مۇسۇلماندارچىلىق كىملىكىدىن پەخىرلىنىدىغان، ئەمما مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمىنى تۇرمۇشىدا ئادا قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كىملىك كىرىزىسىگە سىمۋول بوپقالغانلىقىنى بايقايمىز. رەڭلىك ئولتۇرۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىشى داۋامىدىكى بىر ھادىسە. ئەمما ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىلا مەۋجۇد ھادىسىمۇ ئەمەس؛ شۇنداقلا ھازىرقى دەۋرىمىزدىلا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىمۇ ئەمەس. ئەمما ئۇ ئۇيغۇر ئەرلىرى، ئۇيغۇر يىگىتلىرى، ئۇيغۇر قىز-چوكانلىرىنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدىكى كىملىكىنى سۈرۈشتۈرگەندە مۇقەررەر ھالدا ئەستىن كېچىدىغان بىر تۇرمۇش كارتىنىسى. ماقالىمىزدە تەھلىللىرىمىزنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدىغىنى ئۇيغۇر جىنسىيەت ئەخلاقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئەپسۇسلۇق ياكى قاقشاش ئەمەس، «ئەرلەردىكى سەۋەبمۇ ياكى ئاياللاردىكىمۇ؟» دېگەننى چۆرىدەپ تارازىدا گۇناھ ئۆلچەشمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ ھادىسىنىڭ شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى كىملىك كىرىزىسىنىڭ ئايرىم بىر ئالامىتىنى ئۆزىدە قانداق ئىپادە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش.

## *ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش (3)*

*يىغىن زالىنىڭ بىرىنچى رېتىدە ئولتۇرغان يەھيا مۇنبەردە يىغىننى باشقۇرۇۋاتقان ئىدارە باشلىقى «يىغىن تۈگىدى!» دەپ ئېلان قىلغاندىلا يېنىك بىر تىندى. ئىككى يېرىم كۈن داۋاملاشقان كەسپىي خىزمەت يىغىنىنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى جاكارلىنىدىغان بۇ زالغا يەھيا كېچىكىپ كىرگەندى. ئۇ يىغىن زالىغا كىرگەندە ئاخىرقى رەتلەردە ئورۇن قالمىغانىدى. ئۇ بىردەم تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئاخىرقى رەتلەردە يىغىننىڭ مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇۋاتقان بىر خېنىم كادىر ئۇنىڭغا بىرىنچى رەتتىلا ئىككى-ئۈچ ئورۇن بارلىقىنى ئېيتىپ شۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. يەھيا تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى، جىددىيلەشتى، ئۆزىنى كېچىكىپ قالغىنى ئۈچۈن ئىچىدە تىللىدى. ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرغىچە يۈرىكى سېلىپ، قەدەملىرى ئالمىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىزدىن بۇيان يىغىن ئېچىلغاندا نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئالدى رەتلەردە ئولتۇرۇشقا شەرتى توشمايدىغاندەك، ئاخىرقى رەتلەرنى، كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقماي كېتىدىغان ئورۇنلاردا ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئالدىنقى رەتتە باشلىقلار، تۆۋەنرەكلىكى سالاھىيىتى توشىدىغانلارلا ئولتۇراتتى. ھېچكىم ئۇنداق دەپ بەلگىلەپ قويمىسىمۇ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ دىققەت مەركىزىدىن ئېلىپ قاچاتتى. ئۇ ئادەتتە بىرەر يىغىن ئىزالىرى يىغىنى ياكى يىللىق خۇلاسە يىغىنى ئېچىلغاندا، زالدا بىكار قالمىسا بولمايدىغان يەرگە يېتىكەندە، ئۇنىڭ ئاخىرىدا*

*نەچچە ئېغىزلا پىكىرنى ئېيتاتتى. بولمىسا، كۆپىنچە ھالدا «يولداشلاردا دېيىلگەن گەپلەرگە قوشۇلىمەن » دەيتتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق سۆزمەس كىشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەسلىكى سەۋەبچى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدا ئىدارىسىدە ئۆزىنى يەر كۆرۈش تۇيغۇسى مەۋجۇت ئىدى. خەنزۇ باشلىقلار باشلىقى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇنى « ئارتىنچىلىق، رادىل ئادەم » دەپ قاراپ پىكىرنى ئېنىق قويۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. لېكىن ئۇ ھەر قانچە رادىل بولاي دەپ بولالمايتتى، ئۆزىگە ئىشىنىشنى دەپ ئىشىنەلمەيتتى! جامائەت ئالدىدا سۆزلىشتىن، باشلىقلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورقىشنى بىلەن خىزمەتتىن رادىل ئىشلەيتتى. ئۇ ئىشخانىدا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتاي دەپ تۇرغىنىدا يەنە بىر مەسئۇلى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان دوستى تەرىپىدىن تېلېفون قىلىپ كېچە «رەڭلىك سورۇن » بولىدىغانلىقى، بۈگۈنكى«قوچقاچ » لارنىڭ بەك گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، كەلمەي قالماسلىقى كېرەكلىكىنى تۇتقۇزدى. يەھيا ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. خېلى يىلدىن بېرى، ئۇ خىزمەتتىن ھېرىپ چارچىغانلىرىدا « رەڭلىك سورۇن »لار ئارقىلىق بولسىمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ئادەتلەنگەنىدى.*

## ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(4)

*ئىزىز ئىككى رومكا لىقلاپ قۇيۇپ بىرىنى ئۆزى ئېلىپ، بىرىنى كېرەمگە بېرىپ ئۇنى بۇلۇڭغا تارتتى:*

*— جېنىم ئاداش، بۈگۈن نېمە بولدۇڭ، ئېچىلالمايلا كەتتىڭغۇ؟ سالار بەك كاتتا دېيىدىن، راخمانسىڭمۇ بىر كۆڭۈل ئاچقۇسى بار ئىكەن. سەن ئېچىلمىساڭ سورۇن سۇسلىشىپ قالىدىكەن. ئۇلۇزنىڭ كۆزى سەندىلا، ئىش كۆرمىگەن نەرسىدەك قىلمىغىن. ئاستا- ياستا ئارتىپ قوي. ئارتۇق ئىشنى ئويلىما.*

*ئىزىزنىڭ ئاغرىقى كېيىن خۇردى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغاندەكلا چىققاندى. شۇ چاغدا ئاتلار ئېغىز ئاچتى.*

*— ساقىي، خاپا بولماي ماڭا ئىككى رومكا بېرەمسىز؟ كېرەمگىم بىلەن بىر ئىچىۋالاي...*

*— ياخالا! ئوغۇلبالىدەك قىز ئىكەنسىز جۇمۇ! — ئىزىز ئالدىراپ يۈرۈپ ئىككى رومكا بىۋا قۇيۇپ ئاتلارغا سۇندى.*

*ئاتلار كېرەمگە بىر ئىستاكان پىۋىنى سۇنۇپ، يەنە بىر ئىستاكاننى كۆتۈردى:*

*— كېچىلەك، سىز ياكى سەھرالىق ئىكەن دەپ يارانمىسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما سىز بىلەن دوست بولۇۋالغۇم بار. يا دوست بولۇۋالارمىز، يا سىڭلىڭىز قىلىۋالارسىز.*

*(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2008- يىل 1- سان، «ئەگەر ھاياتنى قايتۇرغىلى بولسا» ناملىق پوۋېستتىن)*

بۇ مەسىلىلەردا يەھيا بارماقچى بولغان، كېرەم قاتنىشىۋاتقان «رەڭلىك سورۇن» دا «قوچقاچ»، « سىڭىل» دېگەن سۆزلەردە كىملىك مەنىسىنىڭ كۆچۈۋاتقانلىقى بىر پاكىت. بىز يەھيا ــ ئۇيغۇر ئەر، كېرەم ــ ئۇيغۇر يىگىت، ئاتلار ــ ئۇيغۇر قىز دېگىنىمىزدە ، ئۇلارنىڭ بىر تولۇق ئىجتىمائىي كىملىكىنى تەسۋىرلەۋاتقان بولمىمىز. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي كىملىكى پۈتكۈل مىللىي كىملىككە تەڭ ئەمەس. توغرىراقى، يەھيا ھەممە ئۇيغۇر ئەرنىڭ، ئاتلار ھەممە ئۇيغۇر قىزنىڭ، كېرەم ھەممە ئۇيغۇر يىگىتنىڭ كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىدە كىملىك كرىزىسىنىڭ ئالامەتلىرى بولغان ئەسلىي ئۆزلۈكىدىن يىراقلاش، ئۆزىدىكى قىممەت ۋە ئەھمىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ قېلىش، ئەخلاق چېگىرىسىنىڭ يىمىرىلىشى، نىشاندىن ئادىشىش (ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك) ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ھەممىسى روھىي دۇنياسىدىكى مەنىسىزلىك تۇيغۇسى، ئىچ پۇشۇقىنى يوقىتىش ئۈچۈن «رەڭلىك سورۇن»غا كۆنۈككەن. تېخىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى، ئىككىنچى مەسىلىدىكى ئانارنىڭ سورۇندىكى كىملىك ئېھتىياجىغا ــ كېرەمنىڭ «سىڭلىسى» بولۇشنى خالىشىغا نېمە سەۋەب بولغان؟ يوقسۇزلۇق ۋە موھتاجلىق. بىز كىملىك كرىزىسىنىڭ «رەڭلىك سورۇن»دىكى ئىپادىسىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، كېرەم بىلەن ئانار ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ نەزەر ئاغدۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. سەۋەبى، پاراڭ بىلەن شۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چۈرگىلەۋاتقان ھوقۇق-ئىمتىياز ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. «ھەر قانداق بىر پاراڭ سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچى ياشاۋاتقان سىياسىي دۇنيادىن بېشارەت بېرىدۇ.» [32] شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىچ پۇشۇقى، روھىي بېسىم پاراڭ ھالىتىدە ئەكس ئەتكەندە، سۆھبەتنىڭ تېمىسى جىنسىيەتنى چۆرىدەيدۇ» [33] ، «جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭلار ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتا ئېغىر بىر ئەھۋالدا قالغىنىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەم ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئەخلاق قورغانلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان مەخلۇق ۋە ياۋايى تەرىپىنى ئاشكارىلاشتىن باش تارتمايدۇ.»[34] مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس فوكاۋ يەنە پاراڭ بىلەن ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مۇناسىۋەتنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «ھوقۇق پاراڭ ۋە كۆنۈككەن تۇرمۇش شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. پاراڭ بولسا ئۇي ۋە مەۋجۇدلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆزىمىز توغرىسىدا قانداق ئويلايدىغىنىمىز پاراڭلىرىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز پاراڭنىڭ سۇبيېكتىغا ئايلىنىمىز.»[35] بۇ «رەڭلىك سورۇن»دا چىن مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر كېرەم بىلەن لالەنىڭ پارىڭىدا ئازراق بولسىمۇ مۇھەببەت ئېلېمېنتلىرى بار دېيىلسە، ئۇنداقتا شۇنى دېيىش كېرەككى، بۇنداق ئەھۋالدا «مۇھەببەت بىمەنە رېئاللىقتىن دالالەت بېرىدىغان ئەينەك»تۇر. كېسەل جەمئىيەتنى تەھلىل قىلىش بىلەن داڭق چىقارغان ئېرىخ فىروم تاۋار ۋە پۇل كونترول قىلىدىغان جەمئىيەتتىكى مۇھەببەت توغرىلىق مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ: «مۇھەببەت كۆپىنچە ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سودىدۇر. كىرىم، چىراي، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى قاتارلىقلار بۇ سودىدا قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.» [36] تاۋار كىملىك ئېھتىياجى پەيدا قىلىدۇ ۋە شەخستىن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئانارنىڭ يېڭى كىملىكىدە شەھەرلىشىش داۋامىدا مەنىسىدە ئۆزگىرىش،

كېگىيش بولغان «سىگىل» ئاتالغۇسىنى خالاپ قىلىشى ئۇنىڭ موھتاجلىقىدىن، كىرەمنىڭ پۇلغا ھاجىتى چۈشكەنلىكىدىن، كىرەمدە پۇل بولمىسا، رەيھاندا چىراي بولمىسا، يەنى ئالماشتۇرىدىغان قىممەت بولمىسا، بۇ «رەڭلىك سورۇن» تۈزۈلمەيدۇ.

تۇرسۇن مەمەت، ئابدۇللەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي — ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدىكى «كىملىك كرىزىسى» گە ئەسەرلىرىدىن ئەڭ بالدۇر ئورۇن بەرگەن يازغۇچىلاردۇر. ئەر-ئاياللاردىكى كىملىك كرىزىسىنى ساپ ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بەرگەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى. ياپونىيە يازغۇچىسى كاۋاباتا ياسۇنارىي ئۆزىنىڭ «ئۇيقىدىكى ساھىبجامال» ناملىق پوۋېستىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جاراھىتىدىن چۈشكۈنلىشىپ، ئاياللىرى ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەرگە «ھەمراھ خېنىم» (comfort woman)بولغان ياپونلارنىڭ شۇ چاغدىكى رېئاللىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. 2001-يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەنگلىيە يازغۇچىسى نايپاۋل بولسا «ھىندىستان: يارىلانغان مەدەنىيەت» تە بۇ خىل رېئاللىقنى «بويسۇندۇرۇلغان بىر مىللەت دەپسەندە قىلىنىۋېرىپ ئۆزىنى پەس كۆرىدىغان بوپقالغان»[37] دەپ چۈشەندۈرىدۇ. (گەپ بۇيەردە ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھىندىستان ھەققىدە بارىدۇ.)

بىز يەھيا بارلىق ئۇيغۇر ئەرنىڭ، كېرەم بارلىق ئۇيغۇر يىگىتنىڭ، ئانار بارلىق ئۇيغۇر قىزنىڭ مىللىي كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ دەپ ئېيتتۇق. ئۇنداقتا، «رەڭلىك سورۇن»، «قۇشقاچ»، «سىگىل» (كىملىك مەنىسىدە كېگىيش بولغان سىگىل ئاتالغۇسى) دېگەن تېرمىنلار شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قانداق ئۇمۇملاشتى؟ يەھيانىڭ مەمۇرىي ئورگاندا ئىشلەپ سەۋەبسىز ھالدا ئۆزىگە ئىشىنەلمەسلىكى، ئۆزىدىن خۇدۇكسىرىشى نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ بۇ ئىجتىمائىي پوزىتسىيىنىڭ نېگىزىنى ئىزدىسەك، «مەلۇم بىر خىل كۆز قاراش جەمئىيەتتىكى بىر تۈركۈم ئادەم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا، شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شۇنچە تېز بازار تاپىدۇ.»[38] ئومۇملاشقان كۆز قاراش ئىجتىمائىيلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي كىملىكى مۇقىملىشىپ بولالمايۋاتقانلارغا ئاسان سىڭىدۇ. بۇ، «ئۆزلۈكتىن يىراقلاش» (alienation of ego)نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئۆزلۈكتىن يىراقلاش — نېگىزىدىن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ چىن ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش»[39] دېگەنلىكتۇر. ئۆزلۈكىدىن يىراقلاش ئىككى خىل نەتىجە پەيدا قىلىدۇ. بىرى، كىملىك كرىزىسى — يەنى ئۆزىدە بۇرۇن بولغان خاس ئالاھىدىلىكلەردىن ئايرىلىپ قېلىش؛ يەنە بىرى، تاۋار ئۇچۇن ياشاپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، ئازابنىڭ يىلتىزىنى كۆرمەسلىك، كۆرسىمۇ كۆرمىگەنگە سېلىش. چۈنكى، «تاۋار — چىن ئادەمىيلىكنىڭ گۆركارى. ئادەم تاۋارنىڭ قۇلى بولۇپ ياشىغاندا روھىي دۇنياسى قۇرۇپ، ئۆزىگە بېسىم ئېلىپ كېلىۋاتقان رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى خاتا تونۇيدۇ.»[40]

يەھيادىكى خۇدۇكسىرەش، ئۆزىنى كەمسىندۈرۈش تۇيغۇسى ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىجتىمائىيلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئىجتىمائىيلىشىشتا ھوقۇق ۋە نوپۇزغا چوقۇنۇش خاھىشى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئاڭلىق، ئاڭسىز رەۋىشتە سىڭىپ، ئۆزلۈكىنىڭ زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سەۋەبى، «ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا سىياسىي جەھەتتىن ئىجتىمائىيلىشىشتۇر. سىياسىي جەھەتتىن ئىجتىمائىيلىشىش ئىككى خىل بولىدۇ. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مائارىپنى شكار قىلغان سىياسىيونلار ۋە سىياسىي ئورگانلارنىڭ پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا پۇقرالارغا سىياسىيلاشقان ئۇچۇر، قىممەت قارىشى ۋە سىياسىي ئېتىقادىنى سىڭدۈرۈش جەريانى. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ — ئادەمنىڭ سىياسىي تۈزۈم تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تەشەببۇس ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزىدە سىڭدۈرۈش جەريانى.»[41] ئانار، كېرەملەرنىڭ ئۆزلۈكتىن يىراقلىشىشى، يەھيانىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئىجتىمائىيلىشىۋېرىپ ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولغان مەمۇرىي ئىدارىدە ئۆزىنى پەس كۆرۈشى — دەل بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان كىملىك كرىزىسىدۇر.

## 2. ئۇيغۇر ئېپىيەت قارىشىدا كىملىك كرىزىسى

شەھەر جەمئىيىتىدە مۇنداق ئىككى خىل قارىمۇ - قارشى ئەھۋال ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ، ئوغۇلنىڭ، قىزنىڭ كىملىكىگە سوراق بەلگىسى قويۇۋاتىدۇ. بىرى، نامراتلىق؛ يەنە بىرى، نامراتلىقتىن ئەمەس، توقچىلىقتىن ئەسلىدىكى كىملىك ئوبرازىنى يىتتۈرۈش. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 1-سانىدا ئايگۈل ئەمەت «يېڭى مېھمان كىچىنىڭ قىزلىرى» ناملىق پوۋېستىدا بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ بىر قىز بىلەن كېچىدە مەلۇم بىر مېھمانخانىغا ياتاق ئاچقىلى بېرىپ ئۆزىدىن بۇرۇن مېھمانخانىغا بىر قىزنى باشلاپ كەلگەن دادىسى بىلەن «دوقۇرۇشۇپ» قالغانلىقىنى يازىدۇ. يىگىتنىڭ ئائىلىسى باي، ئەمما تۆۋەندىكى مىسالدا پۇل تاپالمىغان بىر ئۇيغۇر ئانا ئۆز قىزىنىڭ پاھىشە بولۇشىغا نائىلاج يول قويىدۇ.

### *ئۇيغۇر شەھەر تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش(5)*
### «كېچىلىك بەزمىخانىدىكى نازىنىن قىزلار»

*(مەريەم ئابدۇراخمانىڭ شۇ ناملىق زىيارەت خاتىرىسىدىن قىسقارتىلدى)*

*... بەزمىخانىلاردا «ئۆجىكە ھەمراھ» بولۇپ پۇل تاپىدىغان ستۇدېنت قىزلار بىلەن ساقچىلارنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق كۆرۈشتۈم... ئۇلارنىڭ ئىچىدە «گۈلزار» ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىز دىققىتىمنى تارتتى... ئاپىسى بىلەن ئۆزىنى دادىسى كىچىكىدىلا تاشلىۋەتكەچكە، ئۇلار ئاپىسىنىڭ مائاشى بىلەن جېنىنى جان ئېتەتتى... ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئىككىنچى يىلى گۈلزار ئۆزگىردى، ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلىرىدەك ئېسىل كىيىملەرنى كىيگۈسى*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*كېلەتتى... شۇ شاخەرى بەزمىخانىلارغا بېرىپ «خېنىم» بولۇشنى تاللىدى... بەزمىخانىدا گۈلزارلەرنىڭ «خېنىم» قىزلار جىق ئىدى... گۈلزارلىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ مېنى ھەيران قالدۇردى... ئانا قىزىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەن؛ قىزىنىڭ ھالسىراپ سولىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر ھەپتىدە كېلىشىدە قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، ئىسسىقلىق دورىلىرىنى قايناتىپ ھوراپ قويىدىكەن! مۇنداقچە ئېيتقاندا، قىزىنىڭ ئۇ يول بىلەن پۇل تېپىشىنى قوللايدىكەن. قىزىنىڭ تاپقان پۇلىغا كۆنگەنىكەن...*

*مەن بەزمىخانىدىكى ستۇدېنت قىزلار بىلەن سۆھبەتلىشىش داۋامىدا «شاۋچېك ھەمراھ» بىر ئايلىق ھەر كۈنى بېجىرىم ئىرىنىڭ ۋېلسىپىت بىلەن ئەكېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، يەنە بەزى قىزلارنىڭ يۈرگەن يىگىتلىرى بولۇپ، بۇ ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزمىخانىدا تاپقان پۇللىرىنى تەڭ خەجلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇم....*

شەھەرلىشىش داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يوقاتقانلىرىمۇ ئوخشاشلا كۆپ بولدى. ئەڭ ئېغىر بەدەللىرىدىن بىرى مۇستەھكەم ئەخلاق قورغانلىرى [42]، جەددىي قارايدىغان ئېپپەت ئۆلچەملىرى[43]، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، ئائىلىدىكى پەردىشەپ ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا «ئاتا كىم؟ ئانا كىم؟ يىگىت كىم؟ قىز كىم؟» دېن ئىبارەت ئەنئەنىۋى كىملىك ئەخلاقىغا قويۇلغان سوئال شەھەرلىكلەرنى گاڭگىراتتى. ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، كىملىك كرىزىسىنىڭ ئالامەتلىرى قەھرىمانلىق، تراگېدىيە تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ بىتچىت بولۇشى، شەخسنىڭ ھەرىكىتى ئۆزى ياشاۋاتقان تۇپنىڭ تارىخىي ئىزچىللىق داۋامىدا ياراتقان قىممەت قاراشلىرىغا ماس كەلمەسلىك ھالىتىدە كۆرۈلدى. بۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا «ئۇيغۇر گېنىدا قەھرىمانلىق، تراگېدىيە تۇيغۇسى قانداق ئىپادىلىنەتتى؟» دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر ئانىلىرى، ئۇيغۇر قىزلىرىدىكى قەھرىمانلىق، تراگېدىيە ئېڭىنى «ئانا يۇرت» رومانىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

*ئىكرەمخان:*

*— ئانىسى خېنىمغۇ بۇ، ئابدۇمەر ھاكىم؟ - دېۋىدى .*

*— ئا...ئا... ئانىسى، - دېدى ئابدۇمەر ھاراسلا تۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك جالاقلاپ تىترەپ.*

*— ئۇنىڭچە كۆڭلۈڭ بولغاندىكىن قۇتقۇز-دە! - دېدى ھۆسىيىن تىلاۋۇت جىددىيلىشىپ، - ھەي ئەسكەرلەر قېنىماڭلار، ئاتساڭلارمۇ قېنىماڭلار!*

*...*

*— ئانىسى دېگەن سەنمۇ؟ - دېدى سالچىي باشلىقى.*

*— ھەئە، - ئارانلا تۈرە بولالىغان ئايال ھالسىز ئىڭگىرىدى.*

*— بالىلارنى يىققىنىڭ راستمۇ؟*

*— ئىنقىلابچىلارنى باقتىم، ئاش سۇندۇم.*

*— ...*

*— سەنمۇ قارشىمۇ؟*

*— ھەئە، قارشى!*

*— خىخ، قارشى بولساڭ ئۆلىسەن شۇ. قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ؟*

*— سەنمۇ ئۆلىسەن، قىساس ئالىدىغانلار چىقىدۇ.*

*يەرگە تاپىنىۋالغان ئابدۇمەر ئانىسىگە يالۋۇرار:*

*— ئانىسى، ئۇنداق دېمە، ئۇۋال قىلساڭ ئېتىلمايسەن.*

*— ئۇففۇي!... سەندەك غالچىلىق، چېقىمچىلىق قىلىپ ياشامدىمەن؟ ئۇنداق ھاياتتىن ئۆلۈم ئەلا ئېتىشسا!...ئېتىشمامسەن؟*

*سالچىي باشلىقى ئەسكەرلەرگە ئىشارەت قىلىۋېدى، ئەسكەرلەر ئايالنى نېرىغا — ئېرىق ئىچىگە سۆرەپ ئاپاردى. «گۈم، گۈم، گۈم»، قولىدا قېلىن يۇقىدىن باشتا ھىجىيىپ يېڭى ئايالغا ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى.*

*— ئانىسىا!... ئابدۇمەر يانتاقلىقتا سىلىنگەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ھۆركىرەپ يىغلىدى.*

*سەبىخە يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى.*

*سەبىخىگە ئۈچ قېتىم ئوق تەگدى.*

*— ئانىسى... سەبىخە... — ئابدۇمەر بېشىنى چاڭگاللاپ ھۆركىرەپ يىغلىدى... — ئۇۋالچىلارغا قالدىمغۇ مەن .. .ھۇا!.. ھۇا! ...ھۇا!...*

*— ئىرىڭ ئەر سېنىڭ، ھايۋان! - تاراتوف ئۇنى سىلكىدى.*

*ئۇيغۇر خەلقى ئىككى ئوقۇتقۇچىدىن ئايرىلدى. ئىرچىچە يۈز بالا بۇ ئىككى سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ مەھەللىداپ يۈرگەن چىبىرىككىلەرگە يىرۋاتمۇ قىلىشتى:*

*— ئەزىزا، ئەزىزا، ئانىسى ئايىلى .*

*— ئەزىزا، ئەزىزا، زەينەپ ئايىلى! - دەپ ساتىم ناخشىسىنى ياڭرىتىپ كېتىشتى.*

— (زوردۇن سابىر: «ئانا يۇرت» رومانى 2 - توم 850 - ، 851 - ، 852 - ، 853 - بەتلەر)

مەرىيەم ئابدۇراخماننىڭ زىيارەت خاتىرىسىدىكى قىزنى قوللاۋاتقان ئانا بىلەن «ئانا يۇرت» رومانىدىكى ئانىسىيە سېلىشتۇرۇلغاندا، تراگېدىيە، ئازاب ئېڭى ئۆلسە، قانداق زور پەرق كۆرۈلىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مېھمانخانىدا ئوغلىغا دوقۇرۇشۇپ قالغان دادا بىلەن «ئانا يۇرت» رومانىدىكى ئانىسىنىڭ ئېرى ئابدۇمەر ئەر كىشىدە قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ئۆلسە كىملىك كرىزىسىغا پاتىدىغانلىقىنى سەمىمىزگە سالىدۇ. يېقىنقى بەش - ئالتە يىل مابەينىدە ئۇيغۇر ئەرلىرىدىكى كىملىك كرىزىسى ھەققىدە نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، ئەخلاق كرىزىسى ھەققىدە ئابدۇرېھىم دۆلەت كۈچلۈك قەلەم تەۋرەتتى. نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن «دۇنيا ئەر دەپ يىغلايدۇ»[44] دەپ سوئال قويسا، ئابدۇرېھىم دۆلەت مۇنداق دەيدۇ : «مەن يۇقىرىقىدەك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، بۇزۇقچىلىقنى مەسىلىنىڭ ئۆزى دەپ قارىمايمەن ... مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ بۇ ئىشلارنى نورمال ھادىسە سۈپىتىدە (توغرا) چۈشىنىپ ئەپۇ قىلىشى.»[45] بىز يەنە ئۇيغۇر ئەرلىرىدە شەھەرلىشىش داۋامىدا كىملىك كرىزىسى كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى تۇرسۇن مەھمۇتنىڭ «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر»[46] ناملىق ھېكايىسىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. بىز بۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ شەھەرلىشىش داۋامىدىكى كىملىك كرىزىسىنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچى،

تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققەت نەزىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كىملىك كرىزىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى ئەرلىك كرىزىسىگە ۋە يېقىنقى ئوننەچچە يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېپپەت، جىنسىيەت قارىشىغا مۇخالىپ ھالدا ئومۇملاشقان «ئۇچىتە ھەمراھ بولۇش» ، توغرىراقى پاھىشىلىككە باغلاپ تەھلىل قىلغاندا، «ئەرلىك كرىزىسى نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ ئۇ ئۇيغۇرغىلا خاس ھادىسىمۇ؟ پاھىشىلىك نامراتلىق ۋە تەرەققىيات بىلەن قانداق مۇناسىۋەتكە ئىگە؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئانتونىي گىددېنىسنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە : «ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دۇنيا مىقياسىدا دېگۈدەك ئەرلىك كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ .»[47] سۇسان فالاۋدىي «ئالدىنىش : ھازىرقى زامان ئەرلىرىنىڭ ئاسىيلىقى» دېگەن كىتابىدا : «ئەرلەرنى مۇنداق جەمئىيەت سېتىۋېتىدۇ: يەنى بىر جەمئىيەتتە ئىشسىزلىق نىسبىتى ئارتىپ كەتسە، كىرىم بارغانچە ئازلىسا، نامەلۇم ۋەھىمە تۈگىمىسە، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئوبرازى دەخلىگە ئۇچرايدۇ. ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىدا چىڭ تەكىتلىنىدىغان ساداقەت، ئەقىدە، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇلىرى ئىستېمال مەدەنىيىتى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسى تەرىپىدىن يالماپ يۇتۇلغاندا، ئەرلەر ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە رولىغا گۇمان بىلەن قارايدىغان كرىزىسلىك دەۋرگە كىرىدۇ»[48] دەپ ئىزاھلايدۇ. دېمەك ، ئەرلىرىمىزدىكى كىملىك كرىزىسى يالغۇز ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدىلا مەۋجۇد ھادىسە ئەمەس. بۇنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرى ھەققىدە بىز كىملىك كرىزىسىنىڭ سەۋەبىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغاندا قايتىدىن توختىلىمىز.

نېمىدەپ قارشى تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، بازار ۋە پۇل مۇئامىلىسى بولىدىغان ھەرقانداق جەمئىيەتتە پاھىشىلىك بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، پاھىشىلەرنى شۇ يولغا كىرگۈزگەن ئەڭ مۇھىم سەۋەب پۇلدۇر. بىر جەمئىيەتتە «ئاياللارغا يارىتىپ بېرىلگەن ئىش-خىزمەت پۇرسەتلىرى ئازلىغانسېرى پاھىشىلەرنىڭ سانى ئاۋۇپ كېتىدۇ. سەۋەبى، ئىش تاپالماي ئىقتىسادتا قىينالغاندا، بەزى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ باللىرىنى پاھىشىلىككە چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.»[49] يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، پاھىشىلىك ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق باراۋەرسىزلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پاھىشىلىك سودىسى ھەتتا بەزى دۆلەتلەردە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىر ئامىلى بوپقالغان. يېزىلاردىن شەھەرگە كۆچۈپ كىرىش پاھىشە، ئېپپەت سودىسىنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلمەسلىكىدىكى بىر سەۋەبتۇر. «نۇرغۇن قىز-چوكان ھايات توختام سۈدەك داۋام قىلىدىغان يېزىلاردىن زېرىكىپ شەھەرگە كىرىشنى خالايدۇ.»[50] شەھەردىكى ئېپپەت سودىگەرلىرى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى موھتاجلىقتا قىينالغانلاردىن ئۆزىنىڭ ئېپپەت سودىسىغا مەنبە ئىزدەيدۇ.

پاھىشىلىككە سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئىشسىزلىق. ئىشسىزلىق ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ، يەككە ئادەمنىڭ مەسىلىسى ئەمەس. ئۇ بازار ئىقتىسادىدىكى مەغلۇبىيەتلىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كېلىدىغان جەمئىيەت مەسىلىسىدۇر. ئىشسىزلىق نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موھتاجلىق، نامراتلىق قىينىغان، مەۋجۇدلۇق، ياشاش مەسىلىسى تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە قىزلار پاھىشىلىك يولىغا قەدەم قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. پاھىشىلىك، ئىشسىزلىق، نامراتلىق زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ جەمئىيەتنىڭ، ئومۇمنىڭ مەسىلىسىدىن دېرەك بېرىدىغان شەخسىي مەسىلىدۇر. ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس رايىت مىللىس (1916-1961) «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر» دېگەن نادىر كىتابىدا «شەخسنىڭ دەردى نېگىزىدىن جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئىنسان بەختسىزلىكى بولمايدۇ»[51] دەپ كۆرسىتىدۇ.

## 3.سۈنئىي دۇنيا — ئۇيغۇر تور مۇنبەرلىرىدە كىملىك كرىزىسى

ئىنتېرنېت — دۇنيا بىر قۇتۇپلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە — 1969-يىلى ئامېرىكا بەشبۇرجەكلىك بىناسىدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئالىملىرى بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى ئىستراتېگىيىچىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن يېڭىچە ئالاقە ئۇسۇلى ئېلخەتنى كەشىپ قىلغان. توردىكى ھايات سۈنئىي بوشلۇقتا بولىدۇ. ئېلخەت ئەۋەتكەندىن باشقا چاغلاردا تور ئابونتلىرى كىملىككە ئېھتىياجلىق بولمايدۇ. توردا ھېچكىم ھېچكىمنىڭ چىرايى، سالاھىيىتى، تۇرغان يېرى، جىنسىنى بىلەلمەيدۇ. تورنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىر داڭلىق ھەجۋىي رەسىمدە ياخشى ئىپادە قىلىنغان . ئۇ ھەجۋىي رەسىمدە كومپيۇتېر ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرغان ئىت ئېكرانغا مۇنۇ خەتلەرنى كىرگۈزىدۇ. « ئىنتېرنېت ھەققىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، قارشى تەرەپ مېنىڭ ئىت ئىكەنلىكىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ .»

ئىنتېرنېتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر تور مۇنبەرلىرىنى زىيارەت قىلىدىغان، ئۇ يەردە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى. سۈنئىي بوشلۇقتا كىملىك تەلەپ قىلىنمىغاچقا، تورغا كىرگەنلەر ئۆز قاراشلىرى، روھىي دۇنياسىنى ئەركىن ھالدا ئىپادىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، قىسىلغان ئۆزلۈك، بېسىلغان ئارزۇ-ئىستەكلەر ۋە ئاۋامنىڭ روھىدىكى خۇنۈك تەرەپلەرمۇ تور بوشلۇقىدا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. يۈز تۇرانە ئالاقىدە دېيىشكە بىئەپ بولىدىغان جىنسىيەت توغرىسىدىكى پاراڭ شەھەر ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان نۇرغۇن ياشنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. مەتبۇئات ۋە تور مەنبەلىرىدە

www.uyghurkitap.com

بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىق، جىنسىي ئەركىنلىكنى قامچىلايدىغان ماقالىلەر، يازمىلار پەيدا بولدىيۇ ، كۈتمىگەن ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ، مەخسۇس جىنسىيەت، بۇزۇقچىلىق مەزمۇنىدىكى تېمىلارنى كۆرۈشنى خالايدىغانلارنىڭ توردىكى سانىنى ئاۋۇتۇۋەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەكسىي ئۈنۈم پەيدا قىلدى. جىنسىيەت، جىنسىي تۇرمۇش ئەسلىدە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدە كىشىلەر مۇھاكىمە قىلىشتىن قاچىدىغان تېما بولغان بولسا، كىملىك مەخپىي تۇتۇلىدىغان تور بوشلۇقى بۇنى ئوچۇق بىر تېمىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كىملىكى ھەققىدە «ئۇيغۇرلار مۇشۇنچىۋالا دەرىجىدە ئېچىلىپ كەتتىمۇ؟» دېگەن سوئال پەيدا بولدى.

«دىيارىم»، «شەبنەم»، «شىنجاڭ لىنىيىسى» شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تور ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تور بېكەتلىرى. 2007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بۇ تورلاردا ئېلان قىلىنغان جىنسىيەت، بۇزۇقچىلىق (قامچىلاش مەزمۇنىدىكى) تېمىسىدىكى ۋەكىللىك يازمىلاردىن بىر قانچىنى ئەنئەنە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پېتەكلەش خاراكتېرىدىكى يازمىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمىز. «باشلىق، ئايالىمىزغا چېقىلىپ قويدۇم» («شىنجاڭ لىنىيىسى» تورى، 2008 ـ يىل 18 ـ فېۋرالدىكى «قىزىق نۇقتا» سەھىپىسى) ناملىق يازمىدا بىر ئىشقىۋازنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالىنى كەلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قانداق ئۆچ ئالغانلىقى، ئۇ ئايال بىلەن قانداق بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى زوق ـ شوق بىلەن تەسۋىرلەنسە، «زىنا ئالدىدا ئولتۇرغان قىز» ناملىق يازمىدا («دىيارىم» تور بېكىتىنىڭ 2007 ـ يىل 22 ـ دېكابىردىكى «نەسرىي ئەسەرلەر» سەھىپىسىگە بېرىلگەن )بېيجىڭغا يېڭى بارغان سەھرالىق بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ بىر ئەرەب دىپلوماتنىڭ ئۆيىدە ئۆي خىزمەتچىسى بولۇش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى جىنسىي ئالقنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. «برازىلىيىنىڭ ئىچ كىيىم بايرىمى دەھشەتكەن» («شىنجاڭ لىنىيىسى» تورىنىڭ 2008 ـ يىللىق 23 ـ فېۋرالدىكى «قىزىق نۇقتا» سەھىپىسىگە بېرىلگەن) تېمىدا يالىڭاچ قىزلارنىڭ كوچىدا ماڭغاندىكى كۆرۈنۈشى تارتىلغان سۈرەتلەر بېرىلگەن. ماۋزۇدىنلا تېما يوللىغۇچىنىڭ بۇ سۈرەتلەردىن ھەيران قالغانلىقى، زوقلانغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر تورداشلار يۇقىرىقى تېمىلارنى «تەنقىدىي» يوسۇندا كۆرۈپ چىققانلىقى، ئەخلاقنى مۇھىم دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ؛ ئۇيغۇر ئەخلاقى، ئۇيغۇر مەۋجۇدلۇقى ھەققىدە ياندىشى مۇلاھىزىلەرنى قانات يايدۇرىدۇ. ئەمما ئەخلاق، ئەنئەنىلەرگە شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىغان تورداشلار ۋەزنى بار، سەۋىيىلىك، ئەخلاق، مەدەنىيەت توغرىسىدىكى تېمىلارنى كۆپ ئوقۇمايدۇ. بۇ تېمىلارنىڭ چېكىلىش قېتىم سانى جىنسىيەتنى تېما قىلغان يازمىلاردىن جىق تۆۋەن تۇرىدۇ. «خۇشچىراي» ئىسىملىك تورداش «دىيارىم» (2007 ـ يىل 13 ـ دېكابىر) تورىغا يوللىغان «ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟» (ئاپتورى ئابدۇرېھىم دۆلەت، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان) ناملىق ماقالە ۋە «توتېم» ناملىق تورداش ئاپتورلۇقىدا «دىيارىم» تورىغا (2007 ـ يىل 18 ـ نويابىر) ئەۋەتىلگەن «نېمىشقا ئويلانمايمىز؟» (ئاپتورى ئابدۇرېھىم دۆلەت، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان ) ناملىق ماقالە «نادىر تېمىلار» سەھىپىسىگە قويۇلغان بولسىمۇ ، كۆرىدىغان ئادەم يۇقىرىقى ئۈچ تېمىنى كۆرگەندىكىدەك جىق بولمىغان. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى ستاتىستىكىغا قاراپ باقايلى(35 ـ بەتكە قاراڭ):

بىز مۇنداق سوئالنى قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ تېمىلارنى ئوقۇغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىنكاسلارنى يازىدۇ؛ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاقنى تەكىتلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ ئەمما نېمە ئۈچۈن ئەخلاق تېمىسىدىكى تېمىلار ئاز چېكىلىپ، جىنسىي تۇيغۇ ئاشكارا ئىپادىلەنگەن يازمىلار شۇنچە جىق ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ قىسىلغان جىنسىي تۇيغۇنىڭ ئىنكاسى. ئۇلار رول ئالغۇچىلاردۇر. يۈز تۇرانە ئالاقىدە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە جەلپكار، ياخشى كىملىك تەسراتى بېرىشكە ئورۇنغان بىلەن، تور ئالاقىسىدە بۇنداق كىملىك ئېھتىياجىغا ھېچكىمنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدۇ. بۇ خىل ئەۋزەللىك سۈنئىي بوشلۇقتا قىسىلغان ئۆزلۈكنى ئەركىن قويۇۋېتىدۇ ـ دە، جىنسىي تۇيغۇ ئۇسۇلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، شەھەردىكى كىملىك كرىزىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىپپەت، جىنسىيەت تۇغانلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدا ئىپادە بولۇۋاتقانلىقى شەھەرلىكلەر ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي كونتروللۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش تىرىشچانلىقى مەغلۇب بولغاندا، ئادەم ئۆزىنى يېتىم، تايانچىسىز ھېس قىلغاندا ئىچ پۇشۇقى روھىنىڭ بىر بۇرجەكلىرىدە بېسىلىپ ياتىدۇ. ۋاقتى كېلىپ غىدىقلاشقا دۇچ كەلگەندە ، قىسىلغان ئۆزلۈك جىنسىي تۇيغۇ ھالىتىدە پارتلايدۇ. فوكاۋ بۇنى ھوقۇق ۋە ئىجتىمائىي كونتروللۇق بىلەن باغلاپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ :«ياشلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۆتكۈنچى ھەۋەسلەرگە باغلىۋېتىش، ئاجىز، نامرات ئاۋامنى كونترول قىلىشتا جىنسىي كونتروللۇق ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ .»[52]

فوكاۋ يەنە «ئىپپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» ناملىق ماقالىسىدە مەشھۇر جىنسىيەتشۇناس كاسسىئانىنىڭ «پىنھان تۇرمۇش رىسالىسى» ناملىق ماقالىسىدىن نەقىل ئېلىپ، ھەمىشە جىنسىي غىدىقلاش ھالىتىدە تۇرۇشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەلبىمىزنى مەككار شەيتان چىرمىغاندا، بىزنىڭ ئايال كىشى ھەققىدىكى ئەسلىمىمىز ئويغىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ پاكلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىگە

يەتكەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋەتكەندە، ئۇخلاۋاتقاندا ئېزىتقۇ تۇيغۇلارنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىز روھىي غىدىقلىنىشلارغا، ئۆتكۈنچى تۇيغۇلارغا ۋاقتىدا خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ۋاقىتلىق قىزغىنچىلىق بىزنى ئەقلىمىزدىن ئايرىپ، بىنورمال كەيپىيات ئىچىگە غەرق قىلىدۇ.»[53] كاسسىئان يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جىنسىي غىدىقلىنىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. سەۋەبى، ئۇ بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شەھۋەت ياغدىغان پاراڭ ۋە كۆزلەردىن نېرى تۇرۇش كېرەك. چۈنكى ئۇ بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ .»[54] بىز ئىسلام ئەھكاملىرىدىن جىنسىي تۇيغۇنى كونترول قىلماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرىلىق تولۇق دەلىللەرنى تاپالايمىز؛ ئەمما ئىدىيىسى زەھەرلەنگەن ياشلارنىڭ ئارىسىدا غەربنىڭ جىنسىيەت قارىشىنى بۆرملاپ چۈشەندۈرىدىغانلار، «جىنسىي تۇيغۇنى بېسىش ئەخلاقسىزلىق» دەپ قارايدىغانلار بار. بىز غەرب ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىدىن نەقىل ئېلىش ئارقىلىق جىنسىي تۇيغۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىش ھەرگىزمۇ بەزىلەر خاتا چۈشىنىۋالغاندەك غەرب جىنسىيەت قارىشىنىڭ يادروسى ئەمەسلىكىنى، غەرب جىنسىيەت ئۆلچەملىرىدە ھەرگىزمۇ جىنسىيەت ئەركىنلىكىنى ئاممىۋى ئالاقە، دىئالوگ، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرۇۋالمىغانلىقىنى ئەسكەرتمەكچى.

## كىملىك كرىزىسىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى

كىملىك كرىزىسى سەۋەبسىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە مۇرەككەپ تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئادەم ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا كىملىكنى يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ چەكلىشى، ئىقتىساد، ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ جەرياندا بازار ۋە يېڭىلىقنى ئۆزىگە يادرو قىلغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئادەمگە يېڭى-يېڭى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خىرىس، كرىزىسلارنىمۇ تەڭ ئېلىپ كېلىدۇ. «مەن كىم؟» نى مەركەز قىلغان كىملىك كرىزىسى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى

ئويلىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان مۇھىم، يادرولۇق مەسىلىدۇر.

## تەرەققىيات ۋە كىملىك كرىزىسى

كىملىك كرىزىسىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىنى تەرەققىيات داۋامىدىكى زامانىۋىلىشىش، يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگودەك بىر دۆلەت يەر شارىلىشىش دولقۇنى ئىچىدە تەرەققىيات ئىزدەيدۇ: زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا يېڭى-يېڭى مەسىلىلەر تۇغۇلىدۇ. يەر شارىلىشىشقا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەبىر بەرگەندە، ئۇ «دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە — ئوخشىمىغان دۆلەت، رايون ۋە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى چۆرىدەپ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدىغان ئۆزئارا تايىنىش جەريانى»[55] ۋە «دۇنيادىكى دۆلەتلەر ۋە ھەممە كىشىنىڭ ئالاقە، ترانسپورت تەننەرخىنىڭ زور دەرىجىدە قىسقىرىشى، چېگرا ئاتلايدىغان تاۋار، مۇلازىمەت تۈرى، كاپىتال، بىلىم ۋە ئادەمگە بولغان قەستلەش، كونتروللۇق دەرىجىسىنىڭ ئاجىزلىششى نەتىجىسىدە بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى .»[56] يەر شارىلىششنىڭ تەسىرىگە شەھەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇچرىدى. بازارلاردىن گېرمانىيىنىڭ «بېنز»، «مېرسىدىس»، «باۋما» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلىرى، ياپونىيىنىڭ «سوني»، «توشىبا»، «پاناسونىك» ماركىلىق تېلېۋىزورلىرى، ئەنگلىيىنىڭ «ئۈچ بەش» ماركىلىق تاماكىسى، فرانسىيىنىڭ قىزىل ھاراقلىرى، ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم ئاياغلىرى، تۈركىيىنىڭ گىلەم، ياغلىقلىرى، پاكىستاننىڭ بىرىنتۇاسى، ھىندىستاننىڭ چېيى، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھىجاب ۋە زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلىدىغان بولدى. ئامېرىكىنىڭ پۇلى ۋە تىلى بۇ يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا ئۆزىنىڭ سودىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. چوڭ تالالا بازارلىرىغا كىرسەكلا يەر شارىلىشىشنىڭ بوسۇغىمىز تۈۋىگىچە تەسىر قىلغانلىقىنى پەرق ئېتىش تەس ئەمەس. ئىقتىسادىي ئامىلدىن سىرت ، يەنە سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئامىللارمۇ يەر شارىلىشىش مۇساپىسىنى

ئۇيغۇر تىلىدىكى تورلاردا ئېلان قىلىنغان جىنسىيەت، ئەخلاق تېمىسىدىكى يازمىلارنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى

| | يازمىنىڭ تېمىسى | چېكىلىش قېتىمى | ستاتىستىكا قىلىنغان ۋاقتى | مەنبە |
|---|---|---|---|---|
| جىنسىي ئالاقە، جىنسىي تۇيغۇ مەزمۇنىدىكى تېمىلار | «زىنا ئالدىدا ئولتۇرغان قىز» | 82744قېتىم | 2008.3.9—2007.12.21 | «دىيارىم» |
| | | 13050قېتىم | 2008.3.1—2007.12.25 | «شىنجاڭ لىنىيىسى» |
| | | 5900قېتىم | 2008.3.9—2008.2.18 | «ئىزدىنىش» |
| | «باشلىق، ئايالىڭىزغا چېقىلىپ قويىدۇم» | 11241قېتىم | 2008.3.9—2008.2.6 | «شىنجاڭ لىنىيىسى» |
| | «برازىلىيىنىڭ ئىچ كىيىم بايرىمى دەھشەتكەن» | 5600قېتىم | 2008.3.9—2007.2.18 | «شىنجاڭ لىنىيىسى» |
| ئەخلاق، مۇجادىلىۋى مەققىدىكى تېمىلار | «ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ؟» | 1796قېتىم | 2008.3.9—2007.12.18 | «دىيارىم» |
| | «نېمىشقا ئويلانمايمىز؟» | 3171قېتىم | 2008.3.9—2007.11.29 | «دىيارىم» |

ئىزاھ: «دىيارىم»، «شىنجاڭ لىنىيىسى»، «ئىزدىنىش» تور بەتلىرىدىن ستاتىستىكا قىلىندى

www.uygurkitap.com

ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچۈر ۋە خەۋەر ـ ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بولسا بۇ مۇساپىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرىدۇ. بۇنى ئاددىي بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك، 2006 ـ يىلى ئىيۇندا گېرمانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يەر شارىدىكى نۇرغۇن ئادەم تېلېۋىزورنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق كۆردى. يەر شارىلىشىشنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتلىرىنى بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

ئەمما، يەر شارىلىشىشنى ئاددىي ھالدا دۇنياۋى سىستېمىنىڭ تەرەققىياتى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ « يەرلىك ھادىسىلەر، ھەممىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەرلىك ھادىسىدۇر . ئۇ بىزنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىز، كەچۈرمىشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. »[57] ئۆتمۈشتە، كىشىلەرنىڭ كىملىكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان جايدىكى ئاساسلىق قىممەت قارىشى، تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئەخلاق مىزانلىرى ئاساسىدا بىر قەدەر نىسپىي ھالەتتە يارىتىلاتتى. ئەمدىلىكتە، دۇنياۋى تەرتىپنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئەنئەنە ۋە ئەسلىدىكى قىممەت قاراشلىرىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. تېز سۈرئەتتە يەر شارىلىشىۋاتقان دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپلا ئۆز تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرالمايدىغان بولدى. سەلبىي تەسىرىنى كۆزەتكەندە، ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى زىگمۇند باۋمەننىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «يەر شارىلىشىش ئاز سانلىق ئادەمگە پايدىلىق، كۆپ سانلىق ئادەمگە زىيانلىق. كاپىتالنىڭ يەر شارىلىشىشى مىللىي مەدەنىيەتنى، تەرەققىيات ئاساسى ئاجىز مىللەتلەرنى مىسلىسىز قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچار قىلدى.»[58] ئەڭ ئاۋۋال «مەدەنىيەت ئىمپېرىيالىزمىنىڭ بىر خىل شەكلى»[59] بولغان يەر شارىلىشىش ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن تېز تارقىلىۋاتقان سۈرەت، يېڭىچە پىكىر، تاۋار ۋە مودىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ «غەربنىڭ قىممەت قارىشى، مودا ۋە ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىي مەدەنىيەت تۇنجۇقۇشقا باشلىدى. بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز مىللىي ئەنئەنىدىكى پارچە ـ پۇرات مەدەنىيەت ئىزنالىرى.»[60] بۇ پارچە ـ پۇرات مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ «شالغۇت كىملىك» نى پەيدا قىلدى. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا مىسالغا ئالغان «بۈگۈن جۇمە» دېگەن شېئىر ئەمەلىيەتتە بۇ خىل «شالغۇت كىملىك» ھادىسىسىدىكى ئۇيغۇر كىملىك كرىزىسىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپنى شېئىرىي تىل بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. شەھەرلەردە بىرەر ئۇيغۇر ياش ھازىر پادىچىلار ئىشتىنى كىيىپ، فرانسىيىنىڭ ئەتىرىنى چېچىپ جۇمە، ھېيت نامازلىرىدا پەيدا بولسا ۋە كەچتە بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىرەر قاۋاقتا ئوينىغىلى بارسا ، ھەيران قالارلىق ئەھۋال ئەمەس. بۇ ئەمەلىيەتتە يەر شارىلىشىشنىڭ كىملىكىمىزگە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەرەققىيات بىلەن كىملىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەندە ، يەر شارىلىشىشقا يانداش ئۇقۇملاردىن سانائەتلەشكەن جەمئىيەت ۋە زامانىۋىلىشىش ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش زۆرۈر. سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ شەھەر تۇرمۇشىدىكى بىر ئالاھىدىلىكى، كۆپ قىسىم كىشى يېزائىگىلىك ئەمگىكىدىن ئايرىلىپ زاۋۇتلاردا، ئىشخانىلاردا، دۇكانلاردا ئىشلەيدىغان بولىدۇ. كۈندىلىك ئالاقە داۋامىدا ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىش نىسبىتى كۆپىيىدۇ؛ كىشىلەردىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ئاجىزلاپ، يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ غىدىقلىشى نەتىجىسىدە دورامچىلىق ئەۋج ئالىدۇ؛ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، چوڭ سودا كارخانىلىرى ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىلىشىش بولسا ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا كىشىلەرنى سىياسىي تۈزۈمگە تېخىمۇ بەك بېقىندىغان قىلىۋېتىدۇ. زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا سىياسىي تۈزۈلمە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ماكرولۇق كونترول كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوخشىمىغان مىللەت، ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق كىشى بۇنداق ئارىلاشما مەۋجۇدلۇق داۋامىدا يۇقىرى تەبىقىدىكى، ھۆكۈمران تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە ئۆلچىمى بويىچە بەزىدە ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، كىيىم ـ كېچىكىنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا سىڭىپ كىرىش ، غىدىقلىنىش، دوراش نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى قىممەت قاراش ۋە قائىدە ـ يوسۇنلاردا ئۆزگىرىش بولىدۇ. دوراش پسىخولوگ تاردىينىڭ ئېيتىشىچە، «ئىنساندا تەبىئىي بولىدىغان بىر خىل مايىللىق. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاۋامنىڭ قىممەت قارىشى ، قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ .»[61] سىڭىپ كىرىش بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە سۈرۈن ھازىرلايدىغان ئالاقە شەكلى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا سىڭىپ كىرىشنىڭ ئۈچ خىل تىپى بولىدۇ. بىرىنچىسى، يەككە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىپ كىرىش. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىلدىكى سىڭىپ كىرىشنىڭ تەسىرىنى تېز بايقىيالايمىز. ئىككىنچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى. بۇ، تېلېۋىزور، كىنو، تىياتىر، رومان، مۇزىكا قاتارلىقلارنىڭ كىشىلەر كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانى. ئۈچىنچىسى، ئەركىنلىك ئىدىيىسى بەك بالدۇر يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى. بۇ ھال بىر خىل «دەۋرىيلىك ئىنكاسى»نى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل «دەۋرىيلىك ئىنكاس» قايتۇرۇش داۋامىدا بىر ئادەمنىڭ كەيپىياتى باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى غىدىقلايدۇ. باشقىلارنىڭ كەيپىياتى يەنە شۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ؛ ھەتتا بەزىدە ئەقلىيلىكتىن ئايرىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

تەرەققىيات داۋامىدىكى يوشۇرۇن ئامىللارنىڭ تەسىرىدە كىشىلەر ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاتمۇ ـ قات بېسىم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايقايدۇ، تېڭىرقايدۇ، زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە

توقۇنۇشىدۇ. كىشىلەر ئىلگىرى خەتەرلىك دەپ بىلگەن، قاچقان نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قوغلىشىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. ئۆتمۈشنى سېغىنىدىغانلار، ئەنئەنىنى ياقلايدىغانلارنىڭ نارازىلىقى، ۋايساشلىرى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاپتىن چىقىش، ئىجتىمائىي بىنورماللىق ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتىدە بۇنىڭ تەسىرى چوڭ ئولتۇراق رايونلىرىدىكى «لىفىتقا تەرەت قىلىپ قويۇش»[62] ، «ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدىن ئەخلەت تاشلاش»[63] قاتارلىق ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىدى. جەمئىيەتشۇناس مۇرفىي بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ. «تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى ئىجتىمائىي بىنورماللىق ۋە روھىي كېسەللىك كۆپىيىشى — غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ تېزلەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى.»[64] جەمئىيەتشۇناسلار ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ توقۇنۇشىدا روھىي داۋالغۇپ تۇرغان كىشىلەرنى «ئۆتكۈنچى ئادەم» دەپ ئاتايدۇ. «ئۆتكۈنچى ئادەم» (过度人，边缘人) ئاتالغۇسىنى ئەڭ بۇرۇن گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇناس جورج سىممېل (1858 ـ 1918) ئىشلەتكەن. لۇئىس كوسېر «ئۆتكۈنچى ئادەم» نىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئۆتكۈنچى ئادەم پولات سىمدا كېتىۋاتقان سېركچى يۈزىنى ئېتىپ مېڭىۋېتىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغىنىغا ئوخشاش، ئىككى خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە مۇۋازىنەتنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. خىلمۇخىل رول ئېلىپ، ھەرخىل ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادەم ئۇنىڭ يۈزىگە تارتىۋالغان ماسكىسىنىڭ كەينىدە دىشۋارچىلىق، قورقۇنچ ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.»[65] ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس روبېرت پارك ئۆتكۈنچى ئادەمنى «مەدەنىيەت شالغۇتلىرى» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. «ئۆتكۈنچى ئادەم ئىككى دۇنيادا ياشايدۇ. بۇ ئىككى دۇنيادا ئۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا سىرتتىن كەلگۈچى. ئۇنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى زىددىيەتلىك بولىدۇ.»[66] كونا ـ يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ گىرەلىشىشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى ئۆزگىرىش، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ئۆتكۈنچى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا تېڭىرقاش، توقۇنۇش، ياتسىراش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرغان ئادەمدۇر. ئۇ ھەم زامانىۋىلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ ھەم ئەنئەنىدىنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى «قوش قىممەت سىستېمىسى» نىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئۇ، زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا غىدىقلىنىشقا ئۇچرايدۇ ھەم ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

## مېدىيە ۋاستىلىرى ۋە كىملىك كرىزىسى

ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى شەھەر تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ: گېزىت ـ ژۇرنال، تېلېۋىزور، رادىئو، كىنو، سىنئالغۇ ، DVD, VCD قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى مەزمۇنلارنىلا ئەمەس، كىشىلەر كۈندە ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۇچۇر تارقىتىدۇ. تارقىتىش ۋاستىلىرى ناھايىتى زور كۆلەمدىكى ئاۋامنى — تاماشىبىن، كۆرۈرمەن، ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ ئۇچۇر تارقىتىش ئوبيېكتى قىلغاچقا ، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ھاياتىدا كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدىن باشقا تەرەپلەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. تېلېۋىزور، گېزىت، تورلاردا ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلار شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەجرىبىسى، جامائەت پىكرىنى زەرەتلىدى. سەۋەبى، ئۇ شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ نورغۇن ئىجتىمائىي پائالىيەتتىن خەۋەر تېپىشىدىكى زۆرۈر ۋاستە بوپقالدى. نەتىجىدە ئاخبارات ۋاستىلىرى يوشۇرۇن ئۇسۇلدا شەھەرلىكلەرنىڭ پوزىتسىيىسى، كىملىك ئېھتىياجىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى قالدۇردى. تېلېۋىزورلاردا قويۇلۇۋاتقان ئېتوت، كۇلدۇرگە، ئېلان، خەۋەرلەر خىلمۇخىل شەكىلدە شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى غىدىقلىدى. ھەتتا بۇ خىل تەسىر شەھەرلىكلەرنىڭ پاراڭلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتى.

تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ رولى توغرىسىدا جەمئىيەتشۇناسلار ھەر خىل قاراشتا. گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى خابېرماس (1929 — ) « مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تىجارەت خاراكتېرىدە ئېكرانلاردا يامرىشى، ئۆلچەملىك ۋە پاخال مەھسۇلاتلارنىڭ تارقىتىلىشى كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، تەنقىدىي ئويلىنىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. ھەقىقىي سەنئەت مەدەنىيەت بازىرىدىكى تىجارەت دولقۇنىدا تۇنجۇقۇپ قالدى» دېسە، فرانسىيە كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى بوردىيارد (1929 — ) «تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان يېڭىچە رېئاللىق پەيدا بولدى. كىشىلەرنى مايىل قىلىۋاتقان بۇ رېئاللىق ئەمەلىيەتتە ساختا رېئاللىقتۇر» دەپ كۆرسەتتى . جون تومپسون بولسا «كىشىلەر تېلېۋىزوردا بېرىلگەن ئۇچۇرلارنى مۇلاھىزە قىلىشىۋاتقان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئۇچۇرلارنى پاسسىپ ھالەتتە قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇۋاتقانلىقىنى تۇيمايدۇ»[67] دەيدۇ. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرى بىلەن بىرىككەندە ئۇنىڭ نەتىجىسى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئىدېئولوگىيە دېگىنىمىز «مەۋقە ۋە كۆز قاراشنىڭ ئىنساننىڭ ئەقلىدىكى، ھەرىكىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» دىن ئىبارەت. جەمئىيەتشۇناسلار «كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنى خاتا ياكى بۇرمىلاپ چۈشىنىۋېلىشىغا ئىدېئولوگىيە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاجىزلارنىڭ ئۆز رېئاللىقىنى ھەقىقىي تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىدېئولوگىيىنىڭ ئاقىۋەتلىرى ئېچىپ بېرىلىشى كېرەك»[68] دەپ قارايدۇ.

زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنىڭ ئىنسان روھىنى زەھەرلىگەن تەرەپلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان مەشھۇر روھىي ئانالىز

www.uyghurkitap.com

تەلىماتچىسى ئېرىخ فروم «ساغلام جەمئىيەت» دېگەن كىتابىدا : «ئاخبارات ۋاستىلىرى قەلبىمىزنى چىرىتمەكتە. بىر ئادەمنىڭ قەلبى زەھەرلەنگەندە، ئۇ ئېكراندا ‹ئەخلاقسىزلىق› دېگەن گەپنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدىغان بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ : «دورا، كىنو، ئېلان كىشىلەرنى جىنسىي ئەركىنلىك ۋە ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈشكە يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇد رېئاللىقىغا ئىتائەتمەن قىلىۋېتىدۇ». شەھەردە ئۇيغۇر ياشلىرى غەربنىڭ، هولليۋودنىڭ كىنولىرىنى كۆرۈشكە ئامراق. ئەمما زوراۋانلىق ۋە ئىشقىي مۇھەببەت بۈگۈنكى كىنولارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى تېمىسى. ئېرىخ فروم كىشىلەرنىڭ كىنو ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ نەتىجىسىدە قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ: «ئەگەر كىنو، تېلېۋىزور قاتارلىق جەمئىيەت فورمىسىدىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىپ تۇرىدىغان ناركوزلار يوقالسا، جەمئىيەتتىكى كېسەللەر مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىدۇ. بۈگۈن بىزگە ئۇچراپ تۇرىدىغىنى ھەرىكەتتە ۋە تۇيغۇسى ماشىنىلىشىپ كەتكەن ئادەملەر. ھەتتا ئۆلارنىڭ كۈلكىسىمۇ ئۆزىگە تەۋە ئەمەس». بىر ئادەم ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەندە دۇنياغا ئوبيېكتىپ نەزەردە قارايدىغان كۆزدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۆزىگە ئوخشىماي قالىدۇ؛ ئەخلاق، ۋىجداننىڭ چاقىرىقلىرىنى ئاڭلىمايدۇ، روھىي دۇنياسىدا بىر خىل ۋەسۋەسە تۈگىمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر ئەتراپىدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. رېئاللىق تۇيغۇسى ئاجىزلايدۇ؛ ۋۇجۇدىدا بىخۇدلۇق، مەسئۇلىيەتسىزلىك يامرايدۇ. ئاشۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى ــ ئۆز ئېلىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك. جوناتان رۇتېرفورد ئاۋام مەدەنىيىتىنىڭ مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە، توغرىراقى ئېلان، مودا ئۆچۈرلىرىنىڭ غىدىقلىشىدا پەيدا بولغان ياسانچۇق، ئەرلىك خاراكتېرى سۇسلاشقان ئەرلەرنى «يۇمشاق ئەرلەر» دەپ ئاتاپ ، بۇ ھەقتىكى قارىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ خىل يېڭى ئەرلەر بىر خىل قىسىلغان ئەرلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ. ئاياللار ۋە ئۆزىنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىغا سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەركەكلىك جەلپكار بولۇش ئۈچۈن مۇلايىملىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ.» [69]

## ئىستېمال ۋە كىملىك كرىزىسى

مېدىيە ۋاستىلىرى شەھەر جەمئىيىتىدە تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىر ھادىسە پەيدا قىلدى. ئۇ بولسىمۇ ئىستېمالچىلىق. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنى دۇنيانىڭ جاي-جايىغا تارقىتىپلا قالماستىن ، ئىستېمالچىلىق ئوتىنىڭ پىلتىسىنىمۇ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قويۇپ كەتتى . كىشىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرىنى قارىغۇلارچە قوغلىشىدىغان بولدى. ماقالىنىڭ بېشىدا مىسالغا ئېلىنغان ئانار ۋە گۈلزار ئىسىملىك ئۇيغۇر قىزلىرى دەل مۇشۇنداق قارىغۇلارچە ئىستېمال قوغلىشىش نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلاردۇر. «تەرەققىي تاپمىغان جايلاردا كىشىلەر تاۋار ۋە مۇلازىمەتكە تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىشنى مەدەنىيلىشىشنىڭ بەلگىسى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، بەخت ۋە ئىجتىمائىي مەرتىۋىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دەپ قارىۋالدى .»[70] ئىستېمال دەۋرىدە كىشىلەر ئىچكىل ساتقىلى، ئۆتۈنۈپ بەرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئالماشتۇرۇش ئوبيېكتىغا ئايلاندى ، ھەتتا ئەخلاق، مۇھەببەت، ئېتىقاد، بىلىم، ۋىجدان قاتارلىقلارمۇ ئاخىرى سودا ئوبيېكتىغا ئايلاندى. پىكاپ ئاۋام ئىستېمالنىڭ سىمۋولى، كىنو-تېلېۋىزور ئاۋام ئىستېمالنىڭ كاتالىزاتورى بوپقالدى. ئېلېكترونلۇق مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئېلاننىڭ سىڭىپ كىرىشى شەھەرلىكلەردە تاۋارغا چوقۇنىدىغان، پۇلى بولسىلا ئىستېمال ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، رېئاللىقتىكى ئازابلاردىن قاچىدىغان مايىللىق پەيدا قىلدى. توغرىراقى، ئىستېمالچىلىق شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىكى پۇشايمان تۇيغۇسى ۋە ئازاب، كرىزىس ئېڭىنى يەۋەتتى. شەھەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇنداق ئىزچىللىق دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان، كىملىك كرىزىسىگە مەنبە بولۇۋاتقان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك نەتىجىنى روياپقا چىقاردى: تەن لەززىتى، مودا، رومانتىكلىققا چوقۇنۇش، مۇھەببەتنى دالدا تام قىلىۋېلىش، كەلگۈسىنى گۆرۈگە قويۇش. رومانتىكلىق ــ ئىستېمالچىلىقنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىل؛ تېخىمۇ ئاددىي تىل بىلەن چۈشەندۈرگەندە ، تەن لەززىتى ۋە سەزگۈ ئەزالار شادلىقىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى. 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىستېمال غەرب كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. ئادەتتە يەككە ئادەم بىلەن جەمئىيەتنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە بولىدۇ ۋە مۇشۇ رىشتە بولغىنى ئۈچۈنلا ئادەم ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئالاھىدە يەككە بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. رومانتىكلىق دەل مانا مۇشۇ رىشتىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. كانبېر ئېيتقاندەك: «رومانتىكلىققا ئىنتىلىدىغان ئادەم رېئال دۇنيادا تىرىشىپ ئىشلەش، چېنىقىش، ئۆزىنى قېزىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك بولغان غىدىقلىنىش ۋە تۇيغۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى ‹ئىپادىلەش› كە كۆچىدۇ.»[71] ئادەمنىڭ رومانتىكلىققا ئىنتىلىشى جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەمدە مەنىۋى دۇنيا ھەققىي يېتىلمەي رومانتىكلىق كۆزنى توسۇۋالغاندا سۇنئىيلىك بازار تاپىدۇ.

ئىستېمالچىلىق تەسىرىدە كۆرۈلگەن ئىككىنچى خىل نەتىجە مۇھەببەتنى دالدا تام قىلىۋېلىش. ئۇيغۇر شەھەر جەمئىيىتى كرىزىسلىك جەمئىيەت . ئابدۇقادىر جالالىدىن بۇ كرىزىسلاردىن بىشارەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھازىر كرىزىستا تۇرۇۋاتىمىز. لېكىن، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى كرىزىسىمىز ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ كرىزىسنىڭ كرىزىس

پىتى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىشىدىن ئىبارەت.»[72] شەھەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشسىزلىق، دەۋرگە ماسلىشالماسلىق قاتارلىق تەھدىتلەرگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بۇ كرىزىسلارنى كۆرمەسكە سالدى ياكى نەزەردىن ساقىت قىلدى؛ مۇھەببەت ئۇلارنىڭ رېئاللىقتىكى ئازابلاردىن قاچىدىغان دالدا ئېمى بوپقالدى. مۇھەببەتنىڭ رولى ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلدى ياكى سىقىلىۋاتقان ئۆزلۈك ئۆتكۈنچى تۇيغۇلاردىن ئۆزىگە پاناھگاھ ئىزدىدى. ساختىلىق، ئالدامچىلىق ئەۋج ئېلىپ، مۇھەببەتنىڭ كۆرسى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك چۈشتى. قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ رېئاللىق ئالدىدا ئىلاجسىز قالغاندا، مۇھەببەتتىن تەسەللى ئىزدىمەكچى بولۇشتى ۋە ئاخىرى بۇ تەسەللىگە ئېرىشەلمەي مۇھەببەتكە، ساداقەتكە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدى. بۇ، ئېيىپ سودىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ، ئادەمدە «قالتىس بىر ياشۇەتكەندىن كېيىن نېمە قىلىمىز؟» دېگەن سوئالنى پەيدا قىلدۇ.

ئىستېمالچىلىق پەيدا قىلغان ئۈچىنچى نەتىجە گۆرۈگە قويۇلغان كەلگۈسى، يەنى قەرز ئېلىپ ئىستېمال قىلىش. بۇ، شەھەرلىشىش داۋامىدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن يەنە بىر يېڭى ھادىسە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۇلى ئاجىز بولغىنى ئۈچۈن شەھەرلەردە ياشلارنىڭ زور كۆپ سانىدىكىسى قەرز ئېلىپ توي قىلىدۇ، قەرز ئېلىپ ئۆي سېتىۋالىدۇ. بۇ قەرزلەرنى تۆلىمەي ئامال يوق. ئوبرازلىق تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى گۆرۈگە قويۇلغان. فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى پيېر بوردىيو (1930ـــ2006) كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەردە بۇرۇنلا ئومۇملاشقان قەرز ئىستېمالىنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنىدە تەكىتلىنىدىغان، تېجەشلىك، ئىقتىسادچان بولۇش، ھەۋەسنى چەكلەش خىسلىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئەخلاق رامكىسى قەرز، سەرپىيات ۋە راھەتپەرەسلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان يېڭىچە ئەخلاق ئەندىزىسىگە ئورۇن بوشاتتى.»[73] دىيانىي بۇنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «قەرز ئېلىپ ئىستېمال قىلغۇچى بۈگۈنكى خۇشاللىقنى ئەتە قەرز تۆلەش مەجبۇرىيىتىگە تېگىشىۋېتىدۇ. بۇ، قىممەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرۈپ ‹كەلگۈسى يوق جەمئىيەت› نى پەيدا قىلىدۇ. ھازىرقى كىشىلەرنىڭ باشقا كۆتكۈدەك كەلگۈسى يوق، پەقەتلا بۈگۈن ئۈچۈن قەرز تۆلەيدىغان كەلگۈسى بار. بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟ كىشىلەر ھەممە نەرسىگە بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ خىل بىپەرۋالىق كىشىلەرنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقنى تۈنجۇقتۇرىدۇ.»[74]

يېڭىچە ئىستېمال قارىشى شەھەردىكى ئۇيغۇرلارغا غەربلىشىش جەريانىدا، توغرىراقى كىنو ـ تېلېۋىزور قاتارلىق تارقىتىش ۋاستىلىرىدە ئىختىرا قىلىنغان ئۈچۈر، سۈرەتلەرنىڭ غەربلىشىشىدا غەرب قىممەت قارىشىدىن سىڭگەن. بىزدىن بۇرۇن ئېچىلىپ ــ تەرەققىي تاپقان مىللەت ـ قوۋملارنىڭ ئۇنى تونۇشتۇرۇشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولى گەۋدىلىك بولغان. ھالبۇكى كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيەت نەزەرىيىسىنىڭ غوللۇق ۋەكىلى، مۇتەپەككۇر بوردىئارد: «تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا بۈگۈنكى غەرب جەمئىيىتى بىر خىل ھوزۇر ـ ھالاۋەت سىستېمىسى»[75] دەپ ئىزاھلايدۇ. لوۋېنتال بولسا ئىستېمال قوغلىشىشنى پسىخىكىلىق ۋەھىمە بىلەن باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «قارىماققا ھېچقانداق زىيىنى يوقتەك كۆرۈنىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىستېمال كەيپىياتى نېگىزىنى سۇرۇشتۇرۇپ كەلگەندە قەلبىتىكى ۋەھىمىنىڭ كۆچىيىپ كەتكەنلىكى.»[76] فرانكفوردچىلار پىكىر ئېقىمى ( فرانكفوردچىلار پىكىر ئېقىمى: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن گېرمانىيە فرانكفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا خوكخېيمېر ئادورنو، ماركۇس بىنھامىن قاتارلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەنقىدچىلىك مودېلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن پىكىر ئېقىمى بولۇپ، دۇنيا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن)نىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ماركۇس (1898ـ1979)«سۈنئىيلىك ئارىلاشقان ئىستېمال تۇيغۇسى زەربە، بەختسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنى تۇغدۇرىدىغان مەنبەئە» دەيدۇ. ئېرىخ فروم بولسا «ساغلام جەمئىيەت» دېگەن كىتابىدا بۇ خىل ھادىسىنى سۈرەتلەپ: «بىز ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىستېمال ھەرىكىتى سىرتىدا كۆزەتكۈچىلەرمىز. يېڭى نەرسە ئىستېمال قىلىشقا ئىنتىلگەنسېرى باشقىلارغا تايىنىدىغان بوپقالدۇق. بازار ئېڭى غورۇر تۇيغۇمىزنى يوق قىلدى» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئىستېمال قوغلىشىش بىلەن بوپكېتىپ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىلەرگە مۇنداق سوئال قويىدۇ: «بىز بىر توپ ئىستېمالچى بولۇپلا ئۆتۈپ كېتەمدۇق؟»[77]

## ئىجتىمائىي كونتروللۇق ۋە كىملىك كرىزىسى

كىملىك كرىزىسىنىڭ نېگىزلىك سەۋەبى پسىخىكىلىق جاراھەت پەيدا قىلىدىغان تارىخىي سەۋەبلەر ۋە شەھەرلىشىش داۋامىدا كۆرۈلىدىغان يۇقىرىقى ئىككى سەۋەبتىن كۆرە، ئىجتىمائىي كونتروللۇققا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىجتىمائىي كونتروللۇق (social control)دېگىنىمىز، «ماكرولۇق باشقۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، تۇيغۇسى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى قېلىپقا چۈشۈرۈش جەريانى»[78] دىن ئىبارەت. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي كونتروللۇق ھەر خىل مەجبۇرىي شەكىل ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئىجتىمائىيلىشىش ئىجتىمائىي كونتروللۇق مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان بىر جەريان. ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا كىشىلەر مەۋجۇد قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا مەلۇم ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدە ئۆز كىملىكى ۋە تەۋەلىك تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا «خىق نېمىدەپ قالار» دېگەن تۇيغۇ ۋە يېتىم قىلىش تۇيغۇسى كىشىنى ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا بەزى زىيانلىق قىممەت قاراشلىرىغا سۆكۈت قىلىدىغان قىلىدۇ.

بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىسى بىلەن ئىجتىمائىي مىزانلىرى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە قوپۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئادەم ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتا ئامال قىلالمايدۇ. شەھەرلىشىش داۋامىدا كىملىك كرىزىسىگە سەۋەب بولىدىغان بازار ئېڭى ۋە يېڭىچە ئىستېمال يۈزلىنىشىمۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ نەتىجىسى.

1980 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پولشالىق مەشھۇر شائىر مىۋوش (1918 — )«ئاسارەتلىك كاللا» [79]دېگەن كىتابىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بۇرمىلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي كونتروللۇق تەسىرىدە ئىدىيىسى زەھەرلەنگەن، ئۆز بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسىنى بىلمەيدىغان، مېڭىسى يۇيۇلغان پولشا خەلقىنىڭ مەھكۇملۇقتا يۈزلەنگەن روھىي ھالىتىنى ئىنچىكە سىزىپ بېرىدۇ. ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتى، قىممەت قارىشى، مەقسىتى ئاساسىدا روھقا سىڭىپ كىرگەندە ئادەم رېئاللىقنىڭ قۇربانلىق قوزىلىرىغا ئايلىنىدۇ؛ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن باشقىنى كۆرمەيدىغان، ئادەت تۇرمىسىدىن قۇتۇلالمايدىغان بوپقالىدۇ. ئىدېئولوگىيە ھوقۇق بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، سىمۋوللۇق ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى دەستەك بىلەن تەمىنلەپ، ھۆكۈمران سىنىپ مەنپەئىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپ داۋامىدا قانۇنلىشىشى، ھۆكۈمران ئىدىيىلەرنىڭ يېتەكچى ھالەتكە ئۆتۈشىگە ئاساس ھازىرلايدۇ. تەشۋىقات، مېدىيە ۋاستىلىرى ئىجتىمائىي كونتروللۇق ۋە ئىدېئولوگىيىگە ۋاستە بولىدۇ. مائارىپ ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ شىكارى ۋە جەڭگاھىغا ئايلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي كونتروللۇق تەسىرىدە سىياسىي زىيادە تەكىتلىنىدىغان، بىيۇروكراتلىق، شوئار مەدەنىيىتى، چىرىكلىك مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان جەمئىيەت كىشىلىرى ئۆزىنىڭ ئازابلىرىنىڭ مەنبەسى نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنى نېگىزىدىن چۈشەنمەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق پېشۋاسى دۇركىمنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا ، «سىياسىي جەمئىيەتتە ياشىغۇچى ئادەملەر قۇمدەك چېچىلغان ئادەملەردۇر.»[80] بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى، بىيۇروكراتلىق ئەۋج ئالىدۇ. بىيۇروكراتلىققا ئىخچام تەبىر بەرگەندە ، ئۇ — دۇنيانى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ تۇرۇپ دۇنيا بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتۇر. كىشىلەر سىياسىي پۇراق كەتمەيدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا بىر خىل ئىلاجىسىزلىق، ئامالسىزلىق ئىچىدە بىيۇروكراتلىقنىڭ مۇھىم رولىنى ھېس قىلىدۇ. بىيۇروكراتلار ئادەم باشقۇرۇش «مۇتەخەسسىس» لىرىگە ئايلىنىدۇ. ھوقۇق ۋە پۇل چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. بىر ئادەم ھوقۇق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغان چاغدا ئۆزىنىڭ قىزغىن قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەم پۇلدىن باشقىنى تونۇمىغاندا ئۆزىگە ناتونۇش بوپقالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇناسىۋەت چەمبىرىكىدە ھەربىر ئادەم بىر-بىرى ئۈچۈن تاۋارغا ئايلىنىدۇ. شەخسنىڭ قاتنىشىش كۈچى ئاجىزلىغان ئىجتىمائىي سىستېمىسىدا ئۇمۇم چىرىك بىر جەمئىيەتنى كۈتۈۋالىدۇ. ئاچ كۆزلۈك، نىيەت دۇرۇس بولماسلىق بىر تۈرلۈك ئاتامالغا ئايلىنىدۇ. ئېرىخ فروم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاچ كۆزلۈك، نىيەت دۇرۇس بولماسلىق بىر خىل پسىخىك كېسەل. لېكىن كىشىلەر بۇنى كېسەل دەپ قارىمايدۇ.»[81] نوپۇز چوڭ بىلىنىپ، بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى ئۆزىدىن يۇقىرى كۆرىدىغان پسىخىكلىق چۆكمە ئادەم روھىنىڭ چوڭقۇرىغا يىغىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆزىنى كەمسىندۈرۈش تۇيغۇسىغا ئۆزىنى چەتكە قېقىۋاتقاندەك ھېسسىيات بېرىكسە، ئادەمدە پاناھسىزلىق، يېتىملىق تۇيغۇسى كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ ھالدا كىملىكنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش خاھىشى ئېغىرلايدۇ-دە، ئادەم ھەقىقىي ئۆزىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ. مانا بۇ كىملىك كرىزىسى.

## خۇلاسىكالام

كىملىك كرىزىسى، بۇ ئۇقۇمنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكىلىق مەشھۇر پسىخولوگ ئېرىك ئېرىكسوننىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، ئۆزىگە ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان توپقا تەۋە بولغان تارىخىي ئوخشاشلىق، بىردەكلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشىدۇر؛ ئادەمنىڭ ئۆز قىممىتى ھەققىدىكى رازىمەنلىك تۇيغۇسى، ئەھمىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈشىدۇر. كىملىك كرىزىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ياشلىرىدا كۆپ كۆرۈلگەن. ئېرىك ئېرىكسون بۇ ھەقتە جاپالىق ئىزدەنگەن ۋە ئۇنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان جەمئىيەتتىكى پسىخىك يۈكى ئېغىر، ئازابلىرىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئېرىكسوننىڭ قارىشىچە، كىملىك كرىزىسى يېنىك دەرىجىدىكى كىملىك كرىزىسى، سوزۇلما كىملىك كرىزىسى ۋە ئېغىرلاشقان كىملىك كرىزىسى ھالىتىدە كۆرۈلىدىكەن. غەربتە كىملىك كرىزىسى كۆرۈلۈپ ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلانغان، ئۆزلۈك ئىچىدە جاراھەت يىلتىزى قالغان كىشىلەر پسىخىكلىق داۋالاش ئورۇنلىرىدا داۋالانغان. شەھەردىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. كىملىك كرىزىسىنىڭ قايسى خىل ھالىتىدە تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئادەملەر ئۆزىدە مەنىۋى تەڭپۇڭسىزلىق ئالامەتلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. توغرىراقى ، مەنىۋىيەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كېسەل دەپ قارىمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كىملىك كرىزىسى مەنىۋى تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدىغان نېرۋا كېسىلى بىلەن مەنىداش ئۇقۇم ئەمەس. شەھەر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلارغا ئۆزىدىكى كىملىك كرىزىسىنى تونۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىمكانىيىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى. بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىدىغان، يىلتىزىدىن ساقايتىدىغان پسىخىك دوختۇرلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئىجتىمائىي مۇھىتتا ساغلام جەمئىيەتتە تېپىلىدىغان كەيپىياتتىن سۆز ئېچىش تەس.

ئۇنداقتا كەيپىياتى ساغلام جەمئىيەت قانداق بولىدۇ؟ ساغلام جەمئىيەتتە ئۆزىگە مەپتۇن بوپكېتىش، ئاچ كۆزلۈك، ئىگىلەش ئىستىكى كەمدىن ـ كەم تېپىلىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ كۈچىيىشى بەدىلىگە ماددىي بايلىق ۋە نام ـ ئابروي قوغلاشمايدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ساغلام جەمئىيەت ئادەمنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاكتىپ، مەسئۇلىيەتچان ئىشتىراكچىلىرىغا ۋە ئۆز تۇرمۇشىنىڭ خوجىلىرىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە تەبىئىي ھالدا ساغلام ئادەملەر توپى بارلىققا كېلىدۇ. ساغلام ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «ئۇ ئاۋۋال ئىجادچان، ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتمىگەن ئادەمدۇر. ئۇ، دۇنيا بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. رېئاللىقنى ئەقلى بىلەن كۆزىتىدۇ ۋە ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ؛ ئۆزىنى مۇستەقىل بىر يەككە دەپ قارايدۇ ھەم باشقىلار بىلەن تەڭ ياشايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ؛ نوپۇزنىڭ قۇلى بولمايدۇ؛ ئۆزىنى توختىماي مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ؛ ۋىجدان ۋە ئەقلىنىڭ تۈۋشلىرىغا قۇلاق سالىدۇ.»[82]

كىملىك كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەقلىي ئادەمگە ئايلىنىش، رېئاللىقتا ئىدراك بىلەن ئوبيېكتىپ نەزەردە قاراش، ھېسسىياتنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماسلىق تولىمۇ مۇھىم. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىدراك، ئەقىل ئېلېمېنتلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۇ يۆنىلىشتىن ئازمايدىغان، ئىچكى ـ تاشقى دەخلىگە ئاز ئۇچرايدىغان بولىدۇ، رېئاللىققا يېقىنلىشىدۇ. ئىدراك ـ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىپ دۇنيانى ئىدارە قىلىشىدىكى قورالى. پاراسەت باشقا گەپ. پاراسەت ئىدىيىنىڭ ياردىمىدە دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارى. ئىدراك ـ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىزدەشتىكى قورالى، پاراسەت بولسا دۇنيانى مۇۋەپپەقىيەتلىك كونترول قىلىشتىكى قورال. ئاڭلىق ھالدا ئەقلىي ئادەم بولۇشقا قەدەم قويۇش كىشىنى پىشىپ ـ يېتىلدۈرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىدراك ئادەمنى ھايۋاندىن زور دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان قورال. سەۋەبى، ھايۋان ئۆزىنى، ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى باھالىيالمايدۇ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئۆز پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ھازىرلىغان بولسىمۇ، ھايۋان ئۆز پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىدىن مەڭگۈ ھۇزۇرلىنالمايدۇ. ئادەم بولسا ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ياردىمىدە «مەن كىم؟» دېگەن ئىبارەت ئۆزىنى تونۇش مەسىلىسىگە بارغانسېرى ئىنچىكە جاۋاب تاپىدۇ؛ ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ئېرىشىدۇ؛ ھايات پائالىيىتىنى ئۆز ئېڭى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرالايدۇ. ئادەمنى «مەن» دېيەلەيدىغان ھايۋان دېگەنلىك، ئۇنىڭدا ئۆزلۈك ئېڭى ۋە سۇبيېكتىپ ئاڭ بار دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا بىز تولۇق ئاساس بىلەن ئىدراكنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ «مەن» دېگەن گەپنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ياڭراق دېسەك تامامەن بولىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي روھ بىر مىللەتنىڭ كىرىزىس دەۋرىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئاساستۇر. مىللىي روھتا ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىدە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەمما، قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىككە تېگىشلىكى مىللىي مەدەنىيەت بولمىسا بولمايدىغان كىرىزىس ئېگىدۇر. ھەر قانداق مىللەت، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسى، تەرەققىيات يولى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. كىرىزىس ئېڭى بولسا قىيىنچىلىق ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدىگىلى بولىدۇ. كىرىزىس ئېڭىدىن ئايرىلمىغان مىللەت تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۆز ئەزالىرىنى بىر يەرگە ئەكېلەلەيدۇ، كىرىزىسنى سەگەكلىك بىلەن تونۇيدۇ. كىرىزىس ئېڭىدىن ئايرىلغان مىللەت ئۆزىنى تونۇش، تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، تارىخنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىنى تېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىملىك كىرىزىسى ـ مىللىي روھنى تاۋلايدىغان ئوچاق، مىللىي ئويغىنىش كۈچىنىڭ قوزغاتقۇچىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت كىملىكىنى قايتىدىن تونۇشمۇ كىملىك كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇشتىكى مۇھىم بىر يول. مەدەنىيەت كىملىكى ـ كىشىلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى داۋامىدا يەكۈنلىگەن يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىغا بولغان بىردەك تونۇشى. ئىنساننىڭ مەۋجۇدلۇقى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەلۇم مەدەنىيەت ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدۇر. مەدەنىيەت كىملىكى بىر مىللەت ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە. مەدەنىيەتتىن ۋاز كەچكەنلىك ـ ئۆزىمىزدىن ۋاز كەچكەنلىك. مەدەنىيەت كىملىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلغان قىممەت قاراشلىرى ۋە ئورتاق نىشان ئاستىدا بىر يەرگە كېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە سەل قاراپ بىپەرۋالىق قىلىشى تەن ۋە روھتا سەزگۈرلۈكنى يوقاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ يامرىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. دۇنيادا ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ئادەم ئەقلىنىلا ئەمەس، بەدىنىنى، تۇيغۇلىرىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۆسۈپ ـ يېتىلىش داۋامىدا ئىنسان ئەقلى ۋە تۇيغۇسىغا بۆشۈك بولغان مەدەنىيەتتىن، مەدەنىيەت كىملىكىدىن ئايرىلماسلىق.

كىرىزىس غەربلىكلەرنىڭ تىلىدا مەسىلە دېگەنلىك. كىملىك كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ـ كىملىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر كىرىزىس ئىچىدە پىشىپ ـ يېتىلىدۇ. جەمئىيەتمۇ كىرىزىس ئىچىدە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەر قېتىملىق كىملىك كىرىزىسىدىن كېيىن تەپەككۇردا، پىكىر ئىچىدە ياشايدىغان ئادەملەر ھامان ئۆزىنى پىشىرىدۇ، كۈچلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا كىملىك كىرىزىسى ئادەم، ھەرقانداق مىللەت، ئىجتىمائىي توپ ھامان قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر خىل رېئاللىق. كىملىك كىرىزىسىنى بىر جەريان دەپ قاراش كېرەك. «كىملىك سۆزى ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاپەت ئەمەس.»[83] ئېرىك ئېرىكسوننىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «كىملىك كىرىزىسى شەخسنىڭ تەرەققىياتى ۋە دەۋرنىڭ قەھرىمانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مۇھىم بىر پۇرسەت.»[84]

www.uyghurkitap.com

## ستاتا مەنبەلرى

[1] رىچارد جېنكىنس : «ئىجتىمائىي كىملىك»

Richard Jenkiness : «Social Identity» , Routledge Press , 1996 , P7

[2] ئانتونىي گىددېنس : «جەمئىيەتشۇناسلىق»

Anthony Giddens : «Sociology» , Polity Press , 2001 , P570

[3] ئاللان جونسون : « جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»

Allan G . Johnson : «Dictionary of Sociology Theory» , Blackwell , P306

[4]، [5]، [6] جامېس كوت : «كىملىكنىڭ بەرپا قىلىنىشى ، ۋاكالەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت»

James E . Cote : «Identity Formation, Agency and Culture», Lawrence Erlbaum Associates Press , 2002 , P49

[7] ئېرىك ئېرىكسون : «كىملىك ، ياشلىق ۋە كرىزىس»

Erick Ericson: «Identity, Youth and Crisis», W .Norton Company , 1968 , P 86

[8] سەي ۋېنخۇي، لى شاۋرۇڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئاممىباب جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»

蔡文辉，李绍嵘：«简明英汉社会学辞典»，人民大学出版社，第25页

[9] روللېر مېل : « ئۆزلۈكنى ئىزدەش»

罗洛・梅：«人寻找自己»，贵州人民出版社，1991年，第45页

[10] ئېرىك ئېرىكسون : «كىملىك ، ياشلىق ۋە كرىزىس» ، ئىنگلىزچە نەشرى 7 ـ بەت.

[11] جامېس كوت : «كىملىكنىڭ بەرپا قىلىنىشى ، ۋاكالەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت» ، ئىنگلىزچە نەشرى 95 ـ بەت.

[12] كارل ماركس : «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 12 ـ توم 110 ـ بەت .

«马克思恩格斯全集»，第12卷，第110页

[13] كېننىس ئاللان : «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان لوپا ئەينەك : جەمئىيەت نەزەرىيىسى»

«Social Lens :An Invitation to Sociological», Pine Forge Press , P372

[14] ئېرۋىڭ گوفمان : «رېئال تورمۇشتىكى ئۆزلۈك ئىپادىسى»

Erving Goffman :«The Presentation of Self in Everyday Life », Garden City , P252 - 253

[15] يۇقىرىقى كىتاب 106 ـ بەت

[16] جوسېف دەۋىس: «كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»

Joseph E . Davis : «Identity and Social Change», P185

[17] چارلىز تايلېر :« زامانىۋىلىقنىڭ ئەندىشىسى »

查尔斯・泰勒：«现代性之隐忧»，中央编译出版社2001年版，第48 - 58页

[18] پانوس باردىس : «جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئۆزۈندىلەر»

Panos D . Bardis:«Dictionary of Quotations in Sociology », Greenwood Press

[19] يۇقىرىقى كىتاب 299 ـ بەت .

[20] كېننىس ئاللان : «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان لوپا ئەينەك» ،ئىنگلىزچە نەشرى 305 ـ بەت.

[21] ئانتونىي گىددېنس : «جەمئىيەتشۇناسلىق»

«社会学»（第四版），北京大学出版社，2001，第30页

[22] يۇقىرىقى كىتاب 11 ـ بەت .

[23] يۇقىرىقى كىتاب 118 ـ بەت .

[24] كېننىس ئاللان : «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان لوپا ئەينەك» ،ئىنگلىزچە نەشرى 318 ـ بەت .

[25] يۇقىرىقى كىتاب 113 ـ بەت .

[26] جوناتان تۇرنېر: «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ قۇرۇلمىسى»

«社会学理论的结构»（第七版），华夏出版社，第351页

[27] مېكال ۋە سىمونس : «كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە»

Mecall and Simmons :«Identity and Interactions», P75

[28] جامېس كوت : «كىملىكنىڭ بەرپا قىلىنىشى ، ۋەكالەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت» ، ئىنگلىزچە نەشرى 103 ـ بەت .

[29] يۇقىرىقى كىتاب 124 ـ بەت .

[30] پېتېر بېرگېر : «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىيلىقى»

Peter Berger :«The Social Construction of Reality», Double Company , P104

[31] ئىئان كرەيب : «كىملىكنى ھېس قىلىش»

Ian Craib :«Experiencing Identity», Sage Publication , P176

[32] كېننىس ئاللان : «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان لوپا ئەينەك» ، ئىنگلىزچە نەشرى 563 ـ بەت .

[33] فوكاۋ : «جىنسىيەت تارىخى»

Michle Foucault :«The History of Sexuality», Vintage Books , 1990 , P69

[34] كېننىس ئاللان: «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان لوپا ئەينەك» ، ئىنگلىزچە 540 نەشرى بەت.

[35] يۇقىرىقى كىتاب 229 ـ بەت .

[36] ئېرىخ فروم: «ساغلام جەمئىيەت» ، خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 128 ـ بەت .

[37] «يېگى ئەسىر:ــ مۇتەپەككۇرلار ساداسى» ، مۇختار مەخسۇت باشچىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان شۇ ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 197 ـ بەت .

[38] جۇ شياۋكاڭ: «ھازىرقى زامان جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 242 ـ بەت .

[39] كېننىس ئاللان، «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان لوپا ئەينەك» ، ئىنگلىزچە نەشرى26 ـ بەت .

40] يۇقىرىقى كىتاب 26 ـ بەت .

[41] جۇ شياۋكاڭ «ھازىرقى زامان جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 196 ـ بەت .

[42] ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەب ـ ئەخلاقى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى .

[43] ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا : «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى .
[44] نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن : «دۇنيا ئەر دەپ يىغلايدۇ» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 6ـ سان .
[45] ئابدۇرېھىم دۆلەت : «ئەخلاقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ ؟» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 3 ـ سان .
[46] تۇرسۇن مەھمۇت: «يولۋاس ئۆلتۈرگەن ئەزىمەت ۋە كىر يۇيۇۋاتقان ئەر» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىل 5 ـ سان .
[47] ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق » ، 155 ـ بەت .
[48] سۇسان فالاۋدىي : «ئالدىنىش : ھازىرقى زامان ئەرلىرىنىڭ ئاسىيلىقى» ، چىكاگو نەشرىياتى 2001 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى 150 ـ بەت .
[49] ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» ، 191 ـ بەت .
[50] يۇقىرىقى كىتاب.
[51] رايت مىللس : «جەمئىيەتشۇناسلارچە كۆز» ، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1961 ـ يىل سەككىزىنچى بېسىلىشى ، 2 ـ بەت .
[52] فوكاۋ: «جىنسىيەت تارىخى» ، ۋىنتاج نەشرىياتى 1990 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى 120 ـ بەت .
[53] فىلىپ ئارىيس : «غەربتە جىنسىيەت» ، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 26 ـ بەت .
[54] يۇقىرىقى كىتاب .
[55] ئانتونىي گىددېنس: « جەمئىيەتشۇناسلىق» ، 883 ـ بەت .
[56] كېننىس ئاللان: «جەمئىيەتنى كۆزىتىدىغان ئەينەك» ، 402 ـ بەت .
[57] ئانتونىي گىددېنس : «جەمئىيەتشۇناسلىق» ، 62 ـ بەت .
[58] جېك لى : «باۋمەننى چۈشىنىش» ، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 147 ـ بەت .
[59] ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» ، 79 ـ بەت .
[60] يۇقىرىقى كىتاب 80 ـ بەت .
[61] جۇشياۋخۇڭ : «ھازىرقى زامان جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى» ، 327 ـ بەت .
[62] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2006 ـ يىل 15 ـ نويابىر سانى .
[63] «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» 2006 ـ يىل 28 ـ ئۆكتەبىر سانى .
[64] مۇرفىي : «ئۆزگىرىش ۋە قايتىدىن يارىلىش»
Murphy : «Flight and Resettlement », 1955 , P309
[65] جۇشياۋخۇڭ : «ھازىرقى زامان جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى» ، 531 ـ بەت .
[66] يۇقىرىقى كىتاب 523 ـ بەت .
[67] ئانتونىي گىددېنس: « جەمئىيەتشۇناسلىق» ، 58ـ ، 588 ـ بەت .
[68] يۇقىرىقى كىتاب 588 ـ بەت .
[69] يۇقىرىقى كىتاب 156 ـ بەت .
[70] جېك بوچىك : «زامانىۋىلىقتىن چېكىنىش» ، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 145 ـ بەت .
[71] يۇقىرىقى كىتاب 276 ـ بەت .
[72] «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى تىنتول بېتى .
[73] جېك بوچىك : «زامانىۋىلىقتىن چېكىنىش» ، ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 140 ـ بەت .
[74] يۇقىرىقى كىتاب 140 ـ بەت .
[75] يۇقىرىقى كىتاب 137 ـ بەت .
[76] يۇقىرىقى كىتاب 148 ـ بەت .
[77] ئېرىخ فروم : «ساغلام جەمئىيەت» ، 298 ـ بەت .
[78] ئاللان جونسون : « جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»
Allan G . Johnson : «Dictionary of Sociology », Blackwell , P258
[79] مىۋوش : «ئاسارەتلىك كاللا» (Captive Mind) ، ۋىنتاج نەشرىياتى 1953 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى .
[80] ئېرىخ فروم : «ساغلام جەمئىيەت» ، 131 ـ بەت .
[81] يۇقىرىقى كىتاب 156 ـ بەت .
[82] يۇقىرىقى كىتاب 230 ـ بەت .
[83] ۋاڭ چېڭبىڭ :« بۈگۈنكى زامان كىملىك كرىزىسىنىڭ ئىنسان نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىشى » ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2003 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 86 ـ بەت .
[84] ئېرىك ئېرىكسون: «كىملىك ، ياشلىق ۋە كرىزىس» ، ئىنگلىزچە نەشرى 2 ـ بەت .

# قىيىنچىلىق ۋە ئۇيغۇر ياشلىرى

## ــ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تۇسالغۇ بولۇۋاتقان روھىي ئامىللار ھەققىدە

ياشاش ــ مەسىلە ھەل قىلىش جەريانى، قىيىنچىلىق ــ ھايات يولىدىكى ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان بىر مەسىلە. قىيىنچىلىق ــ ئارزۇ، غايە بىلەن قوشكېزەك. ئارزۇ، غايە قانچىكى ئۇلۇغۋار بولغانسېرى يېڭىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ، ھەممە مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىيىنچىلىقى بولىدۇ؛ باينىڭمۇ، نامراتنىڭمۇ، رەئىس جۇمھۇرنىڭمۇ، ئادەتتىكى پۇقرانىڭمۇ قىيىنچىلىقى بولىدۇ. ئەمما، قىزىقارلىق يېرى، مەسىلە ھەل قىلىش جەريانى بولغان قىيىنچىلىقنى تونۇش، ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىش، ئۇنىڭدىن غالىب كېلىش جەھەتلەردە تۇتقان پوزىتسىيىمىز، قىلغان ھەرىكىتىمىز قىيىنچىلىقنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. تۇگۇلۇۋالغانلارنىڭ يەلكىسىنى قىيىنچىلىق ھامان بېسىپ تۇرىدۇ؛ ئەقلىي تاللاش ئىچىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەتتە ئۆتكەنلەر بولسا ئۇزلۇكسىز تۇردە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ تۇرىدۇ- يۇ، بىر ئامىللار بىلەن ئۇنىڭدىن غالىب كېلىپ، ئۆزىگە يېڭىچە مەنزىل ـ نىشانلارنى بېكىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېڭىچە قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. ھايات داۋامىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئادەمدەك ياشىشىمىز ئۈچۈن ئەقلىمىزنىلا ئەمەس، تۇيغۇلىرىمىزنى، پۇت-قولىمىزنى ئىشقا سېلىش، پوزىتسىيىمىزنى ھەر ۋاقىت توغرىلاپ تۇرۇش، ئۆزىمىزنى مەسخىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ناچار ئادەتلىرىمىز ھەققىدە ئوبيېكتىپ يوسۇندا ئويلىنىپ ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، كۆنۈككەن خۇي بىلەن بۇنىڭدىن غالىب كەلمەك بەك تەس؛ بۈگۈنكى

www.uygurkitap.com

دەۋرىمىزدە ياشىغان ئۇيغۇر ياشلىرىدا دەل مۇشۇ نۇقتىدا توغرا تونۇش بولمىغانلىق سەۋەبلىك نۇرغۇن قىيىنچىلىق مۇبالىغە قىلىنىپ قورقۇنچ، ۋەھىمە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئېغىر چۈشكۈنلۈكنى يامرىتىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئىزتىراپ كۆلەڭگىلىرىنى، سەرسانلىق تۇمانلىرىنى، مەغلۇبىيەتكە ھامىلدار بولمىش بىپەرۋالىق پەردىلىرىنى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەۋجۇد مەسىلىلەر ھەل قىلىنماقتا يوق، بارغانسېرى دۆۋىلىنىپ ، ياشلىرىمىزنىڭ روھىنى غەپلەتكە چىلاۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەر قانداق مەسىلە سەۋەبسىز بولمايدۇ. ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە تارىخىي سەۋەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىيىنچىلىقلار يىلتىزى چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا يول تېپىلىشى مۇمكىن. ياشلار ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەللىلىرىدە تۇرۇۋاتقىنى، ئالدىدا بېسىشقا تېگىشلىك مۇساپىلەر چوڭ ياشتىكىلەرگە قارىغاندا ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ تەخىرسىز مەسىلىلەرگە، جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتمىسە بولمايدىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى ھەرخىل باش ئاغرىقى بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئادەملەردە، بولۇپمۇ مۇكەممەل قىممەت قارىشى يېتىلىپ بولمىغان ياشلاردا ئۆتمۈشتىكىلەر ھازىرقىلاردىن ياخشى كۈن كەچۈرگەندەك، باشقا جايدا ياشىغان بولسا ھال-كۈنى تېخىمۇ ياخشى بولىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل خاتا تۇيغۇ. 1950-يىلىدىن بۇرۇن سىياسىي بوران-چاپقۇنلاردا قانداق ئامان قېلىش — شۇ ۋاقىتتىكى ياشلارنىڭ ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقى بولغان بولسا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە جاننى قانداق جان ئېتىش، سولچىل سىياسەتنىڭ ئەجەللىك زەربىسىدىن قۇتۇلۇش شۇ ۋاقىتتىكى ياشلارغا نىسبەتەن يەنە بىر خىل قىيىنچىلىق ئىدى. مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن، نامراتلىق ۋە ياشاشنىڭ تەس بولۇشى ئۇيغۇر ياشلىرىغا سوئال بەلگىسى ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بوپكەلدى. ئەمدىلىكتە قاراپ باقىدىغان بولساق، بۈگۈنكى ياشلىرىمىزمۇ ئوخشاش ياكى ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى ھەم كېلىۋاتىدۇ. خىزمەت تېپىشنىڭ تەسلىكى، موھتاجلىق، ئۆي سېتىۋېلىش، توي قىلىشقا كېتىدىغان پۇلنىڭ بولماسلىقى، ھەتتا ئىزدەي دېسە كۆڭۈلدىكىدەك لايىقمۇ چىقماسلىق قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان مەسىلە ياشلىرىمىزنىڭ يەلكىسىدىن باستى، روھىي دۇنياسىنى ئېغىر دەرىجىدە مەنىۋى تەڭپۇڭسىزلىققا گىرىپتار قىلدى. ئۇنداقتا بۇ قىيىنچىلىقلار تۈگىمەسمۇ؟ ياشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى راستىنلا بىز ئويلىغاندەك ناچار بولارمۇ؟ ياشلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلارغا تۇتۇۋاتقان پوزىتسىيىسى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۇلار — ياشلىرىمىز نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى ئېبقاچقىلى بولمايدىغان، ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەردۇر.

سوئال يۇقىرىقىدەك قويۇلغانىكەن، تەبىئىي ھالدا «بۇ قىيىنچىلىقلار ئۆزلۈكىدىن پەيدا بوپقاپتىمۇ؟ ئۇنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرمەي تۇرۇپ قىيىنچىلىقنىڭ ماھىيىتى توغرىلىق قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟» دېگەندەك قارشى پىكىر قويۇلۇشى مۇمكىن. بۇ ھەق. ئۇيغۇر ياشلىرى بۈگۈن دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىڭ يىلتىزىنى چوڭقۇر يەردىن ئىزدەش مۇمكىن. ئەمما، بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم شۇكى، قىيىنچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزىنى تونۇش، ھېس قىلىش، ئازابلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قېلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. قىيىنچىلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقى راست؛ مەسىلىلەرنىڭ دۆۋىلىنىپ كەتكىنىمۇ راست؛ ئەقلى بار ياشلىرىمىزنىڭ مەسىلىنى يۈزەكى بولسىمۇ تونۇپ يەتكىنى راست. مەسىلىنىڭ مائارىپ، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ھۆكۈمەت سىياسىتى، تارىخىي سەۋەبلەرگە تۇتىشىدىغان يىلتىزلىرىنى تەھلىل قىلىشنى كېيىنكى تەتقىقات نىشانلىرىمىزنىڭ دائىرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، بۇ يازمىدا «قىيىنچىلىقنى تونۇدۇق، ئەمدى ئۇنىڭدىن غالىب كېلىشىمىزگە نېمە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ شەخسنىڭ قۇربىتى يېتىدىغان دائىرىدىكى قايسى ئىشلاردا سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇۋاتىمىز» دېگەن نۇقتىلار بويىچە تەھلىلىمىزنى قانات يايدۇرىمىز. تەھلىلىمىز ئاۋۋال ئۇيغۇر ياشلىرىمىز تونۇپ يەتكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان روھىي ئامىللارنى مۇھاكىمىگە قويۇش بىلەن باشلىنىدۇ.

1. قىيىنچىلىقنى مۇبالىغە قىلىۋېتىش. ھەر ماڭدامدا «ئىش تاپماق تەس، ئۆگەنگەننىڭ پايدىسى يوق، قىلغۇدەك خىزمەت يوق ، پۇل چىڭ يەرگە كىرىپ كەتتى...» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. زاماندىن، ۋەزىيەتتىن زارلىنىش ئومۇميۈزلۈك بىر خىل خاھىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۆزىمىزنى ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغاندەك، ھېچكىمنىڭ دەردى بىزنىڭكىگە يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ بىرىمىز «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىشنى يەنە بىر چېچەن ياش ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتىدۇ؛ بىرىمىزگە يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىدىكى ئىشتەك بىلىنگەن قىيىن مەسىلىلەرنى يەنە بىر ئىرادىلىك ياش ھەل قىلىۋاتىدۇ. دەرد بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كېلەمدىكىن دېسەك، پەلەستىندىكى 50 نەچچە يىلدىن بېرى مەسىلىسى ھەل بولمايۋاتقان، ھەر ۋاقىت بومباردىماندا، ئوقتا ئۆلۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ياشلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار. ھىندونېزىيە ، فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئوكيان بويىدا ياشىغۇچى كىشىلەر ئوخشاشلا دېڭىز-ئوكيان تاشقىنىنىڭ خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. «ئۇ يەرنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ئوخشىمايدۇ» دەپ باھانە كۆرسىتەيلى دېسەك، دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ باشقا يېرىدە ياشاۋاتقان ياشلارمۇ بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆي باھاسىنىڭ زىيادە قىممەت بولۇشى تۈپەيلى ياشلار ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ. مەن دېمەكچى، قىيىنچىلىق بىزنىلا بوزەك قىلىۋاتقىنى يوق.

ئادەم بولغانىكەن، تەڭسىزلىك ھامان مەۋجۇد ھەم تۈگىمەيدۇ. بىز يۈكسەك دەرىجىدە دېموكراتىك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ئامېرىكىدىمۇ تەڭسىزلىك بار. بازار بار يەردە، كاپىتال كۈرىشى بار يەردە ھامان تەڭسىزلىك بولىدۇ ھەم بۇ تەڭسىزلىكنىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى، سەۋەبى ئوخشىمايدۇ. بىز دەل مۇشۇ تەڭسىزلىكنى، دەل ئۆزىمىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقنى مۇبالىغە قىلىۋەتكىنىمىز ئۈچۈن، ئاۋۋال روھىي جەھەتتە مەغلۇب بولۇۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە يول يوقمۇ؟ بار. قىممەت يارىتالامسىزمۇ؟ يارىتالايمىز، ھەرىكەتكە ئۆتسەكلا، رېئاللىققا يۈزلەنسەكلا، پوزىتسىيىمىزنى ئۆزگەرتسەكلا. ئەمما، قىيىنچىلىقنى مۇبالىغە قىلىۋېتىش پسىخىكىسى تۈگۈلۈۋېلىشىمىزغا، بۇ نىشاندىن قېيىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئەسلى بازار بار يەردە ھامان پۇرسەت تېپىلاتتى. «ئارمان»شىركىتى، «بوغدا»دوختۇرخانىسىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى قېزىش بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. بازار بۇ شىركەتلەرنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى؛ رىقابەتتە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تالىشىشقا مەجبۇر قىلدى. بىز ئۆگەنگەن كەسپىمىز، قۇربىتىمىز يېتىدىغان ئىشلار دائىرىسىدە بۇرۇنراق ھەرىكەتكە ئۆتكەن، ئىزدەنگەن بولساق ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان خىزمەتنى بىر يەردىن تاپالايتتۇق. توغرىراقى، خىزمەت تاپالمىدۇق ئەمەس، قىيىنچىلىقنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپ ھەرىكەتكە ئۆتمىگەنلىكىمىز، سۇسلۇق قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن پۇرسەتنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇق. بىز بۇ ئەھۋالدا ئەپسۇسلانغان ھالدا «باتۇرلۇق تۈگىسە ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ» دېگەن گەپنى ئەسلەشكە مەجبۇرمىز. «قاراڭغۇنى قارغىغاندىن شام ياققان ئەۋزەل» (مەسئۇل مۇھەررىردىن)دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان.

2. قېيداش پسىخىكىسى. قىيىنچىلىق ئالدىدا مەغلۇب بولغان ئادەم ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن بىر باھانە تېپىشقا موھتاج. ئادەم بۇ باھانىنى ھۆكۈمەتتىن، سىياسەتتىن، ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ۋە باشقا ھەرخىل ئىجتىمائىي ئامىلدىن ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۈمچەپ قويۇش، قېيداش يولى بىلەن ئۆزىدىكى ئازاب، تايانچسىزلىق، غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەتمەكچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ قېيداش پسىخىكىسى ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەي رېئال تۈگۈنلەردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش، تەخىرسىز ۋەزىپىلەرگە سەل قاراشقا ئېلىپ بارىدۇ؛ ئېغىرراق بولغاندا، بىزنى ئېغىر مەنىۋى تەڭپۇڭسىزلىققا دۇچار قىلىدۇ. قېيداش پسىخىكىسى ئوبدان باھانىدىن بىرنى تېپىپ بەرگەندىن كېيىن ئىلگىرىلەش يولىمىزنى ئۆزىمىز توسۇپ قويىمىز، تۈگۈلۈۋالىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىمىز، ئىشەنچىمىز سۇسلىشىدۇ. ئەمما، بىز قېيداش يولى بىلەن يېڭى - يېڭى قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكىنىمىزنى، ئالدىدىكى بىر مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ كېيىنكى مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاشمايمىز. بىز قاقشىغان جەمئىيەت ئۆز ئورنىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، ھايات داۋام قىلىۋېرىدۇ. بىز ماكرو سىستېمىلارنى يەككە ھەرىكەت، شەخسىي تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزگەرتەلمەيمىز؛ كۆزىمىزگە بارغانچە سىغمايۋاتقان ئادەملەرنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيمىز. پەقەتلا ئۆزگەرتەلەيدىغىنىمىز ئۆزىمىز. ھىندىلارنىڭ دۆلەت ئاتىسى گەندىي: «سەن دۇنيادا بىرەر ئەجايىبي ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىنى كۆرمەكچىمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سەن ئاۋۋال كۆرۈشكە تېگىشلىك تۇنجى ئىش — ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتىش!» دېگىنىدە ئادەمدە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېنىق قەيت قىلغان.

3. تەسىرچانلىق كېسىلى. ياشلىرىمىزنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيۋاتقان يەنە بىر ئامىل تەسىرلىنىش كېسىلى. بىر نەرسىلەردىن ئاسان ھاياجانلىنىمىز، تەسىرلىنىمىز، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي شۇ ۋاقىتتىكى ئىلھاملاردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ھەرىكەتتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ئاددىي ھەقىقەتلەردىن تولىمۇ كېچىكىپ خەۋەر تېپىش ياكى سۇسلۇق، بىپەرۋالىق سەۋەبلىك خەۋەرسىز قېلىش — ئادەمدىكى بىر ئاجىزلىق. شۇڭا ھەر قايسى دەۋردە ھېكمەتلەر ھەر خىل شەكىلدە قۇلاققا قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. توم - توم كىتابلار يېزىلىپ، نەسىھەت - ئۆگۈتلەر ئاڭلىتىلىپ تۇرىدۇ. «ئىجتىمائىي پەنلەر دۇنياسىدا دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەر دېيىلىپ بولدى. ئەمدىكى گەپ ئوخشاش ئىدىيىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ، ھەرىكەتكە سۇسلۇق قىلىۋاتقان ئۇنتۇغاق كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرۇش.» 2001 - يىلى «ئانا يۇرت» رومانى نەشر قىلىنغاندا بىرەر يىلغىچە ياشلارنىڭ كۆپىنى سۆزلەيدىغان قىلىپ قويدى. ئەمما «ئانا يۇرت» رومانىنى ئوقۇغان ياشلىرىمىزنىڭ تولىسىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھازىر قالغىنى پارچە - پۇرات تەسىرات يىغىندىسى، خالاس. ھالبۇكى، تەسىرات باسقۇچىدىلا تۇرۇپ قېلىش رومانىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. تەسىرلىنىشكە توغرا كەلسە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىختىرالارنىڭ ياردىمىدە بارلىققا كېلىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئىشلار، بۈيۈك — گىگانت شەخسلەر كۆرمىڭ. ئەمما تەسىرلەنگەن قەلب تۇيغۇغا، كاللا ھەرىكەتكە بۇيرۇق بەرمىسە، بۇنداق ھېسسىيات ئادەمگە ھېچقانداق نەپ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. 2005 - يىلى باھاردا «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى مەكتىپى» دە سۆزلىگەن بىر نۇتقۇمدا مەن لېكسىيىگە قاتناشقان 150 دەك ستۇدېنتقا «تەسىرچانلىق كېسىلى» نىڭ نېمە ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ نەق مەيداندا تەجرىبە ئىشلەپ بەرگەنىدىم. ئاۋۋال ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قۇدرىتى توغرىلىق يېرىم سائەت ئەمەلىي مىساللار بىلەن سۆزلىگىنىمدە ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى بېرىلىپ ئاڭلىدى. قانچىلىغان ئوقۇغۇچى نۇتۇقنى ئۈنئالغۇغا ئالدى. تەسىراتنى بايان قىلىش باسقۇچىدا ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئىرادىگە كەلگەنلىكى، قانداق تىرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مەن ئون مىنۇتلۇق پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن كېيىن: «سەل چارچىدىڭلار، ئارىمىزدا ناخشىنى ئاجايىپ ياخشى ئېيتىدىغان كېلىشكەن بىر يىگىت بار. ئېسىل

ناخشىدىن ھوزۇرلىنىپ لېكسىيىنى داۋاملاشتۇرىمىز. لېكىن شەرت، بىرلا ناخشا ئاڭلايمىز، بولامدۇ؟» دېدىم. ئوقۇغۇچىلار خۇشاللىق بىلەن «بولىدۇ!» دەپ ۋارقىراشتى. مەن دەرستىن بۇرۇن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچىغا تەسىرلىك، يۈرەككە تېگىدىغان ناخشىدىن ئىككىنى تەييارلاپ قويۇشنى تاپشۇرغانىدىم. بۇ ئوقۇغۇچۇم بوي-بەستى بەكمۇ قاملاشقان، ئېگىز، گىتار بىلەن ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ گىتارنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىققاندا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا ئاغدى. قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا بەكرەك دىققەت قىلدىم. «سېنى سۆيەتتىم» دېگەن ناخشا ئاجايىپ مۇڭ بىلەن ئېيتىلغاندا ، ئوقۇغۇچىلار شۈكلەپ كەتتى. ناخشا ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتىلدى. ناخشا ئېيتىلىپ چاۋاك چېلىنغاندا ، مەن : «گەپنىڭ ئاخىرىنى دەۋېتەي، بەك مۇھىم گەپلەر بار» دېدىم ۋە مەقسەتلىك ھالدا «يەنە بىر ناخشا ئاڭلىۋېتەمدۇق - يا!» دېگىنىمدە ، ئوقۇغۇچىلار خۇشاللىق بىلەن چۇرقىرىشىپ كەتتى. مەن چاقچاق ئارىلاش: «بايىلا قالتىس ئىرادىگە كەلگەنتىڭلار، ئەمدى بىر ناخشا سىلەرنى شۇنچە ئېزىپ، ئىرادەڭلەرنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتىمۇ؟» دېدىم ۋە قوشۇپ قويدۇم: «مانا بۇ بىزدىكى تەسىرچانلىق كېسىلىنىڭ ئاددىي ئىپادىسى. ھاياجانلانغاندا ھەممە ئادەم ئىرادىگە كېلىۋېرىدۇ. ئەمما ھەرىكەتتە ئۆتۈش - ئايرىم گەپ. ھەرىكىتىمىز، ئويلىنىشىمىزغا تۈرتكە بولغىدەك ھېكمەتلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما ھەرىكەتكە ئۆتمەي تەسىرلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالساق، بۇ ھېكمەتلەر ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق گەپلەردۇر .» ياشلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل چېغىدىكى بىر يىگىت ئىرادىگە كېلىپ غايىسى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتۈۋاتقان ۋاقىتتا چىرايلىق قىزلارنى، ئېسىل كۆرۈنۈشلەرنى ھەربىر قېتىم كۆرۈپ غىدىقلىنىۋەرگەندە ، ئۇنىڭ روھى ئىزدىنىشنى ئەمەس، بىردەم بولسىمۇ ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرىكىتىمىز توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. ھېسسىياتچانلىق، تەسىرچانلىق باسقۇچىدا تۇرۇپ قالىمىز-دە، ئارزۇيىمىز ئارزۇ پېتى، قىيىنچىلىق قىيىنچىلىق پېتى قېلىۋېرىدۇ.

4. مۇھەببەتنى دالدا تام قىلىۋېلىش. قىيىنچىلىق ھەل بولمىغاندا، باش سەۋدادىن خالىي بولمىغاندا، يۈرەك تەشۋىشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن پاناھگاھ ئىزلەيدۇ. ياشلار ئۈچۈن بۇ پاناھگاھ — دەل مۇھەببەتتۇر. ياشلار مەسىلىسى تۈگىمىگەنسېرى مۇھەببەتكە بېرىلىدىغان بوپقالىدۇ. مۇھەببەتكە بېرىلگەنسېرى ئۆزى ئىزدىگەن چىن مۇھەببەتنىڭ رېئاللىقتا تېپىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى بىر ئىشقا رايى بارمايدۇ. يېڭى قىيىنچىلىق مانا مۇشۇنداق چاغدا ماراپ تۇرغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇھەببەت توغرا يولغا يېتەكلەنسە، ھەر ئىككى تەرەپكە ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچ بېغىشلىشى مۇمكىن. ئەمما، كۆپىنچە ھالدا ھېسسىياتى تەۋرىنىپ تۇرغان ياشلار مۇھەببەت كوچىسىدا مەستۇ - مۇستەغرەق بوپكېتىدۇ. مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بىز بۇ چاغدا «قالتىس بىر ياشۋەتكەن، بىر قېتىملىق گۈزەل ئۇچرىشىشتىن كېيىن نېمە قىلىمىز؟» دەپ سوئال قويىمىز. بىز مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ قولى كىتاب ۋاراقلاۋاتقان بولسىچۇ؟ بىز مۇھەببەتنىڭ قولىغا ئايلىنىۋاتقان چېغىمىزدا بىز بىلەن تەڭ دېمەتلىك باشقىلار ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىۋاتقان بولسىچۇ؟ مۇھەببەت سەۋداسى، ئاشىقلىق ئوتى باشقا كەلگەندە قىيىنچىلىق كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئىلگىرىلىگۈمىز كەلمەيدۇ. ئۆزىمىزنىڭ دەردى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر دەردتەك، باشقىلار بىزنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولىمىز. ئوغۇللارنىڭ بىر قىسمى بولسا ھاراق، تاماكىدىن تەسەللى تاپماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ساختا دەردمەنلىكتۇر. قەھرىمانلىق، ئىجادچانلىقتا مەنبە بولىدىغان مېڭە ھېسسىياتچانلىقتا ئورۇن بوشاتقاندا ئادەمنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ چاغدا كرىزىس ۋە قىيىنچىلىق بىزنى پىرقىرىتىۋاتقان باخشىغا، بىز نېمە ئۈچۈن پىرقىراۋاتقانلىقىنى بىلمەي ئايلىنىۋاتقان بىچارە بايقۇشقا ئايلىنىمىز.

5. بالدۇر قېرىۋېلىش. مەن پات-پاتلا بالىۋاقىلىق بولغان، 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ بالىلىرى توغرىلىق گەپ قىلىۋېتىپ : «بىزنىڭ بولار يېرىمىز مۇشۇ بولدى. ئەمدى بالىنى ئوبدانراق تەربىيىلەرمىز» دېگىنىنى ئاڭلايمەن ھەم ھەيران قالىمەن. شەھەرلەردە خىزمەتكە چىقىپ قەرزگە ئۆي سېتىۋالغان، تۇرمۇش ئالدىغا سېلىۋالغان ياش ئەر- خوتۇنلاردا بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش، تۇرمۇش نىشانىدىن ئادىشىش گەۋدىلىك. بەزىلەر بولسا ئۆزىنى ئەمدى كارغا كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت تولىمۇ زىيانلىق. ئۆزىنى تەربىيىلەشنى توختاتقان ئادەم قانداقمۇ بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىسۇن؟ مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «ئەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان - قازىنالمايدىغانلىقى 30 ياشقىچە بەلگىلىنىپ بولىدۇ» دېگەن گەپنى جىق ئاڭلايتتىم. ھازىر ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن كۆزىتىپ باقسام ، بۇ گەپ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ رېئاللىقىغا تازا ماس كەلمەيدىكەن. ئۆزىمىزنىڭ تىلى ۋە دۆلەت تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا نەچچە يىل كېتىدىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، تەمتىلەشتىن قۇتۇلۇپ ئەمدى ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە ياش ئوتتۇزغا بېرىپ قالىدىكەن. قارىشىمچە، ئۇيغۇر ياشلىرى 30 ياش ئەتراپىدا يېڭىچە بىر ھايات پەللىسىگە قەدەم قويىدىكەن. مېنىڭچە، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ھاياتى بۈگۈنكى دەۋردە 30 ياشتىن كېيىن رەسمىي باشلىنىدىكەن. بالدۇر قېرىۋېلىش، نىشان بولماسلىق بىزنى روھىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن زەئىپلەشتۈرۈش رولىنىلا ئوينايدىكەن. 30 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ياشلاردا «ھاياتىم ئەمدى باشلاندى» دېگەن روھىي ھالەت بولۇشى كېرەك. بولمىسا، يەلكىنى قىيىنچىلىق باسقىنى باسقان.

6. چۈشكۈنلۈك . يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلغان نۇقتىلاردىن

قىيىنچىلىقنى مۇبالىغە قىلىۋېتىش خاھىشى قىيداش پسىخىكىسىنى، تەسىرچانلىق، ھېسسىياتچانلىق مۇھەببەت ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، بالدۇر قېرىۋېلىش تۇيغۇسى بېھۇدىلىق، سۇسلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ بەش ئامىل باشقا كىچىك نۇقتىلارغا قوشۇلۇپ قەلبتە چۈشكۈنلۈككە ئورۇن ھازىرلايدۇ. يېڭى كىرىزىس شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن باشلىنىدۇ. ھەممە مىللەت، ھەممە ئادەمنىڭ چۈشكۈنلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. چۈنكى، چۈشكۈنلۈكنىڭ مەنبەسى ــ ئۈمىدنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىشىدۇر. ئىنسان ئۈمىدى بەربات بولغاندا، رېئاللىق ئالدىدا ئىلاجسىز قالغاندا ھامان چۈشكۈنلۈك قاينىمىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما چۈشكۈنلۈك زېرەك ئادەملەر ئۈچۈن يېڭىچە بىر مەنزىل، يېڭىچە بىر نۇر، يېڭى بىر ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. چۈشكۈنلىشىپ ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىك ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئازاب ئوتلىرىغا تۇتۇرۇق قىلىپ بېرىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. راست، قىيىنچىلىق مەۋجۇد، ھەل قىلالمىدۇق، شۇڭا ئازابلاندۇق. لېكىن ئازابلىنىش بىلەن نېمە ئىش ھەل بولدى؟ ئوتتا تۇرغان ئادەم ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قانداق ئېيىقچىشنى بىلىشى كېرەك. دۇنيادا چۈشكۈنلەشكەنلەر، ئازاب تارتقانلارغا ھېچ يەردە مۇكاپات بەرمەيدۇ.

**7. ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياراتماسلىق، بىراۋغا سەۋەبسىز ئۆچ بويىقىلىش.** ياشلىرىمىزنىڭ تولىسى ئالدىراپ بىر كىشىنى يارىتىپ كەتمەيدۇ. بىراۋ نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن كۆچسە ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك، مەنمەنچىدەك ھېس قىلىدۇ. خىيالىدا ئۆزى قىلسا تېخىمۇ ياخشى قىلىۋېتىدىغاندەك ئويلايدۇ. باشقىلارنى ياراتمايدۇ-يۇ، ئۆزى ھەرىكەتكە ئۆتمەيدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياراتماسلىق ــ ئازاب چېكىۋاتقان، ئۆزىنى تاپالمىغان ئادەمنىڭ ئەكسى نۇقتىدا ئۆزىنى ئاشكارىلىشى. پسىخىكىسى ساغلام ئادەم نەتىجە قازانغانلار، بىر ئىشنى ياخشىراق قىلغانلاردىن تەجرىبە ئۆگىنىدۇ، نەتىجە قازىنىش جەريانىنى كۆزىتىدۇ. روھى زەئىپ ئادەم بولسا باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ياراتماسلىق، مەنسىتمەسلىك ئارقىلىق سەرسانلىق، تىت-تىتلىقتا قىلىۋاتقان مەنىۋى دۇنياسىغا تەسەللى ئىزدەيدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتچىسى كىرسىن تايلور: «باشقىلارغا سەۋەبسىز ئۆچ بويىقىلىش ــ ئۇيغۇرلاردىكى پسىخىكىلىق ئاجىزلىقلارنىڭ بىرى» دەپ يازىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ياشلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. بەزى ياشلار سەھنە، ئېكرانىدا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، خىزمەت ھالقىلىرىدا كۆرگەن ئادەملەرنى نېمىشقىدۇر ياقتۇرمايدۇ. باشقىلارغا سەۋەبسىز ئۆچ بويىقىلىش ــ ئىلغارلارنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنىش، ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلىنىۋاتقان بۇ دەۋردە ئىنتايىن زىيانلىق بىر پسىخىكا. ئۇ ئەمەلىيەتتە قىسىلغان، تۈنجۇققان ئۆزلۈكنىڭ ئىپادىسى. بىر ئىشنى توغرا قىلغانلار، نەتىجە قازانغانلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى توغرا يوسۇندا ھەل قىلغانلار بولۇپ، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى ھامان تېپىلىدۇ. ھېچكىمنى ياراتماسلىق، باشقىلارغا سەۋەبسىز ئۆچ بويىقىلىش بىر خىل پسىخىكىلىق تەڭپۇڭسىزلىق بولۇپ، ئېغىرلاشقاندا ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت داۋالاش تەس بولغان مەرەز مەنىۋى كېسەلگە باشلايدۇ. ئۇ ھالدا كۆزىمىزگە تولىمۇ زور، ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە كىرىزىسنى يەڭمەك بەسي مۇشكۈل.

**8. ئىقتىسادىي ئاڭ تۆۋەن بولۇش.** بىز ھەمىشە «پۇل ھازىر چىلەك يەرگە كىرىپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالىمىز. مەن بۇ گەپنى «توغرىراقى، پۇل تېپىشقا قانات بولىدىغان ئەقىل ۋە دىت چىلەك يەرگە كىرىپ كەتتى» دەپ چۈشىنىمەن. تۇرمۇشنىڭ سۈپىتى قىممەت ۋە ئۈنۈم تەلەپ قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئولتۇرۇشلاردا، توردا جىق ۋاقىت سەرپ قىلىشنى، سائەتلەپ پاراڭ سېلىشنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بىزدىن كېتىۋاتقىنى ــ قىممىتى يوق نەرسە ئەمەس، بارغانسېرى قىسقىراۋاتقان ئۆمرىمىزنىڭ بىرلىكى بولغان ۋاقىت؛ ئويلىنىپ ئىزدىنىشكە سەرپ قىلىساق، پۇل ۋە قىممەت ياراتقىلى بولىدىغان ۋاقىت. ھەر قېتىم ئۇيغۇر تور مۇنبەرلىرىدە كۈندە تورغا چىقىشنى ۋەزىپە قاتارىدا كۆرۈۋاتقان، تور ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلەۋاتقان ياشلارنىڭ كۆپلۈكىنى سەزگىنىمدە ئازابلىنىمەن. «ياخشى يېزىپسىز، رەھمەت!» دېگەندەك تايىنى يوق ئىنكاسلار، تەسىرات مارىلاپ يېزىلىۋاتقان پاخال يازمىلار ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. شۆھرەت تەمەسىدىكى يازارمەنلەر ماختاش سادالىرىنى ئاڭلاش مەقسىتىدە كۈندە دېگۈدەك مۇنبەرلەرنى ئارىلايدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئۆلچىگەندە بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىش. «باي دادام، نامرات دادام»، «تەپەككۇرغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش» دېگەن كىتابلاردا پۇل تاپالمايدىغان كىشىلەردىكى بۇ خىل پاسسىپ روھىي ھالەت ياخشى تەھلىل قىلىنغان. جىق پۇل تېپىشنى ئويلاش، ئەمما شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال لازىم بولىدىغان پسىخىكىلىق ساپانى يېتىلدۈرمەسلىك، پوزىتسىيىنى توغرىلىماسلىق ياشلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يەنە بىر سەۋەب. ئەلۋەتتە، ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە مىراس قىلىۋاتقان نامراتلىق مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي ئامىللارمۇ ئىقتىسادىي ئاڭنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمما، بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى شەخسنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئىپادىلەرنى تەھلىل قىلىش بولغاچقا، بۇ يەردە ئىقتىسادىي ئاڭنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى ھەققىدە جىق توختالمايمىز. مەسىلە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە، جىق پۇل تاپقانلار قىيىنچىلىقنى ئەڭ جىق يەڭگەنلەردۇر. كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىشقا جۈرئەت قىلمىساق، دېمەك پۇل تاپالمايمىز. پۇل تاپالمىساق، رەڭگىمىز سارغىيىدۇ، قەددىمىز پۈكۈلىدۇ، ھاياتىمىزدا مەنە، تەم ئاز قالىدۇ. ئەمما ياشلىرىمىزدا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان يەنە بىر خاھىشمۇ بار. يەنى، ئۇ بولسىمۇ پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى تونۇماسلىق. بۇ بەكمۇ خەتەرلىك بولۇپ، ئاخىرى روھىي گادايلىققا باشلاپ، ئالدىمىزغا ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭى قىيىنچىلىقلارنى تاشلايدۇ. مۇناسىۋەت تاۋارغا ئايلانغاندا، بىز

ئاربلىشىۋاتقان قارشى تەرەپمۇ بىز ئۈچۈن بىر تاۋارغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھال داۋاملاشقاندا ئاچ كۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك، داغۋازلىق كۈچ ئالىدۇ. نەتىجە بەرىبىر ئوخشاش — روھىي گادايلىق. مەنىۋىيتى گاداي ئادەمنىڭ تۇرمۇشى مەنىسىزلىشىدۇ، ئەقىدىدىن يىراقلايدۇ. ئاخىرىدا بۇنداقلارنىڭ ھاياتى ئوخشاشلا كرىزىس ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. دېمەك، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ۋاقىتنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۇنۇم بىلەن ھېسابلىماسلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا ھامىلدار بولسا، پەقەتلا پۇلنى ئويلاش روھىي يېتىملىككە ھامىلدار. شۇڭا، ھەم ئىقتىسادىي ئاڭنى يېتىلدۈرۈش، ھەم مەنىۋى كامالەتكە ئىنتىلىش ئىنسان ھاياتىنى قىممەت ۋە مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھالدا قىيىنچىلىق ئادەمنى بۇرۇنقىدەك بوزەك قىلالمايدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان روھىي ئامىللارنى شەخس ئۆز روھىي دۇنياسىدا يوقىتىشقا قادىرمۇ؟ قادىرلىقى قادىر. ئەمما بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئادەمگە كاشىلا تۇغدۇرىدىغان توسالغۇنىڭ مەنبەسى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن كېلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشنى توختىتىپ قويماسلىقى ۋە روھىي دۇنياسىدا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا پسىخىكىلىق ئىسلاھات (بۇنداق قىلىشقا ئۇزۇن ۋاقىت كەتسىمۇ) ئېلىپ بارمىقى لازىمدۇر.

1. **خىيالنى باشقۇرۇش**. ئادەمنىڭ كاللىسى ھەر ۋاقىت خىيالدىن نېرى بولمايدۇ. خىيال ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، ئاكتىپ خىيال، يەنە بىرى پاسسىپ خىيالدۇر. تەسەۋۋۇر، ھۆكۈم، لوگىكىلىق خۇلاسىنى ئۇرىنتا قىلىپ سۈرگەن خىيال ئاكتىپ بولۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان غالىبلار بۇنداق خىيال قىلىش، دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپ تۇرۇشقا كۆنگەن. غەم، ھەسەتخورلۇق، دەرد، قىيداش نۇقتىسى بويىچە قىلىنغان خىيال پاسسىپ خىيال بولۇپ، كاللا بۇنداق خىيالغا سەرپ بولغاندا، تەپەككۇر قىلىدىغان يۆنىلىشتىن ئېزىپ ھۇرۇنلىشىدۇ، بارا ـ بارا ئىش ياقماس بولىدۇ. شۇڭا بىر دەرد ـ غەمگە دۇچ كەلگەندە پاسسىپ خىيالنى ئاكتىپ خىيالغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش، قۇتۇلۇشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ھەققىدە ئويلىنىش لازىم. خىيال ھەققىدە ھېچكىم ھېچ يەردە دەرس ئۆتمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىمىزمۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ بىر نەرسە دەپبېرەلمەيدۇ، بۇنى پەقەت ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزلا ئۆگىتەلەيمىز. سىز ئەجابىي خىيالنىڭ پايدىسىنى كۆرگىنىڭىزدە، خىيالنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر دەخلىسىز ھوقۇق ئىكەنلىكى، ھۇزۇر بېرىدىغانلىقى، قىممەت يارىتالايدىغانلىقىنى بايقايسىز. لېكىن سىز بۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىڭىزنىمۇ باشقۇرغىلى بولىدىغانلىقى، خىيالىڭىزنى ئەركىگە قويۇۋېتىپ يامان قىلغانلىقىڭىزنى تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك. خىيال توغرىلىق گەپ بولغاندا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەك: بەزى ياشلار ئارزۇ ـ غايىنى بەك يوغان قىلىۋالىدۇ، ئەمما شۇنىڭغا تۇشلۇق قەدەم ـ باسقۇچلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك روھىي ساپانى تەھلىل قىلمايدۇ. كىچىك بالىلار «چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟» دېگەن سوئالغا «ئالىم بولىمەن، ئۇچقۇچى بولىمەن» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى، نەتىجە سۈرۈشتۈرۈلمىگەندىكىن بۇ سوئاللارغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسە بولىۋېرىدۇ. خىيالپەرەس ياشلار ئەقلى يېتىلمىگەن گۆدەك بالىلاردەك ئارزۇ ـ خىياللاردا بولغىنىدىن نومۇس قىلىشى كېرەك. بىر غايىنى تىكلىدۇقمۇ، دېمەك ئۇنىڭغا كېتىدىغان قەدەم ـ باسقۇچلارنى پىلان بويىچە ئايرىش، تەھلىل قىلىش، ئاندىن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەك. بولمىسا قىيىنچىلىق مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. ئاددىيراق تىل بىلەن ئېيتقاندا، سىز ئەگەر بەش يىلدىن كېيىن ھەشەمەتلىك ماشىنام بولىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز، ئاپتوبۇستا ياكى پىيادە كېتىۋېتىپ ھەيۋەت ماشىنىدا ئولتۇرغانلارنى ئۇچراتقىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن پىيادە قالغانلىقىڭىز، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ماشىنىدا ئولتۇرالىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز ئۇزۇن مۇددەتلىك مەشىق ئارقىلىق خىيالىڭىزنى باشقۇرالىسىڭىز، نۇرغۇن نەرسىگە ئىگە بولالايسىز.

2. **پوزىتسىيە توغرىلاش**. بىز ئۆزىمىزنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان ئىجتىمائىي سىستېما، جەمئىيەت، مۇھىتنى يەككە ھەرىكىتىمىز بىلەن يالغۇز ھالدا ئۆزگەرتەلمەيمىز. پەقەتلا ئۆزگەرتەلەيدىغىنىمىز — ئۆزىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى. پسىخولوگلار ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى 15% بىلىمدىن، 85% پوزىتسىيىدىن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. بىز ئۆزى بىلىملىك تۇرۇپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىغان تالاي ئادەمنى ئۇچراتقان. پوزىتسىيە باشقا گەپ، بىلىم باشقا گەپ. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە پوزىتسىيە پەيدا قىلىدىغان ئەقلىمۇ بىلىمگە تەڭ ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇر ياشلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا پوزىتسىيىنى توغرىلىشى كېرەك. پوزىتسىيىنى توغرىلاشنىڭ تۇنجى قەدىمى تەشەببۇسكار بولۇشتۇر. مەسىلەن، سىز ئۇنىۋېرسىتېتقا يېڭى كەلگەن، بەش يىلدىن كېيىن ئۇرۇمچىدە قېلىشنى ئويلىغان ستۇدېنت بولسىڭىز، قانداق ساپالارنى ھازىرلىغاندا ئۇرۇمچىدە بىر كىشىلىك خىزمەت تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويلىشىڭىز، قەدەم ـ باسقۇچلارنى بېكىتىشىڭىز، ئاندىن تەرتىپلىك يوسۇندا ھەرىكەتكە ئۆتۈشىڭىز كېرەك. پوزىتسىيىنى توغرىلاشنىڭ ئىككىنچى قەدىمى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش. مەسىلەن، بىز ئۆزىمىزنى ئىچىمىزدە: «مۇشۇ ھالىڭ بىلەن ساڭا خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ؟» دېگەندەك ئويلار بىلەن مەسخىرە قىلىپ تۇرۇشىمىز، نىشانىمىزغا يېتىش داۋامىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ ھال بىزدىن مەلۇم تۈرگە ماھىر، پىشقان، كەسىپ ئەھلى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن چاللىق، ئۆز كەسپىنىڭ ئەھلى بولالماسلىق — ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى پوزىتسىيە توغرا بولماسلىقتىن كېلىپ چىققان، ئۇلارغا قىممەت يارىتىپ بېرەلمەيۋاتقان ئامىلدۇر. كۆپىنچە ئادەم باشقىلاردىن ماختاش، مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا كۆنۈك. ماختاش سادالىرى — بىزنىڭ توغرىلاشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىمىزگە سېلىنغان ئۇيقۇ دورىسى. جۇڭگو بۈگۈنكى زامان داڭلىق يازغۇچىسى فىڭ جىسەينىڭ «پۇۋلەپ ئۇچۇرۇلغان شارلار ھامان ئېتىلىپ كېتىدۇ»

www.uyghurkitap.com

دېگەن گېپى ئېسىمىزدە بولسۇن. پوزىتسىيە توغرىلانغاندا، مېڭە بەدەنگە ھەرىكەتكە ئۆتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. قىيىنچىلىققا جەڭ ئېلان قىلىش داۋامىدىكى پۈتلىكاشاڭلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

3. ئادەت تۈرمىسىدىن چىقىش. ئادەت — قىيىنچىلىقنى يېڭىش داۋامىدا تەسىرگە ئەڭ ئاۋۋال ئۇچرايدىغان، يەڭمەك تەس بولغان، ئەمما ئىزدەنسەك، مەشىق قىلساق يەنىلا توغرا يۆنىلىشكە ئېلىپ ماڭغىلى بولىدىغان بىر ئوربىتا. بىز ھەربىرىمىز ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا ھامان بەزى ئۇنۇمسىز ئادەتلەردىن خالىي بولالمايمىز. دەل مۇشۇ ئادەتلەر بىزنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ- ئارمىنىمىزنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەت دەل ئادەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەسلىكىگە قارىتىلغان. سىز مەلۇم بىر ئىشتا ئىرادىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايسىز. ناۋادا ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى كونترول قىلىشنى بىلمىسىڭىز ئارزۇ ئارزۇ پېتى، غايە غايە پېتى قېلىۋېرىدۇ. قىيىنچىلىق تۈگىمەيدۇ. مىسالەن، سىز كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلىنى بىر يىل ئىچىدە بىرىلىپ ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سەھەر تۇرۇپ سۆز- جۈملىلەرنى يادلاش، كۈندە مۇقىم ۋاقىت چىقىرىش، سىجىللىقنى ساقلاش، باردى- كەلدىگە كېتىدىغان ۋاقىتنى قىسقارتىش، غىدىقلايدىغان ئۇچۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچراش قاتارلىق بىر قاتار ۋەزىپىگە دۇچ كېلىسىز. لېكىن كۆنگەن خۇيىڭىز بۇ جەرياندا سىزگە دەخلى قىلىپ پىلانىڭىزنى ئاقسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنۇمسىز ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى بىر كۈرەش، بىر مۇھىم مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە تونۇماي تۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدا دۆۋىلىنىپ كەتكەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئادەت ئىجتىمائىي قۇرۇلما، ئىجتىمائىي مۇھىت، مەدەنىيەت فورمىسى، ئىجتىمائىي ئالاقە، ئىرسىيەت ۋە كۆرگەن تەربىيە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئادەمنىڭ قان- قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەمما، ئادەت پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى كۆزىتىش، مەشھۇرلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش، ئۆتكۈر پىكىر ئىگىلىرىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن پاتراق ئۇچرىشىش، كىتاب كۆرۈشنى داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياخشى ئادەتلەرنى كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ياخشى ئادەت — ئادەمنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قامچا؛ ناچار ئادەت — ئادەم ئۆزى خالاپ كىرىۋالىدىغان ھەم ئالدىراپ چىقىشنى خالىمايدىغان تۈرمە. ناچار ئادەتنى ئۆزگەرتمىگەن ئادەمگە ئەڭ ئاۋۋال خىرىس ۋە تەھدىت ئۆزىدىن كېلىدۇ؛ ئۆزى دۈشمەن بولىدۇ. چىقىش يولى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ كەتكىنى يوق. لېكىن، ناچار ئادەتلەرنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋالغىنى راست. ياشلىرىمىز پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكىنى يوق، ئەمما ئۇنۇمسىز ئادەتلەرنىڭ ئۇلارنى بىچارىلىك، خارلىققا باشلاۋاتقىنى راست. ئارزۇلار پۈتۈنلەي بىتچىت بوپكەتكىنى يوق؛ ئەمما ياشلىرىمىزنىڭ غايىلەرنى تىكلەپ قويۇپ ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن نىشاندىن ئادىشىۋاتقىنى راست. مەن ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ياشلىرىمىزغا سەھەر تۇرۇش، تەشەببۇسكار بولۇش، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن قىياس قىلىش، ۋاقىت تەقسىملەش، يالغۇز تۇرىدىغان ۋاقىتنى كۆپەيتىش، ئۇن- تىنسىز پىكىر قىلىش (قۇرۇق خىيال سۈرۈش ئەمەس)، زىيادە ئۇچۇردىن نېرى تۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىمەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئادەتنى مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەمما، يامان يېرى، ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر گەپ. ھازىرغىچە توغرا ياشاشنى ئۆگىتىدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرچە كىتاب نەشر قىلىندى. لېكىن، شۇ كىتابلارنى ئوقۇغان ياشلارنىڭ تولىسى يەنىلا ئۆزىنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقى، روھىي ھالىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. دېمەك، كىتاب ئوقۇپ ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىك، تەسىرات باسقۇچىدا تۇرۇپ قېلىش، يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئىلغار ئىدىيىلەرنى پەرۋىش قىلىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشماسلىق بىزگە ھېچقانداق نەپ بەرمەيدۇ. مەن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان شۇ خىلدىكى كىتابلاردىن «سىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىڭىز»نى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان. «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» ناملىق كىتابنى 2000-يىلى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىبارەت مەرەز كېسەلنى يېڭىش داۋامىدا ئوقۇغان، قالغانلىرىنى ئوقۇمىدىم. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ھەرىكەتكە ئۆتكىنىم، تەشەببۇسكار بولغىنىم مېنى ئۆزۈمنى قايتا تونۇش، قېزىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۆزۈمنى تىڭشاش، يۈرىكىمدىن كېلىۋاتقان چىن تۇيغۇلارغا بىپەرۋالىق قىلماسلىق، خاس يولۇمدا مېڭىشقا ئىلھاملاندۇردى. يۇقىرىدىكى بايانلارمۇ ئۆزۈمنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش داۋامىدا بىۋاسىتە ھېس قىلغانلىرىم. ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشتا تۇسالغۇ بولىدىغان روھىي ئامىللار ھەققىدە ئويلىغان قىممەتلىك پىكىرلىرى ۋە خاس تەجرىبىلىرى بولۇشى مۇمكىن. قىيىنچىلىقنى يېڭىشقا دائىر ئوخشىمىغان تەجرىبىلەر تونۇشتۇرۇلسا، ئوخشىمىغان مىجەزدىكى ياشلىرىمىزغا بىرەر تەرەپتىن بولسىمۇ پايدىسى تېگىشى مۇمكىن. مەسىلىنىڭ نېگىزىنى پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزدەش، ئىلمىي تەتقىقاتى قىلىش ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئىش. ئەمما، تەجرىبىدىن ئۆتكەن نەق گەپلەرمۇ ئورتاقلىق تۇيغۇسى ھېس قىلغان ئوقۇرمەنلەرگە نەپ بەرسە ئەجەب ئەمەس.

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M1)

**ماقالىنى بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدي(تەكلىپلىك)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەڭگۈلۈك ئۇدۇم — دوپپا

## — دوپپىدىكى ھېكمەت ۋە خىسلەت

### ئابدۇشۇكۇر كېرەم كۆك

بۇ دۇنيا مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن گۈزەلدۇر. ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ پىسخىك خاراكتېرىگە خاس مەدەنىيەت يارىتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ خاس مەدەنىيىتى شۇ مىللەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەر مىللەتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى دۇنيانىڭ يارىشىقى ھەم دۇنيا مەدەنىيەت باغچىسىنىڭ خۇشپۇراق بىر گۈلىدۇر. بۇ گۈلنىڭ پۇراقلىق ياكى پۇراقسىز بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، قەدىرلىشى ۋە ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش - سۆيمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سۆيگۈسىز دۇنيا، سۆيگۈسىز گۈللىنىش ۋە سۆيگۈسىز مىللەتمۇ مەۋجۇد ئەمەس. ئەگەر بىر مىللەت ئۆز مىللىتىنى سۆيمىسە، ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىمىسە، ئۇ مىللەتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۆزىنى تونۇش، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە قوغداش شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، رەڭدار دۇنيا مەدەنىيەت باغچىسىنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. شۇڭا ھەر بىر پۇقرا ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى دەپ بىلىشى لازىمدۇر.

زامانىۋىلىشىش يولىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دۇنيادا ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش تەڭ نىسبەتتە مەۋجۇدتۇر. بۇ تەتۈر تاناسىپلىق ئىلگىرىلەش مەلۇم مەنىدە خاسلىق ۋە خاس مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرلەپ يوقىلىشىغا سەۋەب بولماقتا ۋە تەدرىجىي ھالدا مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر خىللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. دۇنيا مەدەنىيەت باغچىسىنىڭ رەڭگا رەڭلىكىنى

رەسسامنىڭ تەپەككۇرىدىكى دوپپا

ساقلاشتا پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن خاس مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى بىر رېلىسقا چۈشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئۆز مىللىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي تاپقۇزۇش يولىدا ئۆزىگە خاس شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بەرپا قىلغان ھەم ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن جۇلالىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇزۇن تارىخ ۋە ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەتتىكى سەلتەنەتلىك ئورنىنى دەلىللىگۈچى پاكىتتۇر. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئېتىقاد، ئالەم، تەبىئەت، گۈزەللىك ۋە ئادەم توغرىسىدىكى ئۇقۇملارنىڭ ئىلمىي، مەنتىقىلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان كىيىم- كېچەك سەنئىتى ئەنە شۇنداق ئىلمىي گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بىباھا سەمەرىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز خاس تىل ۋە يېزىق ئىجاد قىلىشتىن باشقا مىللەتنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئۆزگىچە كىيىم- كېچەك سەنئىتىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك سەنئىتى شامانىزم، بۇددىزم، ئىسلامىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىسلاھات دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئىسلاھ قىلىنغانچە گۈزەللىشىپ، تاكامۇللىشىپ بارغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كىيىم- كېچەك سەنئىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، شامانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىيىم- كېچەك سەنئىتىدىكى ئېتىقاد، ھاياتلىق ۋە گۈزەللىككە دائىر بىر قىسىم ئۇقۇم ۋە ھۆكۈم ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇر كىيىم- كېچەك سەنئىتى ئىچىدە باش كىيىمنى قانداق تىكىش، گۈل- نۇسخا، نەقىش، رەڭ- سىزىقلار ئارقىلىق نېمىلەرنى ئىپادە قىلىش، قانداق كىيىش دېگەن مەسىلىلەردە ئۆزىگە خاس قاراش- چۈشەنچىلەرنى ئىپادە قىلىپ كەلگەن.

كىيىم- كېچەك سەنئىتى مەلۇم كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئۇنداق ئاددىي نەرسە ئەمەس. ھەم ئۇ قانداقتۇر بىرەر كىشىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ ئەقىل- پاراسىتى، ئالەم، تەبىئەت، ئادەم، گۈزەللىك چۈشەنچىلىرى مۇجەسسەملەشكەن.

بىزدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا سىڭگەن قاراش- چۈشەنچىلەرنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان تارىخىي يازما ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، كىيىم- كېچەك سەنئىتىگە جۇغلانغان مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ھەققىدە ئېنىق شەرھ- جاۋابقا ئېرىشىشتە سەل قىينىلىمىز. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كەشتىچىلىك، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، قىيا تاش ئويما رەسىملىرى ۋە تاشكېمىرلەردىكى رەسىملەر قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز. بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە- رىۋايەت، چۆچەك، ماقال- تەمسىل ۋە بېيىتلەرنى ئۇيغۇر ھۈنەر سەنئىتى ۋە تاشكېمىرلەرنىڭ تام رەسىملىرىدىكى كىيىنىش ئادەتلىرى، تۇرمۇشىمىزدىكى گۈل- نۇسخا، ئەندىزە، رەڭ، بەلگە چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم- كېچەكلەرگە سىڭدۈرگەن ئېستېتىك مەدەنىيەت قارىشىنى يورۇتۇشتا بىر قەدەر ئىلمىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز.

ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ھەر بىر تۈرگە مول مەزمۇن، چۈشەنچە- قاراش سىڭگەن. مەلۇم باش كىيىملەردە تەڭرىگە سېغىنىش ئىپادە قىلىنغان بولسا، مەلۇم باش كىيىملەردە يارىلىش ۋە يارىتىش ھەم تەقدىر توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد، تەقدىر توغرىسىدىكى بۇ خىل بايان- ھۆكۈملىرى بىزنى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخ، خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ يېتىلىش مەنبەسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭغا سىڭگەن مەدەنىيەت چۈشەنچىسى، ئېستېتىك قاراشلارنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئۇ خالىغانچە كىيسە، تىكسە، تاشلىسا، خالىغانچە مۇئامىلە قىلسا بولۇۋېرىدىغان نەرسىمۇ ياكى ھەربىر سىزىق، قىر، رەڭ، نەقىش، گۈل نۇسخىلىرىدا ئۆزىگە خاس بىلىم، تارىخ، چۈشەنچە- قاراش سىڭدۈرگەن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ مۇجەسسىمى سۈپىتىدىكى، مەلۇم مەنىدە بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسىمۇ؟ بىز بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ باقايلى.

## باش كىيىمنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىنسانلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىش- ھەرىكىتى ۋە تىلغا قوماندانلىق قىلغۇچى باشنىڭ مۇھىملىق رولىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى قانداق قوغداش، قانداق ئىشقا سېلىش مەسىلىسىنى ئويلاشقان. شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز مىللىتىگە خاس باش كىيىم ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ باش شەكلى بىلەن تونۇشقان. باشنىڭ چوڭ تەرەپتىن تۆت قىرلىق ئىكەنلىكى ھەم تۆت قىرنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ تۆت تەرىپى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت تۆت تەرەپ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكرار نۇقتا ۋە تەكرار سىزىقلارنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. نەتىجىدە باشقا ماس تۆت قىرلىق باش كىيىملەرنى ئىجاد قىلغان ھەم ئادەمگە ئەنە شۇنداق مۇھىم ئورگاننى تەقدىم قىلغان تەڭرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. باش

www.uyghurkitap.com

كىيىمگە تەگرى سۈرەتلىرىنى چۈشۈرۈپ تەگرىگە بولغان سېغىنىش ۋە ئېتىقادىنى بىلدۈرگەن. ھەم تەگرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ياماندىن ساقلىنىپ، بەخت ـ سائادەتكە يەتمەكچى بولۇشقان. شۇڭا: 1. باش كىيىمگە كۆك تەگرى ۋە كۈن تەگرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ھۆرمەت، ساداقەتنىڭ ئىپادىسى؛ 2. باش كىيىم باشنى خەتەردىن ساقلايدۇ؛ 3. باش كىيىم باشنى پاكىزە تۇتىدۇ؛ 4. باش كىيمەي يۈرۈش ــ تەگرىگە، ئۇلۇغلارغا ۋە چوڭلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك؛ 5. قان تومۇرلار ئىسسىقتا كېڭىيىپ، سوغۇقتا تارىيىدۇ. باش كىيىم باشنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلاپ، قان تومۇرلارنىڭ راۋان، ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ؛ 6. باش كىيىمگە شۇ مىللەتنىڭ گۈزەللىك قارىشى، مەدەنىيەت چۈشەنچىسى سىڭگەن. ئۇ مەلۇم مەنىدە مىللىي كىملىكنىڭ بىر ئىپادىسى. دېمەككى، باش كىيىم ئۆزىگە يۇقىرىقىدەك ھېكمەت ـ قىممەتلەرنى جۇغلىغان ئاساستا مەيدانغا كەلگەن. شۇ سەۋەبلىك خەلقىمىز تەرىپىدىن چوقۇم ئىلمىي، توغرا، ئىنچىل كېيىلىشى كېرەك بولغان كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

## دوپپا ئەستىرىنىڭ رەڭگى

ھەرقانداق دوپپىنىڭ ئەستىرى چوقۇمكى قىزىل رەڭدە، قىزىل رەختتىن بولىدۇ. بۇ بىزنى ئويلىنىشقا، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

جەمئىيەتتە «دوپپىنىڭ ئەستىرى نېمە ئۈچۈن قىزىل رەڭدە بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بەزىلەر: قىزىل رەڭنىڭ ئادەم بەدىنى ئۈچۈن پايدىسى بار، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ پىكىرنىڭ ئاساسى بار. چۈنكى قىزىل رەڭنىڭ قوزغىتىش ۋە روھلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار. شۇڭا دوپپا كىيگەندە ھەر قېتىم قىزىل رەڭ كۆزگە چېلىقىپ ئادەمنى روھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

يەنە بەزىلەر: قىزىل رەڭنىڭ باش بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەيدۇ. بۇ پىكىر ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق رەڭ قاراڭغۇلۇقتا كىرگەندە ئۆز رەڭگىنى يوقىتىدۇ. بۇ پىكىرنى قوللاشقا ئامالسىزمىز.

يەنە بەزىلەر ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەن، دوپپا ئەستىرىدىكى قىزىل رەڭ قاننىڭ سىمۋولى دېيىشىدۇ. بۇ پىكىرنى ئويلىشىشقا، چوڭقۇر ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دوپپا ئەستىرىنىڭ قىزىل رەڭگى راست ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنىنىڭ سىمۋولىمىدۇ؟ مەنىچە، بۇ پىكىر رېئاللىققا ئۇيغۇندەك قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئاسان ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى، ئۆزىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بەرپا قىلىشى نۇرغۇن قان تۆكۈش ۋە ئىجتىمائىي كۈرەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ قان بەدىلى تۆلىمەي مىللەت ئاتالغان مىللەت يوق. ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۇرۇن، تەسىر، ھوقۇق، مەدەنىيەت، ھۆرلۈك ئۈچۈن قان ـ ياشلىق كۈرەش قىلغان. مەدەنىيەت ۋە مىللىي سالاھىيەت ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس. شۇڭا تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئېرىشكەن شان ـ شەرەپ ۋە سەلتەنەتنى ساقلاش، قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش مەقسىتىدە دوپپىنىڭ ئەستەر رەڭگىنى قىزىل قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇشى ئەمەلىيەت ۋە تەسەۋۋۇرغا ئۇيغۇن. ئۇيغۇر باش كىيىملىرىدىكى ئېتىقاد، ئالەم، تەبىئەت، ئادەم ۋە گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئىپادە ـ چۈشەنچىلەر بۇ قاراشنىڭ راستلىقىنى دەلىللەيدۇ.

## ئۇيغۇر باش كىيىملىرىكى سۈپەتلەر

ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بادامدوپپا، چىمەندوپپا، گىلەمدوپپا، كۆكمەت تۇماق، تەلپەك، قاما تۇماق، ئېگىز تۇماق ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەرخىل باش كىيىم بولۇپ 200 خىلدىن ئاشىدىكەن. بۇ باش كىيىملەرنىڭ بەزىلىرىگە كۆك تەگرى سۈپەتلىرى، بەزىلىرىگە كۈن تەگرى سۈپەتلىرى، يەنە بەزىلىرىگە يارىلىش ۋە يارالمىش تەقدىر توغرىسىكى تەسۋىرلەر چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم باش كىيىمگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك توغرىسىكى چۈشەنچىلىرى سىڭدۈرۈلگەن.

مىسالەن: ئەرەنچە، ئايالچە ئاق، سارغۇچ، كۆكۈچ، قىزغۇچ يېشىل قاتارلىق رەڭلەردىن تەركىب تاپقان گۈل قوندۇرۇلغان دوپپىلارنىڭ تېگى رەڭگى قارا، قارا كۆك، قارا يېشىل، قارامتۇل قىزىل رەڭلەردە بولىدۇ. بۇ دوپپىلاردىكى ھەرخىل گۈل نۇسخىسى كۈن تەگرىگە، تەگ رەڭلەر كۆك تەگرىگە سىمۋول قىلىنغان.

كۆپىنچە كىشى دوپپا نېمىشقا تۆت قىرلىق؟ دوپپىنىڭ رەڭگى نېمە ئۈچۈن مۇنداق رەڭلەردە بولىدۇ؟ بۇ دوپپىدا نېمە بار؟ نېمە ئىپادە قىلىنغان؟ دېگەنلەرنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمەيدۇ، بەلكى دوپپىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياراشقان ـ ياراشمىغانلىقىنى بەكرەك نەزەرگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە دوپپا تۈرلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، كۆك ئاسماندا پارلاۋاتقان قۇياشنىڭ كۆرۈنۈشى، قىزارغان كۆك ئاسماندا پارلاۋاتقان قۇياشنىڭ كۆرۈنۈشى، قارا رەڭلىك ئاسمان يەنى تەگرىنىڭ قۇچىقىدا پارلاۋاتقان قۇياشنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە قۇياشنىڭ ھەرخىل ۋاقىتتىكى رەڭ ئۆزگىرىشلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ باش كىيىملەردىكى تەگرى ئۇقۇمىنى ئۇيغۇر گىلەمچىلىك سەنئىتىدىكى قۇياش نۇسخىلىق گىلەم، قۇياش ۋە يەتتە پلانىتا چۈشۈرۈلگەن

گىلەم؛ كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كۆك تەگرى ۋە يەتتە قات ئاسمانغا سىمۋول قىلىنغان چوڭ چاپىنى قاتارلىقلار قەدىمىي ئۇيغۇرلاردا كارامەت سەلتەنەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۆتكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ ۋە يۇقىرىقى كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەم دەلىللەيدۇ.

## بادامدوپپا

بادامدوپپا دېسە نۇرغۇن ئادەم دەماللىققا گۈل نۇسخىسى بادام شەكلىدىرەك كۆرۈنىدىغان دوپپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ دوپپا گۈلى باداممۇ ياكى باشقا نەرسىنىڭ سىمۋولىمۇ؟ بىز دەۋاتقان دوپپا ئاشۇمۇ ياكى باشقا دوپپىمۇ؟ بادام شەكلى شۇنداقمۇ؟ دېگەن نەرسە ئېسىگە كىرىپمۇ چىقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بادامدوپپىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل نۇسخىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يارىلىش- يارالمىش ۋە تەقدىر توغرىسىكى ھۆكۈمى ئىدى. بۇ ھۆكۈم دوپپىدا ئىپادە قىلىنغان: بۇ دوپپىنىڭ تەگ رەڭگى قارا بولىدۇ، بۇ قارا رەڭ كۆك تەڭرىگە سىمۋول. دوپپىنىڭ ئۈستىدە ياي شەكىللىك بادامغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر شەكىل بار. بۇ شەكىلنىڭ قورساق قىسمىدا بوغۇرساقتەك بىر نەرسە بار. ئويلاپ كۆرەيلى، بادامدا شۇنداق شەكىل بارمۇ؟ مېنىڭچە، يوق دېگىلى بولماس، لېكىن بولسىمۇ ئىنتايىن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇملۇققا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا دوپپىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى گۈل نۇسخىسىنى بادام ئۆرنىكى دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟ مېنىڭچە، ئۇ بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئانىنىڭ سۈرىتى. بۇنى ئاددىي نەزەر ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى، ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. غۇۋالاشتۇرۇپ كۆرسەك بالا قۇچاقلىۋالغان ئانىنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

بادامدوپپىنىڭ كېزەك تەرىپىدە كۆۋرۈك شەكىللىك گۈل نۇسخىسى بار. بۇ نېمە؟ بۇنىڭغا بەزىلەر قەبرە دېسە، يەنە بەزىلەر يەر دەپ جاۋاپ بەردى. ئەمما ئېنىق پىكىر بىرلىككە شەكىللەنمىدى. مەيلى يەر دەيلى، مەيلى قەبرە دەيلى، بۇ ئىككىسىنى ئەمەلىيەتكە سەل يېقىنلاشقان دېيىش مۇمكىن. بۇ كېزەكتىكى گۈل نۇسخىسى ھەرخىل بولۇپ، بەزىلىرى ئوخشاش شەكىلدە بولىدۇ. بەزىسى دۆڭلۈك شەكىلدە كەلسە، بەزىسى كۆۋرۈك شەكىلدە كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە دېمەكچى؟ ئەجدادلىرىمىز: سېنىڭ ھاياتلىق تەقدىرىڭ، دەيدۇ. ياراتقۇچىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن ئانىدىن يېڭى جان دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئادەم تۇغۇلدى، يەرگە چۈشتى. بىر دۆڭ- بىر كۆۋرۈك. بىر دۆڭ بىر كۆۋرۈك- سېنىڭ ھاياتلىق مەنزىلىڭ. سەن بەزىدە بەخت- سائادەتلىك بولسەن، بەزىدە خارابلىشسەن. بىر چىقسەن، بىر چۈشسەن، بىر چىقسەن، بىر چۈشسەن. دۇنيا مانا شۇنداق دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. بىر چىقىپ، بىر چۈشۈش سېنىڭ تەقدىرىڭدۇر، دەيدۇ. نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىدە بادام شەكىللىك ئادەم سۈرەتلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەرلەر يۇقىرىقى كۆز قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مەن بۇ رەسساملىقتىن تۇغۇلغان ئوي- پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىلىپ تۇرۇپتىمەن، نۇرغۇن كىشى قارشى چىقىدۇ. ئەمما مەن قارشى پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قارشى ئەمەسمەن. قارشى پىكىر مېنىلا ئەمەس، بەلكى ئاۋام خەلقنىمۇ تەربىيىلەيدۇ. مۇلاھىزە- مۇھاكىمە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ كىيىمگە ئۆزىمىز باھا بېرەيلى.

## چىمەندوپپا

چىمەندوپپا كۆكلەم (ھاياتلىق)قا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، بۇ، ھاياتنىڭ كۆكلەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ دوپپىدا ئوتتۇرىدىن چىققان دەرەخ غولىدەك پور رەڭلىك بىر شەكىل بار. ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۇزۇن شاخچىلار چىقىپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئۇزۇن شاختا بادام شەكىللىك يوپۇرماقتەك بىر شەكىل بار. بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ دوپپىنىڭ تالاسى ۋە كېزەكتىكى گۈللەرنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭ تەرەپتىن كۆزەتسەك بىر تال مايسا شەكلى پەيدا بولىدۇ. بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ مايسا كۆكلەشنى بىلدۈرسە ، چوڭ شاخ ئاۋام خەلقنىڭ كۆكۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بۇنى يوپۇرماق ئىكەنغۇ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىمىز بىزگە دېمەكچى، چۈشەندۈرمەكچى بولغان نەرسە دەل بادامسىمان يوپۇرماقتۇر. ئۇ، بىر قارىسا يوپۇرماققا، بىر قارىسا بادامغا ئوخشايدۇ. بىز بۇ شەكىلنى بادامدوپپا بايانى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھاياتلىق قارىشى بىلەن باغلاپ ئانالىز قىلغىنىمىزدا، بۇ شەكىلنى ئانىنىڭ سۈرىتى دەپ جاۋاب بېرەلەيمىز. چۈنكى ئانىسىز ھايات بولماس.

## كېرىيە تەلپىكى

كېرىيە تەلپىكى— ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان، دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك باش كىيىمى، يەنى كېرىيە ئاياللىرىنىڭ ياغلىق ئۈستىگە قىيپاش قادايدىغان، يەرلىك خاسلىققا ئىگە بولغان، تەڭرى سۈپەتلىرى چۈشۈرۈلگەن، زىننەت بۇيۇمى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە باش كىيىمدۇر.

بۇ تەلپەكنىڭ تەگ دىئامېتىرى 10cmئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 6_5cm ئەتراپىدا، ئۈستىنىڭ دىئامېتىرى 4_3cm ئەتراپىدا بولۇپ، ئۈستى تەرەپكە كۆكۈشرەك ياكى يېشىلراق رەخت، 6_5cm ئېگىز جايىغا قارا قوزا كۆرپىسى، بۇغداي كۆرپىسى ۋە بەزىدە قوپالراق توقۇلغان توقۇلمىدىن تىكىلىدۇ. كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن يېقىشلىق ھەم چىرايلىق. بىز ئادەتتە بۇ تەلپەكنى يان تەرەپتىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ پەقەت زىننەت بۇيۇمى ئىكەنلىكىنىلا كۆرەلەيمىز. ئەمما ئۈستى تەرەپتىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئەتراپى قارا، ئوتتۇرىسىدا قۇياش

رەڭ بىر نەرسىنىڭ يالتىراپ تۇرغىنىنى بايقايمىز. مانا بۇ ئەجدادلىرىمىز ئۇقۇمىدىكى كۆك تەڭرى بىلەن كۈن تەڭرىنىڭ سۈرەتلىرىدۇر. كېرىيە ئاياللىرى بۇ ئېتقاد بەلگىسىنى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد خاس زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە بېشىغا قاداپ كەلگەن.

## ئېگىز تۇماق (يېڭىسار تۇمىقى)

بۇ تۇماقمۇ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ئېتقاد شەكلىنى ئالغان قەدىمىي باش كىيىملىرىدىندۇر. بۇ تۇماقنىڭ ئەڭ ئېگىزلىرى 30cm ئەتراپىدا بولۇپ، قارا قوزا ۋە ئاق قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلىدۇ. بۇ تۇماق ئادەتتىكى كۆرپە، قوناق كۆرپە، بوغداي كۆرپە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. قارا كۆرپىدىن تىكىلگەن تۇماقنىڭ ئۈستى يۇملاق ئاق تېرە ياكى ئاق كۆرپىدىن، ئاق كۆرپىدىن تىكىلگەن تۇماقنىڭ ئۆلىمىسى يۇملاق قىزىل رەختتىن تىكىلىدۇ. بۇ تۇماقلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كۆزەتكىنىمىزدە قارىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق قوياش، ئاق كۆرپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىزىل قوياشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ تۇماقلاردىمۇ ئوخشاشلا كۈن تەڭرى بىلەن كۆك تەڭرى سۈپەتلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەنچە، ئايالچە قاما تۇماقلاردىمۇ بۇخىل شەكىللەر كۆرۈلىدۇ. تۇماقتىكى بۇ ئىپادىلەر دوپپىدىكى تەڭرى ئۇقۇمىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## گۈزەللىك ۋە دوپپا كىيىش قائىدىسى

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيىتىنى ھېس قىلالماسلىق، تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت تۇنجى ئۇستازنى دوست تۇتماسلىق ــ نادانلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. ئويلاپ كۆرەيلى، قانداق كەشپىيات تەبىئەت دۇنياسىدىن مۇستەسنا بارلىققا كەلگەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتتا تەبىئەت دۇنياسىغا مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز. شۇڭا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەش، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك ئۇقۇملىرى ۋە ئۇلار ياراتقان جۇلالىق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا گۈزەللىك جەھەتتە قىل سىغمايدۇ. بىراق بىز تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن مەھكەم بىر گەۋدە ھاسىل قىلغان دوپپىدىكى سىر ـ ھېكمەتنى چۈشەنمەسلىكتىن بەزىبىر خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويدۇق. ئاددىيسى دوپپىنى قانداق كىيىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىدە خىلمۇ خىل قاراش بار. توغرا، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قارىشى بار. ئەمما گەپنى پاكىتلىق، ئىلمىي قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ جەھەتتە ئۇزۇن يىللىق كۆزىتىش، ماتېرىيال كۆرۈش، جەمئىيەتتە تەكشۈرۈش ۋە

كەسپىي سېزىمىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ قارىشىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن:

1. دوپپىنىڭ تۆت قىرلىق لايىھىلىنىشى قانداقتۇر ھازىرقى بازار ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس. چۈنكى دوپپا يېقىنقى دەۋردە ئىجاد بولغان باش كىيىم ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن تارىختا ئەگەر ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىندۇر. ئەينى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئادەم بېشىنىڭ تۆت قىرلىق ـ تۆت تەرەپلىك كېلىدىغانلىقى، بۇ تۆت تەرەپنىڭ ــ ئادەمنىڭ تۆت تەرىپى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت تۆت تەرەپ قارىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن دوپپىنى تۆت قىرلىق قىلىپ لايىھىلىگەن ھەم دوپپىنىڭ تۆت قىرنى باشنىڭ، بەدەننىڭ تۆت تەرىپىگە كەلتۈرۈپ كىيىشنى بەلگىلىگەن.

2. دوپپىنىڭ تۆت قىرنى ئادەمنىڭ تۆت تەرىپىگە توغرىلاپ كىيىشنىڭ مۇنداق سەۋەبلىرى بار: ئۇيغۇر دوپپىلىرىغا شامانىزم ئېتقادىدىن قېپقالغان ئېستېتىك قاراش ـ چۈشەنچە بويىچە كۆك تەڭرى ۋە كۈن تەڭرىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگە ـ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. كۈن تەڭرىنىڭ سۈرىتى دوپپىنىڭ تۆت تەرىپىگە قوندۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرىتى تۆت تەرەپتىن ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولۇشى، ئالدى تەرەپتىكى كۈن تەڭرىنىڭ سۈرىتىنىڭ خۇددى تاج شەكلىدە پېشانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر ئەينى زاماندا بولسا، كۈن تەڭرىنىڭ سۈرىتىنى پېشانىگە كەلتۈرمەيمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ كۈن تەڭرىدە! ئەمەلىيەتتىمۇ كۈن تەڭرىنىڭ سۈرىتى باشنىڭ بۆلۈك تەرىپىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتقاد چۈشەنچىسىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئېپتىدائىي مەنبەسىدىن ئالغاندا، كۈن تەڭرى چوقۇم پېشانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىشى ۋە تۆت تەرەپ ئېنىق بولۇشى كېرەك.

3. تۈز سىزىق، تۈز بەتكە بۆلۈكنى زورلاپ كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. گەرچە دوپپىنىڭ توقۇشى يۇملاق تۇتۇلغان بولسىمۇ، تۆپە تەرەپ تۆت قىرلىق بولغىنى ئۈچۈن كۆرۈش سېزىمىدا دوپپىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى قولاشمايۋاتقاندەك، دوپپىنىڭ بۆلۈكلىرىدا يوچۇق قالغاندەك سېزىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى كىشىلەر يېڭى دوپپا كىيگەندە دوپپىنىڭ بۆلۈكلىرىدا بوشلۇق پەيدا بوپقالىدۇ. مانا بۇ دوپپىنىڭ خاتا كىيىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

4. رەسساملىق نۇقتىسىدىن نەپىس سەنئەتتىكى قائىدە- قانۇنىيەتلەر تەبىئەتنىڭ گۈزەللىك قانۇنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋىلەشكەن ئىنكاسىدۇر. بىز تەبىئەت دۇنياسىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدا پۈتۈنلەي ئوخشاش چىراي، ئوخشاش ئاۋاز، ئوخشاش شەكىل، ئوخشاش رەڭ تۈسى، تەكرار سىزىق، تەكرار نۇقتا، چەكسىز ئۇزۇن سىزىقلار مەۋجۇد ئەمەس. ھەتتا بىزگە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ، تەبىئەت دۇنياسى گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىدۇر. گۈزەل سەنئەت پېشىۋالىرىمىز گۈزەللىك توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلىرىدە بۇنى نەزەرىيە ۋە شەكىل جەھەتتىن ناھايىتى ئېنىق دەلىللەپ بەرگەن.

ئەمەلىي تۇرمۇشتا تەكرار نەرسىلەرنىڭ يېقىمسىز كېلىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئوخشاشلا دوپپا كىيىشىمىزدە تەكرارلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. «دوپپىنى قانداق كىيىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىدە، بەزىلەر: دوپپىنىڭ قىرىنى پېشانىگە كەلتۈرۈپ كىيىش كېرەك، دەيدۇ. بۇ خىل دوپپا كىيىش ئېگىز قاڭشىرىمىز ۋە ئىككى قۇلاق تەرەپتە تەكرارلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ تەكرارلىق گۈزەل سەنئەتنىڭ گۈزەللىك قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گۈزەل سەنئەتتە تەكرارلىق گۈزەللىكنى بۇزىدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ دوپپىنىڭ قىرىنى پېشانىمىزگە كەلتۈرۈپ كىيسەك بىر چىرايلىق ئوبرازىمىزنى بۇزىدۇ، خاسلىق يوقىلىدۇ. بۇنداق كىيىلگەن دوپپا كىشىگە خۇددى جايىنى تاپالمىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. دوپپا كىيىشنىڭ توغرىسى— قاڭشىرىمىزنى بىر تىك سىزىق دەپ ھېسابلىساق، بۇ تىك سىزىققا دوپپىنىڭ قىرىنى ئەمەس، يۈز(بەت)قىسمىنى ئۇدۇل كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. دوپپا شۇنداق كىيىلگەندىلا گۈزەل سەنئەت ئىلمىدىكى گۈزەللىك قائىدىسىگە چۈشىدۇ ھەم دوپپىنى توغرا كىيگەن بولىمىز. بىلىش كېرەككى، ھەر قانداق ئىشتا قانۇنىيەت ئۆلچەمدۇر.

## باش كىيىملىرىمىزنى تاپايلى

كىمنىڭ قانداق كىيىم كىيىشى شەخس نۇقتىسىدىن ئۆزىنىڭ خاھىشىدىكى ئىش. ئەمما چوڭ توپ- مىللەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا بەلگىلىك مەسئۇلىيەت- مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مەسىلە.

زامانىۋىلىشىش، يەرشارىلىشىش دولقۇنى دۇنيادىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىسىنى بىر- بىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. نەتىجىدە ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دۇنيا خاراكتېرلىك ئومۇمىي ئىستېمال ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى-دە، باشقا نۇرغۇن ئەلنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۇلارنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلدى. بىزدەك مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئاجىز مىللەتلەردىمۇ يۈرۈش- تۇرۇش، كىيىنىش قاتارلىق ئادەتلەردە زور ئۆزگىرىش، ئايىنىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىز بۈگۈن نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىمىزنى پەقەت ھازا، توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغ كۈنلىرىلا كىيىپ، باشقا چاغلاردا تاشلىۋېتىپ بارغىنىنى، كىيگەندىمۇ كىيىش قائىدىسى بويىچە توغرا، يارىشىملىق كىيەلمەيدىغانلىقىنى، توغرىسى كىيەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ھەتتا مەدەنىيەت ئېڭى ئايىنىغان بەزىبىر قىز- ئاياللىرىمىزنىڭ ئار- نومۇس، ھايا دېگەندەك گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئەقەللىي نېگىزىنى ئۇنتۇپ يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالىدىغان، ھىندىستان، پاكىستان ئاياللىرىنى دوراپ بۇرۇن، كىندىكىنى تېشىپ ھالقا سېلىۋالىدىغان قىلىقلىرىنىمۇ كۆرىدىغان بوپقالدۇق. بىر چىرايلىق دوپپا كىيىپ، ياغلىق ئارتىۋالغانلارنى مەتۇ، سەھرالىق قاتارىدا كۆرۈپ كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەتتا شۇنداق كىيىنگەنلەرمۇ ئۆزىچە خۇددى كسىرەپ قالىدىغان مەنىۋى بىنورماللىقنىڭ ئومۇملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. دوپپا كىيگەنلەرنىڭمۇ ئۆلچەملىك كىيىش قائىدىسى بويىچە كىيمىگەنلىكى- كىيەلمىگەنلىكى، ئەر- ئاياللارنىڭ بىر- بىرىنىڭ دوپپىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ كىيىۋېلىشى، ھەتتا سەۋەبىلەردىمۇ جىنس پەرقى پەرقلەندۈرۈلمىگەن ھالدا دوپپا كىيىپ چىقىشىنىڭ سادىر بولۇشى ماھىيەتتە يالغۇز دوپپا ھەققىدىكى تونۇش- بىلىشنىڭ سۇسلىشىشىلا ئەمەس، بەلكى دوپپىنى بەلگە قىلغان مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ خىرەلىشىپ كېتىشىدۇر.

دوپپا بىزگە نىسبەتەن مىللىي سالاھىيەتنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى. مىللەت ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى، بەلگە- بايراق سۈپىتىدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن مىللەتتۇر. بىر قاراشتىلا كىملىكىمىزنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرگۈچى ئاشۇ ئەنئەنىمىزنى، سالاھىيەت بەلگىمىزنى تاشلىمايلى، توغرا يوسۇندا تېپىۋالايلى!

---

ئاپتور: شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسسامى(M3)

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ھاجى ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)

www.uyghurkitap.com



# مۇقامچىلىقتىكى سەللە مەسىلىسى

## ھاجى ئابدۇلئەزىز ئەلى ئارقان

ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان كاتتا مۇزىكا قامۇسى، «شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر»، «ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تونۇشتۇرىدىغان مۆجىزىكار ھېكمەتنامە»، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسىمى، گۈلتاجىسى بولغان ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ سەھنىلەشتۇرۇلۇپ، VCD پلاستىنكىسى ئىشلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر يۇرۇش سېتىۋالدىم. ئۇنىڭ قاپلىرىمۇ ئالاھىدە نەپىس ئىشلەنگەنىدى. مەن ئازادلىق ئۇرۇشى يىللىرىدا كىنولاردا تەسۋىرلەنگەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ داھىيلارنىڭ سۈرىتىنى ياكى كومپارتىيە ئەزالىقى كىنىشكىسىنى نەچچە قات ئورالغان قىزىل لاتا ئىچىدىن ھۆرمەت بىلەن ئاۋايلاپ ئالغىنىدەك، پلاستىنكىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئاپپاراتقا سالدىم. فىلىم باشلىنىش بىلەن ھەيۋەتلىك چۈشەندۈرۈشكە ھاياجان بىلەن قۇلاق سالدىم. چۈشەندۈرۈشتىن كېيىنكى مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرى خىياللىرىمنى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلقىمىزنىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئۇزاق تارىخى داۋامىدا ياراتقان بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى قوينىغا شۇڭغۇتتى... مىللىتىمىزنىڭ قان ـ ياشلىق تەقدىر ـ قىسمەتلىرى، قايغۇ ـ ئەلەملىرى شۇنداقلا گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان ئوتلۇق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بۇ ئۇزۇلمەس جۇشقۇن مېلودىيىگە سىڭىپ كەتكەنىدى... مۇقام ياڭرىماقتا، كۆكتىن ئۇچۇپ چۈشكەن پەرىزاتلاردەك رەققاس قىزلار لەرزان ئۇسسۇل ئوينىماقتا.. كۈيلەر ئەۋجىگە چىقماقتا... شۇ ئەسنادا توپ ئارىسىدا مۇقام ئېيتىۋاتقان ئاتاقلىق مۇقامچىمىز ئوسمان ئەمەتنىڭ كىيىۋالغان سەللىسى دىققىتىمنى تارتتى. ئويلاپ باقسام، تارىختىن بۇيان سەللە بىلەن سەنئەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئانچە نورمال ئەمەس ئىدى... ئۇنداقتا سەللە سەنئەت تۈسىدىكى باش كىيىممۇ ياكى دىنىي تۈستىكى باش كىيىممۇ؟ تورۇپلا ئويلىنىپ قالدىم... ئاخىرى

### بىلگەننى ئەلدىن ئايىما

ئويلىغانلىرىمنى جامائەتچىلىك بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى.

ئىسلام دىنى دەسلەپتە ئەرەبلەرگە ئۆزىنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق ۋە قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل بايان قىلىۋاتقان چاغدا، ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى بار ئىدى. ئىسلام ئۇ قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ قوللىغان بولسا، بەزىلىرىنى ئىنكار قىلدى، يەنە بەزىلىرىگە بولسا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. مىسالەن: مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش، سېخىيلىق، باتۇرلۇق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، راستچىل بولۇش، كەئبە ئىقتىسادىي مەنبەسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىلىم ئىگىلەش، مىللىي مەۋجۇدلۇقنى قوغداش يولىدا تىرىشىش... قاتارلىقلارنى ئېتىراپ قىلغان ۋە قوللىغان، شۇنداقلا بارلىق چارە-ئۇسۇل بىلەن قوللاپ-رىغبەتلەندۈرگەن بولسا، مىراسنى پەقەت چوڭ ئوغۇلغىلا بېرىپ، قالغان بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش، قىزلىرىدىن نومۇس قىلىپ تىرىك كۆمۈش، زىنا قىلىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش، تاپ يېيىش، ئاتا - ئانىنى نارازى قىلىش... قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلدى ۋە بارلىق چارە-ئۇسۇل بىلەن ئۇ رەزىل قىلمىشلارنى قەتئىي چەكلىدى. تۇرالغۇ جايلار، ھەر خىل ئۆلچەم بىرلىكى ۋە بەزى كىيىم - كېچەكلەرگە بولسا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ، شەرىئەت سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «زاماننىڭ تەرەققىياتى ۋە يۇرت-ئەقلىملارنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۈممەتكە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەسلىك» ئۈچۈن ئىدى. بۇ قىسقا مۇلاھىزىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان «سەللە» دەل بىز زىكىر قىلىپ ئۆتكەن، ئىسلام دىنى تەرىپىدىن ئېتىراپ ۋە قوللاشقا ئېرىشكەن بىر تۈرلۈك كىيىنىش ئۆرپ - ئادىتىدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ئۆز بېشىغا كەلگەن تەبىئەتنىڭ ھەر خىل بوران- چاپقۇنىغا قارىتا بېشىنى قوغداش يولىنى تۇتۇپ كەلگەن. ھەر ئىككى جىنس (ئەرلەر ۋە ئاياللار) ئۆزىگە ۋە مۇھىتقا ياراشتۇرۇپ ھەم ماسلاشتۇرۇپ، باشلىرىنى ھەر خىل ھۆل-يېغىن، ئىسسىق- سوغۇقتىن ساقلاپ كەلگەن. مەزكۇر «سەللە» دەل دۇنياغا مەشھۇر بولغان، ئىنسانىيەت ئالەمىدە ئەڭ دەسلەپكى باشنى يېپىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر.

«سەللە» يەنە «دەستار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. [دەستار — ھىندى تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئىسلام بىلەن ھىندۇ دىنىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولغان تاناك (م1469 -م1539) قۇراشتۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «سىخ» دىنىدىكىلەر كىيىدىغان باش كىيىم]. گەرچە«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە (1999- يىل 1-بېسىلىشى 622- بەت) بۇ سۆزلەرنى «ئەرەبچە سۆز» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پارس تىلىدىن كىرگەن. چۈنكى ئەرەبچە مەنبەلەردە «سەللە» سۆزى «العمامة» (ئەلئىمامە) دېيىلىدۇ. فىيروزىي ئابادىينىڭ «قاموس المحيط» («قامۇسۇلمۇھىت»، 1987 -يىل بېيرۇت 2- باسمىسى، 1473- بەت) ۋە ئىبنىي مەنزۇرنىڭ «لسان العرب» («لىسانۇل ئەرەب»، 1977- يىل بېيرۇت 2- باسمىسى 404/9 بەت) دېگەن قامۇسلىرىدا « العمامة» (ئەلئىمامە) سۆزىنى: مەشھۇر باش كىيىمى، كۆپىنچە ئاق بولىدۇ. گاھىدا دۇبۇلغا مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ دېيىلگەن. مول ھوسۇللۇق ئىسلام يازغۇچىسى ئىبنىي قەييۇم ئەلجەۋزىي «زادالمعاد» (ئاخىرەتلىك ئوزۇق- تۈلۈك) دېگەن كىتابىنىڭ 1.توم 135- بېتىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىنىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سەللە كىيەتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەللىسىنى كۈيئوغلى ئەلى كىيگەن. گاھىدا پەيغەمبىرىمىز دوپپا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باش كىيىمى كىيەتتى، گاھىدا بولسا دوپپىسىز سەللىلىك ياكى سەللىسىز دوپپىلىق يۈرەتتى. سەللە يۆگەۋاتقان چاغدا رەخت ئۇچىنى ئازراق ساڭگىلىتىپ قوياتتى». (سەللىنىڭ ساڭگىلىغان ئۇچى «پەتلە» دېيىلىدۇ). مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرى «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) دىكى 1359- ھەدىستە، « ابو داود» (ئەبۇ داۋۇد) دىكى 4077- ھەدىستە، «ابن ماجة» (ئىبنىي ماجە) دىكى 1104 - ھەدىستە، «مجمع الزوائد» (مەجمەئۇززەۋائىد - قالدۇق توپلانما) دىكى 8496 - 8503- ھەدىسلەردە: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا قارا رەڭلىك سەللە كىيگەنلىكىنى ۋە پەتلىسىنى ساڭگىلىتىپ قويغانلىقىنى، باشقىلارنىمۇ سەللە يۆگەشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەككىگە كىرگەندىمۇ قارا سەللە بىلەن كىرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مەشھۇر تەپسىر كىتابلىرىدا («قۇرئان كەرىم»3- سۈرە 125 - ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە) بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشكە چۈشكەن پەرىشتىلەرنىڭمۇ سېرىق رەڭلىك سەللە كىيگەنلىكى قەيت قىلىنغان. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (1999- يىل 1- بېسىلىشى 622- بەت) دە: «سەللە ناماز ئوقۇغاندا ئەر كىشىلەر بېشىغا يۆگەيدىغان ئۇزۇن ئاق رەخت» دېيىلگەن. بۇ تەبىردە «ئاق» سۆزى ئارتۇقچە بوپقالغان. ئەكسىچە، سەللىلەر ھەر خىل رەڭدە بولۇپ، ھەر قوۋم، ھەر بىر شەخس ئۆز يۇرت-ئەقلىمى ياكى تەبىئىتىگە يارىشىدىغان رەڭلەردە سەللە يۆگىگەن. يۇقىرىقى ھەدىس شەرىفلەر ۋە ئالىملارنىڭ نەقلىسى سۆزىمىزگە يېتەرلىك دەلىل بولسىمۇ، تۇرمۇشىمىزدا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان ھاجىلار ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سېرىق رەڭلىك سەللە يۆگىۋېلىشى، ئىرانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قارا رەڭلىك سەللە يۆگىشى، بەزى دۆلەتلەر (ئالجىرىيە ۋە ماراكەشلەر) دىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېشىل ياكى كۆك سەللە يۆگىۋېلىشلىرى سۆزىمىزگە ھۆججەتتۇر... سەئدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى شائىر، ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى قىدىرخان

www.uyghurkitap.com

ياركەندىينىڭ ئەل ئېغىزىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇنۇ شېئىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ:

كىچىتىمەن زىلىتىگەسەن ،
ياخشىكىم ـ يىلىتىگەسەن .
ئاق سەللە ، يېشىل سەللە ،
بىزلەرمەن تىلىتىگەسەن .

ئىلگىرى ھەممە مۇسۇلمانغا ئورتاق بولغان بۇ سەللە ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلگەندە شانۇ ـ شەۋكەتنى تىخىمۇ ئېشىپ بارغان. ئۇ ئىبادەت ئۈچۈنلا ئەمەس، رىياسەت، ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈنمۇ كىيىلگەن، خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزەرا، ئەكابىر ـ ئەشرەپ، قازى ـ قۇززات، ئىمام ـ خاتىپلار ئەمەل ـ مەنسەپ، بىلىم ـ مەرىپەتلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ، سەللىنى ھەرخىل ھەجىمدە يۆگەشكەن. بۇ يەردە مۇنۇ لەتىپىنى قىستۇرۇشنى توغرا تاپتىم:

بىر كۈنى باغداد كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېلىشكەن سەرالىق بىر شەرەب سەللىنى قازاندەك يۆگەپ كېتىۋاتسا، بىر قېرى موماي ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بەسرە شەھرىدىكى ئوغلىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ شەرەب ئۇزرە قويۇپ ئۆزىنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. موماي ھەيرانلىق بىلەن: «بۇ قانداق گەپ؟ بېشىڭدا جاھاننىڭ قوبېسىدەك سەللە تۇرسىدۇ، يەنە نېمىشقا خەت تونۇمايسەن؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ شەرەب دەرھال بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ مومايغا كىيدۈرۈپ قويۇپ تۇرۇپ: «مانا! سەللە ھازىر بېشىڭىزدا، خەتنى ئۆزىڭىز ئوقۇۋېلىڭ» دەپتۇ.

گاھى دەۋرلەردە سەللە يۆگىلىش قېتىم سانى ياكى رەڭگى بىلەنمۇ ئىسلام دىنىي مەزھەپلىرىنىڭ رەمزى (ئىشارەت) ياكى شەرتلىك بەلگىلىرىگە ئايلىنىپ قالغان، ھەتتا بەزى يۇرت ـ ئىقلىملاردا بۇ ھالەت ھازىرمۇ مەۋجۇدتۇر. مەسىلەن: ئاق رەڭلىك سەللە ئۇمۇمىي خەلق، كۆپىنچە ھالدا دىنىي ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ بەلگىسى بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۆت مەزھىپىگە سىمۋول قىلىپ سەللىسىنىڭ يۆگىلىش قېتىم سانىنى تۆت قىلغان... قارا ياكى يېشىل رەڭلىك سەللە بولسا شىئە مەزھىپىدىكىلەر (بولۇپمۇ پارسلار) نىڭ بەلگىسى بولغان. ئۇلار 12 ئىمامغا سىمۋول قىلىپ يۆگىلىش قېتىم سانىنى 12 قىلغان. شۇڭلاشقىمۇ ئىنگلىزلار «سەللە» سۆزىنى turban دەيدۇ(«ئەرەبچە ـ ئىنگلىزچە فىقھشۇناسلار قامۇسى» | Dictionary of Islamic Legal Terminology Arabic ـ English(321 ـ بەت)|. بۇ ئەسلىدە پارسچىدىن ئۆزگىرىپ كىرگەن سۆز بولۇپ، پارسچە dulbandدېيىلىدۇ. ئىنگلىزلار بۇ سۆزنى بىۋاسىتە پارسلاردىن قوبۇل قىلماستىن تۈركلەردىن قوبۇل قىلغان. تۈركلەر پارسلارنىڭ dulbandدېگەن سۆزىنى tulbentدەپ ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان ( قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سەللە»نى «كۆلكەچ»دەپ ئاتىغان. ــ بېكىتكۈچىدىن)

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى:1. سەللە ئىسلام دىنىدا ئادەتلەنگەن باش كىيىم . 2. ئۇ ئاساسلىق ئىبادەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي سورۇنلاردا كىيىلىدۇ. 3. ئۇنىڭ رەڭ پەرقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. 4. دوپپا ئۈستىگە يۆگىلىش شەرت ئەمەس. 5. ئۇنىڭ مەخسۇس يۆگىلىش قائىدىسى ۋە شەكلى بار. دېمەك، سەللە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر ۋە ئورۇنغا ئىگە!

ئۇنداقتا ئىسلام دىنى ناخشا ـ سازغا قانداق قارايدۇ؟

مۇسۇلمان ئالىملىرى.ئارىسىدا ناخشىغا قارىتا كۆز قاراش بىردەك. يەنى: ئېتىقادقا، ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە خىلاپ بولمىغان، شەھۋانىيلىق ۋە باشقا رەزىللىكلەر تەرغىب قىلىنمىغان، ئەكسىچە، ئىنساننى چىن ئىنسانلىققا ئۈندەيدىغان، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ھاياتقا كۈلۈپ باقتۇرىدىغان، ئېتىقاد ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ياقتۇرىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىش دۇرۇسلا ئەمەس، بەلكى ۋاجىبتۇر.

ئەمما ئۇلار (مۇسۇلمان ئالىملىرى) نىڭ سازغا قارىتا كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس: ساز چېلىش ۋە تىڭشاشقا بولىدۇ دەپ قارىغۇچىلار: ئاللاھنىڭ:«بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» («قۇرئان كەرىم»، «سۈرە لوقمان» 6 ـ ئايەت) دېگەن جۈملىدىكى «بىھۇدە گەپ»نى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەپسىرى بويىچە «ناخشا ـ مۇزىكا» دەپ چۈشىنىپ، بۇ ئارقىلىق مۇزىكىنىڭ ھاراملىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلارغا قارىتا دەل مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار بۇ ئايەتنى مەنتىقىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ‹ناخشا ـ مۇزىكا سېتىۋېلىش› ئازابقا دۇچار قىلسا، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ يولىغا باشلاش ئۈچۈن ‹ناخشا ـ مۇزىكا سېتىۋېلىش› نېمە ئۈچۈن ھارام بولىدۇ؟ بۇ يەردىكى ئاللاھنىڭ يولى ــ ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك ــ ئەلۋەتتە ‹ئىنسانىيەتنى ئىككىلا دۇنيادا بەختكە باشلايدىغان داغدام يول بولۇپ، ئۇنىڭ ئونىۋېرساللىقى ۋە دائىرىسى كەڭدۇر›. شۇڭا ئىنسان روھىيىتىنى ئىجابىيلىققا يېتەكلەيدىغان، ئىنسانغا خۇشاللىق، بەخت ـ سائادەت تۇيغۇسىنى بېرىدىغان... قىسقىسى ئىنسانغا پاك روھ ئاتا قىلىدىغان ساز ـ مۇزىكىلارنى چېلىشقا ۋە تىڭشاشقا بولىدۇ. گەپ، شۇ ئىنساننىڭ نىيىتىگە باغلىق. ئەگەر ئۇ ساز چالغۇچى ياكى تىڭشىغۇچى ساز ـ مۇزىكا ئارقىلىق ئۆز روھىيىتىنى تەڭشەپ، توغرا يولغا ماڭسا ئۇنداق مۇزىكىنى كەڭ ئاۋامغا تەشۋىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ئەمما مەلۇم مۇزىكا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يامان غەرىزى (شەھۋانىي ھەۋەس دېگەندەك)گە يەتمەكچى بولسا، ئەلۋەتتە بۇ خىل مۇزىكىلارنى

چەكلەش كېرەك. ئەنە شۇنداق مۇزىكىلارنى «ھارام» دېيىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھ «بىھۇدە گەپ» دەۋاتسا ئۇنى بۇرمىلاپ نىمە ئۈچۈن «ناخشا ـ مۇزىكا» دەپ تەپسىر قىلىندۇ؟ ئايەتلەرنى ئۆز رايىمىز بويىچە تەپسىر قىلىشقا نە ھەددىمىز؟ دېمەك مۇزىكا بىر ۋاستە، گەپ، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشتا. ئۇنىڭ ئىنسانغا بولغان تەسىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىز، ئەمەلىيەتتە دەل مۇزىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدۇر! ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلانمىغانلىقىمىز دەل بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىزدۇر... » دەپ قارايدۇ. بۇلارغا قوشۇلۇپ، سوپىلارنىڭ «جەھرىيە» مەزھىپىدىكىلەر ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە «ئىبادەتتىكى لەززەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈش» ئۈچۈن ساز-مۇزىكىنى چېلىشقا ۋە تىڭشاشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

«ئۇنى چېلىشقا بولمايدۇ» دېگۈچىلەر: ساز-مۇزىكا تىڭشاشقا كەتكەن ۋاقىت ۋە ئۇ ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىقتىسادنىڭ زىيان بولىدىغانلىقى، ھاراق تەننى مەست قىلغاندەك، مۇزىكىنىڭ روھنى مەست قىلىدىغانلىقى، روھ مەست بولسا ئىنسان قەلبىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقى، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ پەقەت مۇزىكا، پاھىشىۋازلىق، ھاراق، قىمار... بىلەنلا بولمايدىغانلىقى، ئەكسىچە سەيلە ـ ساياھەت، ھەر خىل مۇسابىقە، گۈزەل ياكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىش ... قاتارلىق توغرا ئۇسۇللار بىلەنمۇ كۆڭۈل ئاچقىلى بولىدىغانلىقى ... قاتارلىق دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ... شۇڭا ئۇلار بۇگۈنكى سەنئەت ساھەسىدىن چىققان چولپانلارغا قىزىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ناخشا ـ قوشاق توقۇپ، غەزەلخانلىق قىلىپ «كىشىلەرنى غەپلەتتە قويغان» ئۇنداق «غىلجىڭلار»نىڭ خەلققە كۆپ پايدىسى تەگمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار كىشىلەرنىڭ روھىيىتىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى نادانلىقتا قالدۇرىدۇ.... كېيىنكى كۆز قاراشتىكى دىنىي ئالىملار ئىنسانىيەتكە ئۇن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقان كەشپىياتچىلار، ھەر ساھەدىكى ئالىملار، قوۋمنىڭ كەلگۈسى بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن مۈكچىيىپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، ئىجتىمائىي تەتقىقاتچى، مۇھەررىر... لەرنىڭ «چولپان»لار ئېرىشكەن ئالقىشلارغا ئېرىشەلمەيۋاتقىنىغا ھەيران... («الاعلان بان العزف والغناء حرام» ـ «مۇزىكىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئېلان»، قاھىرە 1992 ـ يىل نەشرى، ئەرەبچە)

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەۋرىدە مۇقامنىڭ ئوردىغا كىرىشكە قىلىنغان توسقۇنلۇقلار ۋە كېيىنكى كۈنلەردە (يېقىنقى زامانغىچە) دىنىي ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن مۇقامنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي ئورنىنىڭ ئېتىراپقا ئېلىنمىغانلىقى يۇقىرىقى سۆزىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن دىندار سەنئەتكە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن، شۇڭا ئۇلار سەنئەتكارلارنى ئانچە ئارىغا ئېلىپ كەتمىگەن. ئەينى دەۋردە سەنئەتكارلىرىمىز سەللە كىيىپ مۇقام ئېيتسا، چوقۇمكى دىنىي كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ زامانلاردا تەرتىپ شەرىئەت قانۇنلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەتكارلارمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئىبادەتتە كىيىدىغان كىيىمنى نەغمە ـ ناۋا سورۇنلىرىدا كىيىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. (ئالتە ئەۋلاد مۇقامچى، ئون ئىككى مۇقامنى زامانىمىزغا يەتكۈزگەن ئۇلۇغ مۇقام ئۇستازى تۇردىئاخۇن ئاكا ۋە باشقا مۇقام ئۇستازلىرىمۇ مۇقام ئېيتقاندا دوپپىلىقكى، ھەرگىز سەللىلىك ئەمەس! ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن.) شۇنداق ئىكەن، ئوسمان ئەمەت، رولىدىكى «غېرىب»، «تاھىر»، «پەرھاد»... لارنىڭ كىيىۋالغان سەللىسىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ سەللىسى زامان ۋە ماكان ئېتىبارى بىلەن ھەقىقەتەن رېئاللىقتىن چەتلەپ كەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ سەللىسىگە كۆز قويۇلغان، پۇپۇك قادالغان، مارجانلار ئېسىلغان، ھەتتا ئىبادەتتە ساڭگىلىتىپ قويۇلىدىغان پەتلىمۇ ساڭگىلاپ تۇرغان. ھەقىقىي چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە توغرا كەلسە، «قۇشقاچنىمۇ قاساپ سويسۇن» دېگەندەك، سەللىنى ئىبادەتتە، دوپپىنى (دوپپىنى جەمئىيەتتە ھەرقانداق چاغدا كىيىۋېرىدۇغۇ!) سەھنىدە كىيگەن بولسا، چىنلىق تۈسى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىن بولاتتى...يەنە شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مۇقامنى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ياراتقان! ئۇلار رېئال تۇرمۇشتا ھەممىسىنىڭلا سەللە كىيىشى سەللە كىيگەنلىرى داۋاملىق كىيىپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنداقلا مۇقامنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، يىلانغا پۇت سىزغاندەك سەنئەتكە ياتمايدىغان ئېلېمېنتلارنى ئارتۇقچە كىرگۈزمەستىن، تارىخ ۋە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم!

2004 ـ يىل يېزىلدى، 2008 ـ يىل يانۋاردا تولۇقلاپ تۈزىتىلدى. شەھىرى كورلا.

رەسسام: غازى ئەھمەد

---

ئاپتور: كورلا شەھەر «ئارقان» زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنىڭ خوجايىنى (M1)

**ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ھاجى ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ھەي ئىنسان، ئارقاڭغا قاراۋەرمە، ئەگەر ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىلمەكچى بولساڭ يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىدىن سوراپ باق.

— مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە — ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2007-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سىز ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىر خاتالىق ھامان بىر كۈنى سىزنى ئىزدەپ كېلىدۇ.

— ئەزىمەت ئەھمەت

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 7-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر كۆزى

▲ ئاچ قورساق ئادەمگە نىسبەتەن، غايە ھامان بىر پارچە ناندىن كېيىن تۇرىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش كېرەك. بولمىسا، ئادەم ئۆز ئىشلىرىنىڭ جەريانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا «قاراتېكىن سەنئەت كومپيۇتېرى» خانىسىدا

▲ ئىشەنمىگەنلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن چاغدا ھەقىقەتمۇ سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

— خانقىز سېيىت

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي ئوقۇتۇش رايونى تىل ئىنستىتۇتى تەبئىي پەن 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ چۈجە، ئانىسى يەردە ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئۇچالمايدۇ.

— مۇھەممەتئېلى رەھمەت

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 7-سىنىپ

ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىش ـ خارابلىشىشىغا پەرۋاسىز قاراش، ھازىرقى زاماندىكى خائىنلىقتۇر.

▲ بالاڭنىڭ ئىنسابىنى قولىغا پۇل كىرگەندە كۆر.

ـــ زۆھرەگۈل ئەخەت

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە سېيتلە يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمە

▲ ئىت يولۋاسنى كۆرگەندە مۈشۈككە ئۆزگىرىدۇ، مۈشۈكنى كۆرگەندە يولۋاسقا.

ـــ نۇرئېلى كېرىم

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئوغۇلنىڭ تىلى ئىككى قىزنىڭ ئارىسىدا قالغاندا يېتىلىدۇ؛ قىزنىڭ تىلى ئىككى ئوغۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغاندا تۇتۇلىدۇ.

ـــ ئاينۇرەم مامۇت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كۆتۈرۈۋالغىنىڭ ھەقىقەت بولسىمۇ، ھەقىقەتنى تونۇمايدىغان كۆچلۈكلەر ۋە نادانلار ئالدىدا ئۇ ھەقىقەت ھېسابلانمايدۇ.

ـــ تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغىشى كەنتىدە دېھقان

▲ مەغلۇبىيەتكە كۆچلۈكلەر تەجرىبىسى، ئاجىزلار پۇشايمىنى ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

ـــ ئوسمانجان ئوبۇل

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق 2005 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يالغان راستنىڭ ئورنىغا چىقىۋالغاندا، ھامان كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان يەرگە بېرىۋالىدۇ.

ـــ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## ئەقىلدىن ئۈنچىلەر

▲ دوستۇڭغا ئىشەن، ئېھتىيات قىل؛ خوتۇنۇڭغا ئىشەن، لېكىن نازارەت قىل.

▲ نەپسىڭنى يىغ، بولمىسا يۈزۈڭنى چۈشۈرىدۇ؛ تىلىڭنى يىغ، بولمىسا ئوسال قىلىدۇ؛ غەزىپىڭنى يىغ، بولمىسا پۇشايمانغا قويىدۇ.

▲ خوتۇنۇڭنىڭ يۈزىنى تۆكمە دوستلار ئالدىدا، دوستۇڭنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمە دۈشمەن ئالدىدا.

▲ قىزى بالاغەتكە يەتكەن ئانىنىڭ ئۇيقۇسى قانماس.

▲ ئادەمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئاغزى بىلەن نەپسى.

▲ ئانا تىل ـــ ئانائ ئۆگەتكەن دەرس.

▲ پۇرچاقتەك ئوق ئۆلتۈرىدۇ، دادۇرىدەك ئوت كۆيدۈرىدۇ؛ گۇناھنى كىچىك دېمە، دۈشمەننى ئاجىز كۆرمە.

ـــ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۆيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## يۈرەك سۆزلىرىم

▲ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالماي دېسەڭ «مەن» سۆزىنى ئاز قىل.

▲ كۆز قارىشىڭ ئوخشاش بولمىغان سورۇنغا ئاز بارغىن، بارساڭمۇ ئاز گەپ قىل.

▲ دانانىڭ ئالدىدا كەم سۆز، نادانىڭ ئالدىدا ئېغىر ـ بېسىق بول.

▲ ئاتاڭنى ئايال كىشى، ئاناڭنى ئەر كىشى ماختىسۇن.

ـــ ئەسقەر ھوشۇر

---

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ دۈشمەن ـــ گېپىڭنى، دوست ـــ خەۋىرىڭنى بەك قىلىدىغان ئادەمدۇر.

▲ تاغ ـ دەريا ـــ يەر ـ زېمىننىڭ ئېپتىدائىي چېگرا دەرۋازىسىدۇر.

▲ قاتلانغان نەرسە قاتلانغان يېرىدىن سۇنۇپ تۈگەيدۇ.

▲ ئالدىراڭغۇلۇق ـــ مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش.

ـــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قارىشىدىغانلار بىر بولسا دۈشمەن، بىر بولسا ناھايىتى يېقىن دوستلاردۇر.

ـــ مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پۇتاقسىز دەرەخ يوق، نۇقسانسىز ئادەم.

ـــ مۇھەممەتجان قۇربان (شەررارىي)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ تاياقتا تۈزەلمىگەن ساۋاقتا تۈزۈلەر، بولمىسا قاماقتا.

ـــ ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا «كاگدى» ئۇرۇقىنى ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنىدا پىركازچىك

www.uyghurkitap.com

▲ باشقىلار تارتمىغان جاپانى تارتقاندىلا، ئۇلار ئېرىشەلمىگەن بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

▲ يازغۇچىنىڭ كىتابى ئىككى سەۋەبتىن يىرتىلىپ كېتىدۇ: بىرى، ئوقۇيدىغان ئادەم چىقمىغانلىقتىن، يەنە بىرى، ھەممە ئادەم تالىشىپ ئوقۇغانلىقتىن. ئالدىنقىسى پاجىئە، كېيىنكىسى چەكسىز بەختتۇر.

— مەنسۇرجان تۇردى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى تەييارلىق 2007 ـ يىللىق 10 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەخمەقلىق باشقا نەرسە ئەمەس، سەل قارالغان ئىشتۇر.

▲ يىرگىنىشلىك نەرسە ئاۋۋال ئۇلۇغلىنىپ، كېيىن خارلىنىدۇ.

— غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا قۇملۇق كەنت مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئۆز مىللىتىنى تونۇتقۇچى ئۇستاز.

— ئەركىنجان ئابلىمىت (ئەل ئەزىمى)

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادىكى تۆت غېرىپ: 1. يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر؛ 2. ئوزاق مۇددەت ئىشلىتىلىپ، كېيىن تاشلىنىپ قالغان جابدۇق ـ سايمانلار؛ 3. جايىغا ئىشلىتىلمەي قالغان بىلىم؛ 4. كىتاب جازىسىدىكى ئوقۇلماي قالغان كىتاب.

— قەلبىنۇر سىيتنىياز (چاقماق)

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر قېتىم سەۋەب كۆرسەتتىڭ، ئىشەندىم، يەنە بىر قېتىم سەۋەب كۆرسەتتىڭ، مەن سېنى چۈشەندىم.

— ئابدۇقەييۇم ئەيسا

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ يوشۇرغان نەرسەڭ بىر بولسا سىرىڭ، يەنە بىر بولسا خاتالىقىڭ.

▲ كونىلىقنى دېگۈچىلەر بىلەن يېڭىلىقنى دېگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى كۈلكىلىك بولىدۇ.

— تۇرسۇنجان قاسىم

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدە دېھقان

▲ ھېجىيىپ تۇرغان ئەر لاۋزا، ئېگىلىپ تۇرغان ئەر ئاجىز سانىلىدۇ.

— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خۇشئاۋات يېزا يۇگىمەچىلىك كەنتىدە دېھقان

▲ ئۆزۈڭنىڭ قانداقلىقىنى باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان چاقچىقىدىن بىل.

— رەناگۈل توختى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بۈگۈنكى ئەخلاقسىز قىز ـ ئەتىكى جاۋابكار ئانا.

— باباچېبەگ داداج

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تارتاجىك مىللىي يېزا قوزا كەنتىدە دېھقان

▲ دەريا ئېقىنى كېڭەيگەنسېرى، تېگى دۆڭلىشىپ كېتىدۇ.

— نۇرمۇھەممەت ئەخەت

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا «قىزىلنۇر»توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپتە مۇئەللىم

## ئەقىل سۆيگە تويۇنغان تەرمىلەر

▲ بىرى، يولدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلار، يەنە بىرى، ئۆزىنى ئاران كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدۇ.

▲ نامىڭنى ئۆزۈڭ ئۇلۇغلىغان چاغدا باشقىلار سېنى تونۇمايدۇ، باشقىلار ئۇلۇغلىغاندا ، سەن ئۆزۈڭنى تونۇمايسەن.

▲ سەن باشقىلارنى ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كۆرسەڭ غادىيىسەن، ئۆزۈڭدىن يۇقىرى كۆرسەڭ چېكىنىسەن، ئۆزۈڭ بىلەن باراۋەر كۆرگەندىلا تىرىشىسەن.

▲ ئىتمۇ چىرايىڭغا قاراپ قاۋايدۇ.

▲ كۆزىگە قاراپ باققان بالا قولغا تەلمۈرۈپ چوڭ بولىدۇ.

— سەلەيجان روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ يالغانچىلىق لوگىكىسى ـ يۈز گېپىنىڭ توقسان توققۇزى يالغان، بىرى گۇمانلىق.

— مۇھەممەتنىياز ئەلقۇت(ئۇيغۇر بەگ)

ئاپتور: جىياشى ئۆلكىسى خەنجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشتا مەغلۇب بولۇشىغا، كۆپىنچە، ئاياللارنىڭ ئاغزى، ئەرلەرنىڭ قولى ئىتتىكلىكى سەۋەب بولىدۇ.

▲ ئاياللارنى چۈشۈرۈپ يازغۇچىلار بىر بولسا بويتاقلار، بىر بولسا ئاياللىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلەردۇر.

— ئابدۇللا ياقۇپ

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قۇراللىق ساقچى قىسىملىرى موڭغۇلكۈرە ناھىيە چىگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتىدە ئوفىتسېر

▲ ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگىمۇ ئىگە بولالمىغان ۋاقىت، دەل سەن

بىلەن تەقدىرىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن جەڭ بولىدىغان ۋاقىتتۇر.
— قەلبىنۇر ئەلى (بەرگى)

---

ئاپتور: بورتالا شەھەر 7-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىرەر- ئىككى قېتىم قىزىرىشىپ قالساق، كىشىلەر توغرا چۈشىنىدۇ. ئەمما داۋاملىق قىزىرىشىپ تۇرساق يا بىشىم، يا ساراڭ ئاتىلىسەن.

— تەبەسسۇم

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك ئىنستىتۇتى مەنزىرە باغۋەنچىلىكى 2005-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھاياسىز ئوغۇللار ئېشەككە، ھاياسىز قىزلار پېتەككە ئوخشايدۇ.

— يۈسۈپجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 6-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 6-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بالا — سەن يېتىشتۈرگەن يېڭى سورت.

— ئابدۇللا ناسىر

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا ئورلۇق كەنتىدە دېھقان

## قانلىق قاداقلار

▲ تامنىڭ ئېگىزلىكىدىن توخۇ ھەيران، تاغنىڭ پەسلىكىدىن بۈركۈت.

▲ بۇ جاھاندا كىشىلەر چوقۇنىدىغان تارىخ — سەلتەنەت تارىخى، ئۇنتۇلىدىغان تارىخ — ھەقىقەت تارىخىدۇر.

▲ بىر تۇپ گۈلنىڭ پۇرىقىنى باغدا سېزەلمەيسەن.

▲ يولدىن ئازغاندا ئەڭ ياخشىسى ئارقاڭغا قايت. چۈنكى ئالدى تەرىپىڭ مەۋھۇمدۇر، ئارقا تەرىپىڭ مەلۇمدۇر.

— مەمتۇجان يانتاق

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ ئۇماق سىڭلىم ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنىڭ بۇ يارىشىملىق كىيىملىرىڭىزنى سىلىقۋېتىشىڭىزگە بىر قانچە مىنۇت كەتكىنى بىلەن، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ئۇنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىگە نەچچە مىڭ يىل كەتكەن.

— تۇردى داۋۇد

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ئېتىبارسىز بوپقېلىشنىڭ، بىر بولسا باشقىلارنىڭ سېنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كېتىشى، يەنە بىر بولسا پەقەتلا چۈشەنمەسلىكىدىندۇر.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى ئاھالىلەر 3-رايونىنىڭ ۋاقىتلىق خادىمەسى

▲ ھايۋاننى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر ھەپتە، ئادەمنى چۈشىنىشكە بىر ئۆمۈر كېتىدۇ.

— ئالىمجان ئاقنىياز

---

ئاپتور: شايار ناھىيە بازىرى يېڭىكەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە پراكتىكانت مۇئەللىم

▲ ئادەتتە ئۈچ خىل ئادەم يالغان سۆزلەيدۇ: بىرى، ئامالسىز قالغانلار، بىرى، باشقىلارنى رەنجىتىشنى خالىمايدىغانلار، يەنە بىرى، يالغان سۆزلەپ كۆنۈپ كەتكەنلەر.

— مۇخپۇلجان مۇھەممەتئىمىن(خەنجەر)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل پاكۇلتېتى 2006-يىللىق 9-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ سېخىيلىق، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئارزۇلايدىغان نەرسىنى ھاجەتمەن كىشىلەرگە بەرمەكتۇر.

— مەنزىرە يالقۇن

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 7-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆزۈڭ كىيمىگەن دوپپىنى ئوغلۇڭغا كىي دەپ زورلىما.

— ئېلى توختى (ئەينەك)

---

ئاپتور: باي ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ بىركىمنىڭ چىرايىنى تاللاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ 30يىلدىن كېيىنكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر.

— ئالىيە تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى 2006-يىللىق 3-چوڭ ئەترەت 15-شۆبە ئەترەتنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئالدىساڭ تۈلكە بولارسەن، ئالدانساڭ ئېشەك.

— خاسىيەتگۈل تۇردى

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە يېڭى بازار بولى 28-قورۇدا

## ياۋاش يىگىت گەپ قىلدى

ئائىلىدە نېمىنى ئۆگەندىم؟
— قىلغان ياخشى-يامان ئەمەلىڭ بەخت-پېشانەڭنى بەلگىلەيدۇ.
مەكتەپتە نېمىنى ئۆگەندىم؟
— نەتىجەڭ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ.
جەمئىيەتتە نېمىنى ئۆگەندىم؟
— پۇرسەت، ئىقتىدار، ئەقىل-پاراسىتىڭ تەقدىرىڭنى بەلگىلەيدۇ.

— مەنسۇرجان نۇرى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى تەييارلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2007-يىللىق 10-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)





# «تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

## ئادەمنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ، مەنسەپنى

بىر دوستۇم چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ دەپبەرگەن مۇنداق بىر ھېكايە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ئورنىدا ئىشلەيدىغان بولغاچقا، خادىملارنىڭ ھەممىسى ئۇنۋان باھالىتىدىكەن. قىزىق يېرى، كەسپىي خىزمەتكە ئەزەلدىن يېقىن يولاپ باقمىغان بىر قىسىم مەمۇرىي ئەمەلدار ئىلتىماس قىلسىلا ھېچقانداق تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش نەتىجىسى بولمىسىمۇ ئالىي ئۇنۋان ئېلىپ ھەم مەنسەپنىڭ، ھەم ئۇنۋاننىڭ پايدىسىنى تەڭ كۆرىدىكەن. ئادەتتە مەنسىپى ئۆسمىسىمۇ، ئۇنۋانى ئۆسۈۋېرىدىكەن. ھەرقانداق ئورۇندا ئالىي ئۇنۋان كۆرسەتكۈچى چەكلىك بولغاچقا، ئالىي ئۇنۋاننى مەنسەپكە قاراپ بەرگىلى تۇرسا، بۇ دوستۇمغا ئوخشاش ئۇزۇن مۇددەت كەسپىي خىزمەت بىلەن بولۇپ، مەنسەپ تۇتۇپ باقمىغانلارنىڭ ئۇنۋان ئالمىقى تەسكە چۈشىدۇ دېگەن گەپ. ئۇنداقلار ۋاڭ شۈەن، يۈەن لۇڭپىڭ (دۇنياۋى شۆھرەتلىك جۇڭگو ئالىملىرى. — ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىرىدىن ئىزاھ) دەك كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردىمۇ پروفېسسور، تەتقىقاتچى باھالىنالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى، ئاشۇ ئىدارىنىڭ ئۇنۋان باھالاش ھەققىدە چۈشۈرگەن بىر ھۆججىتىدە «ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى — ئادەمنى ئاساس قىلىش» دېگەن گەپ بارمىش.

«ئادەمنى ئاساس قىلىش» يادرولۇقىدىكى «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»دا ئىلمىي ھاكىمىيەتچىلىك ئېگىز گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولغاچقىلا ئەل-ئاۋامنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. ئەمما يۇقىرىقى ئەھۋالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمەل-مەنسەپنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىدىكى بىر قىسىم كىشى «ئادەمنى ئاساس قىلىش»نى دەستەك قىلىۋېلىپ، ئاغزىدا بولۇشىغا توۋلىغىنى بىلەن، ئۆز كۆڭلىدە يەنىلا «مەنسەپنى ئاساس قىلىش»نى دىتلاۋاتىدۇ.

مەنسەپ تۇتۇشتا ئەل-ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىندىغانلىقى ئۈچۈن «ھوقۇق»نى خاسىيەتلىك ئوقۇم دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «خەننامە»دە «بەش سۇلالە، ئۈچ پادىشاھلىق جاھاننى ئۆز ئۆيى كۆرۈپ، ئاۋامنى پەرزەنتىم دەپ بىلىپ، ئەقىل-پاراسەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندى» دېيىلگەن. قىسقىسى، مەنسەپدار بولۇشنىڭ ئەلنى باشقۇرۇش — «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تەك مەنىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ھالبۇكى، نازارەتسىز قالغان ھوقۇق ئەسلىي ماھىيىتىدىن ئاسانلا چەتلەپ كېتىدۇ. شۇڭا مەنسەپدارلار ھوقۇقنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ ئەمەس، بەلكى ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشنىڭ دەستىكى دەپ چۈشىنىۋالسا، ئۇنداقتا «ئەمەل-مەنسەپنى ئاساس قىلىش»خاھىشى باش كۆتۈرمەي قالمايدۇ. شۇڭا بەزىلەر گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ: «مەنسەپ دېمەك — جان دېمەك» دېيىشىۋاتىدۇ. ھەتتا كۆڭزىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ياشلارغا: «دانىش ۋە ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ مەنسەپدارلارغا يول باشلىمىقى بەرھەقتۇر» دەپ تەلىم بەرگەنىكەن.

يېقىندا مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مۇھاكىمە

تەرجىمە كۆزنىكى

مۇنبىرى»پروگراممىسىدا ۋۇزبىتىيەن ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، ئەمەل-مەنسەپنى ئاساس قىلىش خاھىشى ئەۋجىگە چىققان تالاڭ سۇلالىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنىڭ تەمناتى ھەققىدە توختالدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ زاماندا بەشىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشۋالىسىلا ئۇنىڭ ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك پايدىسى تېگىدىكەن: سېلىقتىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەن، باشپاناھقا ئىگە بولىدىكەن، جازا كەچۈرۈم قىلىنىدىكەن. بۇنى «مەنسەپنى ئاساس قىلىش»نىڭ تىپى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمەل-مەنسەپ ئاساس قىلىنغاندا، يۇقىرى دەرىجىلىكلەر تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە قارىغاندا مۇنداق نوپۇزغىلا ئەمەس، ئېخىمۇ كۆپ سىياسىي ھەم ماددىي تەمناتقا ئىگە بولىدۇ؛ ئەسلىدە ئەل-ئاۋامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يۈرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك ھوقۇقتا، ئەكسىچە، مەنسەپدارلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسى مۇددىئا قىلىنىدۇ: يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ ئورنى، قەدىر-قىممىتى دېگەنلەرگە ئەمەل - مەنسەپ پەيدا قىلغان دەرىجە پەرقىگە قاراپ باھا بېرىلىدۇ: ئۇنىڭدا تۆۋەن قاتلامدىكى ياكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قىممىتى ۋە كىشىلىك غۇرۇرى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزى مەنسەپدارلارزور كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ قىممىتى ۋە كىشىلىك ئورنىغا سەل قارىسا، ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس قىلىشدىن سۆز ئاچقىلى بولارمۇ؟

بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن: «ئادەمنى ئاساس قىلىش»بىلەن «ئەمەل-مەنسەپ»نى ئاساس قىلىش بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى . شۇڭا ھەتتا چۈشىدىمۇ مەنسەپ چۈشەيدىغان كىشىدىن «ئادەمنى ئاساس قىلىش»نى تەمە قىلىش، گويا «ئۆلۈكتىن ئۆپكە سورىغاندەك»لا بىر ئىش.

ماۋزېدۇڭ نەچچە مىڭ يىل داۋاملىشىپ كەلگەن «مەنسەپنى ئاساس قىلىش» ئىدىيىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: « بىز كوممۇنىستلار ئەمەل تۇتۇشقىلا ئەمەس، ئىنقىلاب قىلىشقا يارالغان... شۇڭا بىزنىڭ بارلىق كادىرىمىز دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى خەلقنىڭ چاكارلىرىدۇر». شۈبھىسىزكى، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا كۆڭلى فەنسىن، جېنىڭ پىيىمىغا ئوخشاش خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغانلار ئاز ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىسمەن كىشىلەر ئايرىم ئىشلاردىلا ئەمەس ھەتتا سىياسەت، تۈزۈملەردىمۇ مەنسەپنى ئاساس قىلىۋاتىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، ئاممىۋى ئىشلاردا ھوقۇقىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىۋاتقانلار مەنسەپدارلارمۇ ياكى ئاۋام پۇقرامۇ؟ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئۆي-ماكان جەھەتتە كۆپرەك نەپكە ئېرىشىۋاتقانلار مەنسەپدارلارمۇ ياكى ئاۋام پۇقرالارمۇ؟ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆسۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىش جەھەتلەردە ئىشى ئوڭدىن كېلىۋاتقانلار مەنسەپدارلارنىڭ جەددى-جەمەتىمۇ ياكى پۇقرالارنىڭكىمۇ؟ ئادەملەرنىڭ ھال-ئەھۋالىغا قارىساقلا ، يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ جاۋابى مانا مەن دەپلا چىقىدۇ. خوش، بىز ھەرگىزمۇ بۇنى دېيىش ئارقىلىق مەنسەپدارلار باشقىلارنىڭ

غېمىنى يېمىدى، دېمەكچى ئەمەسمىز. لېكىنزە، مەنپەئەتنىڭمۇ چېكى، مەنپەئەت تەقسىماتىنىڭمۇ مىزانى بار-دە! چۈنكى مەنسەپدارلار بىر ئۆلۈش ئارتۇق ئىگىلىۋالسا ، پۇقراغا بىر ئۆلۈش ئاز تېگىدۇ؛ مەنسەپدارلار بىر ناننى ئارتۇق ئېلىۋالسا، پۇقرانىڭ بىر نېنى ئازىيىپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ (بىز بۇيەردە ئۇلۇغ پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئدىينىڭ:« يەي دېسە پۇقرا بېغىدىن پادىشاھ بىر ئالمىنى، يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى غالچىسى: كۆرسە سۇلتان بەش تۇخۇمغا زورلۇق ئىشلەتنى راۋا، مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي لەشكىرىدىن قانچىسى» دېگەن شېئىرىنى قىستۇرما قىلىشنى لايىق تاپتۇق. - ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىرىدىن). شۇڭا ھوقۇق تۇتقانلار ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە «مەنسەپنى ئاساس قىلىش»قا قانچە كۆپ كۆچىسە ، پۇقرانىڭ مەنپەئىتى شۇنچە كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتىكى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەشەددىي ھوقۇقچىلىقنى تازا ۋايىغا يەتكۈزگەچكە، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى چوڭ-كىچىك باشلىقلارنىڭ قولىدا مونوپول ئىدى. ئۆز دەرىجىلىرى بويىچە خىلمۇ خىل تەمناتتىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر ياكى رەھبەر بولاتتى. تروتسكىينىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: « بۇنىڭغا غىدىڭ-پىدىڭ دەپقالغان پۇقرا ھەممىدىن قۇرۇق قالاتتى.» رومېن روللان ئەينى زاماندىكى ئاشۇ ئىشلارنى « موسكۋا خاتىرىلىرى»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يەكۈنلىگەن:«سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزمنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر سىنىپ قاتلىمى ۋە يېڭى ئاقسۆڭەكلەر توپى مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ قولى شان-شەرەپكىمۇ، دەپىنە-دۇنياغىمۇ ھوقۇق-ئىمتىيازغىمۇ، ئىشقىلىپ نەگىلا سۇنسا يېتىدۇ.» سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى روسىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسى زيۇگانىېف ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېگەنىدى:« سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ھوقۇقدارلار دۆلەت بايلىقى، دۆلەت ھوقۇقى، ھەتتا ھەقىقەتنىمۇ مونوپول قىلىۋالغاچقا، ئاخىرقى ھېسابتا سوۋېت كومپارتىيىسىنى گۇمران قىلىپ دۆلەتنى پارچىلىۋەتتى؛ يۇقىرى قاتلامدا چىرىكلىكنى يامرىتىپ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى سېتىۋەتتى...»مانا بۇلار دەل «ئەمەل-مەنسەپنى ئاساس قىلىش»خاھىشىنىڭ ئاقىۋىتى.

شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، ھەر قاچان-ھەرزامان «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرغان ھاكىمىيەتنى ئاۋام خەلق ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىدىغان ئادەم ھامان چىقىدۇ.

ئەمەل-مەنسەپنى ئاساس قىلغاندا، ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا چىن مەنىسىدىن «ئادەمنى ئاساس قىلىش»ئۈچۈن «ھوقۇق-مەنسەپنى ئاساس قىلىش»نىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھوقۇق قارىمۇ قارشىلىقى، مەنپەئەت قارىمۇ قارشىلىقى، ئىدىيە قارىمۇ قارشىلىقى ۋە مەدەنىيەت قارىمۇ قارشىلىقى مۇجەسسەملەنگەن «ئادەمنى ئاساس قىلىش»بىلەن «ئەمەل-مەنسەپنى ئاساس

www.uyghurkitap.com

قىلىش» ئۇتتۇرىسىدا مۇرەسسەگە قىلچىمۇ ئورۇن يوق. شۇڭا «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئادەمنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئەمەل-مەنسەپنى ئاساس قىلىش» خاھىشىنى ئىجتىمائىي تۈزۈم، سىياسەت ۋە ئاڭ قاتلىمىدىن پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلىماي بولمايدۇ.

---

جاڭ شىنياڭ قەلىمىدىكى بۇ ماقالە ج ك پ بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى «بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ 2007-يىل 24-دېكابىر سانىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2008-يىل 3-سانى (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)غا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ھەزرەتئېلى تۇراق تەرجىمىسى . تىلماچ: يوپۇغا ناھىيە ئەشمە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم. ھازىر شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتىدا «قوش تىل» بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ.

# مەدەنىيەتتىكى ئۆزىنى خورلاش پسىخىكىسى

جۇڭگو مەدەنىيىتىدە كىشىلەرنى جەبىر-جاپانى يەتكۈچە تارتماي تۇرۇپ ھالاۋەت كۆرۈش خام خىيالدا بولماسلىقنا ئۈندەيدىغان خىلمۇ خىل تەلىمات بار. كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلۇپ كەتكەن «جەبىر-جاپا چەكمىشىم كەلگۈسىدە ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشۇم ئۈچۈندۇر» دېگەندەك گەپلەر دەل شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

مېڭزىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگوغا تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مۇنداق بايانلىرى بار: «ئىنسان ئەسلىدىنلا جەبىر-جاپاغا يارالغان؛ چۈنكى ئىرادەڭ جەبىر-جاپادا تاۋلىنىدۇ، مۇسكۇللىرىڭ ئېغىر ئەمگەكتە قاتىدۇ، جىسمىڭ ئاچ-زېرىنلىقتا تاۋلىنىدۇ. شۇڭا تەنىنىڭ راھىتىگە ئالدانماي، قالايمىقان خىياللارنى تەرك ئەت؛ ئىرادىلىك ۋە سەۋرچان بول، پايدا-مەنپەئەتكە بېرىلمە!»

مېڭزىنىڭ بۇ بايانى جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل ئېغىر-بېسىقلىق، سىرلىقلىق تۇيغۇسى ۋە ئا Qچە روھنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار ھەرقانچە ئېغىر كۈنگە قالسىمۇ، ئۆزىگە «تەڭرىنىڭ پېشانەمگە تاغدەك جەبىر-جاپانى پۈتۈشى ـــ ئۆزۈمدە پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشۈمگە پايدىلىق؛ شۇڭا كەلگۈسىدە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش ئۈچۈن قورسىقىمنى كەڭ تۇتۇپ، تەڭرىدىن ۋە ئادەملەردىن قىلچە ئاغرىنماسلىقىم كېرەك» دەپ تەسەللى بېرىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جاپانى راھەت دەپ بىلىدىغان كىشىلەر بارا-بارا گويا بىرەر كۈن دۈمبا يېمىسە دۈمبىسى قىچىشىپ قالىدىغان قۇللارغا ئوخشاش، تەڭرىگە شۈكۈر-قانائەت قىلىپ، جەبىر-جاپالار بەدىلىگە كېلىدىغان ئاسايىشلىق كۈنلەرنى كۈتۈپ يۈرۈۋېرىدىغان بوپقالدى. بۇ ھال بىزدە جاپاغا ۋايىسماسلىقنى ئىنساننىڭ ئارتۇقچىلىقى، دەپ قاراش ئېڭىنى بىخلاندۇرغاچقا، بىرەر كىشىنىڭ ياخشى تەبىرىنى «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن جاپاغا چىدامىلىق» دېگەن كەلىمە بىلەن باشلاشقا ئادەتلىنىدۇق. بۇ گويا دۈمبىسىدىكى ئېغىر يۈكنى تەستە كۆتۈرۈپ، مىڭ بالالىقتا كېتىۋاتقان ئېشەكنى كۆرگەن چېغىمىزدا «بۇ جانىۋار ھەم ئوبدان، ھەم چىدامىلىق ئىكەن، ھەرگىز يەلقاۋلىق قىلمايدىكەن، ھاردۇقىڭنى چىقىرىدىكەن» دەپ ماختىغىنىمىزغا ئوخشايدۇ.

مەسىلەن، ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئېلىپ ئېيتايلى: ئۆزۈم يېزىدا ئۆزاق تۇرغاچقا، دېھقانلارنىڭ جاپاغا چىداش روھىغا بەكمۇ قايىلمەن. 20-ئەسىرنىڭ 70-، 80-يىللىرى ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا ھېچقايسىمىز يىللاپ-يىللاپ بىرەر قۇر يېڭى ئۈستىۋاش كىيىشكە ئېرىشەلمايتتۇق. مەن بىلەن تەڭ دېھەتلىك باللار نەشتەردەك سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىغان زىمىستان قىشنى تىتىلىپ كەتكەن نېپىز يىرتىق خەيلەردە چىقىراتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پاختىلىق خەي، پايپاق ئېلىپ كىيگۈدەك ماجالى يوق ئىدى. تالاي كىشى يۇيۇنمىغاچقا، مەينەتچىلىكتىن پىتلاپ كېتەتتى. بەزى باللار قورامىغا يەتكەن ھامان ياقا يۇرتلارغا بېرىپ مەدىكارلىق قىلاتتى. ئۇلار تومۇزدا ئىش مەيدانىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 37-38 گرادۇستا چىقسىمۇ ئىسسىقتىن ھەرگىز ۋايسىمايتتى. ئۇلار يېتىپ - قوپىدىغان ئۆتمتۆشۈك چېدىرلار قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق شامالىرىغا قىلچە دال بولالمايتتى، تومۇز كۈنلىرى گويا تونۇردەك قىزىپ كېتەتتى.ئۇلارنى يوقلاپ بارغان چاغلىرىمدا ئۇلار ماڭا ھەم ساددا ھەم خۇش تەبەسسۇمى بىلەن قارىشاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بىز گەرچە بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولساقمۇ لېكىن مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىشىم، ئۇلارنىڭ بولسا مەدىكار بوپقېلىشى پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىش ئىدى. ئۇلار خوجايىنى ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرسىلا، يىلدا بىر نۆۋەت يۇرتىغا بېرىپ چاغان ئۆتكۈزگۈدەك پۇل تاپالىسىلا شۇنىڭغا رازى ئىدى. مانا بۇ ـــ بىر سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تەڭتۇشلىرىمنىڭ ھازىرقى رېئال ھاياتى. بۇ دوستلىرىمنىڭ ئاشۇ جەبىر-جاپالىرىنى ئويلىساملا كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ. ئەجەبا، ئاشۇنداق ئەبەدىي ئايىغى چىقماس جەبىر-جاپالار ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ھەممىدىن ئۈستۈن» ئورۇنغا ئۆتەلىشى مۇمكىنمۇ؟!

پەقەت جاپاغا چىدىسىلا ئىستىقبال تاپقىلى بولامدۇ؟ «ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇن»غا ئۆتۈش ئۈچۈن مەڭگۈ جاپا چېكىش كېرەكمۇ؟ مەندەك 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇ پەقەت كىشىلەرنى زىيان-زەخمەتكە باشلايدىغان قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ سۇڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن بۈيۈك ئەدىب سۇ شىنى مىسالغا ئالايلى: ئۇ، دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مۇشتۇمدەك چېغىدىن باشلاپلا ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، ئاتا-ئانا مېھرىگە قانغان بەختىيار بالا ئىدى. بۇ ئاقىلچاقنىڭ ئۆزگىچە ئىستېداتى ناھايىتى بۇرۇنلا ئەل-جامائەتكە ئايان بولۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئۇ 21 يېشىدا

تەشرىپدارلىققا تاللاندى. بۇ، ئەينى زاماندا ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن «سويما»نىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم تەشرىپدارلىققا تاللىنىشى ئىدى. ئۇ گەرچە ياش-قۇرامى جەھەتتە پىشقانلاردىن ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىگە تارىلىپ، ئۆزى ئەلنى زىلزىلىگە سالالىغۇدەك ئۇلۇغلاردىن بوپقالدى. ئۇنىڭ مەنسەپدارلىق ھاياتى گەرچە ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىن ئوبدان تەمىناتقا ئېرىشىپ، كۆڭلىرىنى پەزىلەتلىك خوتۇنى ۋە چىرايلىق توقلىلى بىلەن ئارامخۇدا ئۆتكۈزدى. بۇ ھال ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق يېتىلدۈرۈپ، ئىستىبداتنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. خوش، ئۇ ئۆمرىدە جاپا چېكىپ باقتىمۇ؟ يوقسۇ! بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ ئۆتكەن يوقسۇللار، خوتۇن ئېلىشقا قۇربى يەتمەي ئۆمرى ئۆتۈپ كەتكەن بويتاقلارغا سېلىشتۇرغاندا، سۇ شىنىڭ ھاياتى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتى. شۇ ۋەجىدىن جۇڭگو تارىخىدا سۇ شىدەك مىڭ يىلدا بىرى تۇغۇلىدىغان بۈيۈك تالانت ئىگىسى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىلىشى جەبىر-جاپا بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ناۋادا ئۇ ئۆمرىنى جاپا-مۇشەققەت ئىچىدىلا ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ تۇغما تالانتىمۇ ئېھتىمال ئاللىبۇرۇن نابۇت بوپكېتەر بولغىدى.

چەت ئەللەردىن مىسال ئالساق: جورجى ۋاشىنگتون، جون كېننېدى قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇرلارنىڭ ھەر ئىككىسى باي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشى تەربىيە كۆرگەندى. بۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، باي-باياشاتلىق ئۇلارنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا يول ئاچتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىستىقبالى ئۇلارنىڭ جاپا چەككەن-چەكمىگەنلىكى، قانچىلىك جەبىر-جاپانى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. تۇغما تالانتى ئوخشاش كىشىلەردىن ئائىلە شارائىتى ياخشىلىرىلا ئۆز تالانتىنى تاۋلايدىغان پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقى — مۇنازىرىسىز پاكىت، ئەلۋەتتە.

مەكتەپكە كىرەلمەي بويۇن قىسىپ يۈرۈۋاتقان، باشقىلارنىڭ خەير-ئېھسانلىرى بىلەن مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقان، بىرەرسى بىر-ئىككى يۈز يۈەننى شارتتىدە چىقىرىپ بەرسە، ئۇنىڭغا «ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا» دەپ باش ئۇرۇۋاتقان باللارنى كۆرگىنىمدە يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. شۇنداق. نامراتلىق غايەت زور دىشۋارچىلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە روھىنى بىۋاستە ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئېسىلزادىلەرگە باش ئۇرۇشقا، باشقىلارنىڭ مىننەتلىك سەدىقىلىرىنى كۈتۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەجەبا، مۇشۇمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇش» ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك بەدەلمىدۇ؟

كىشىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن جاپا چېكىشكە ئىلھاملاندۇرۇش — ئۇچىغا چىققان بىمەنە سەپسەتە، خالاس!

خوش، ئۇنداق بولسا فېئودال ھۆكۈمرانلار نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەرغىب قىلىدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق جاۋابى پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ — جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئەمىنلىكى ئۈچۈندۇر.

جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ناتورال ئىگىلىك ئەندىزىسى، تۇگىمەس جەڭگى-جېدەللەر ۋە تەبىئىي-سۈنئىي كۈلپەتلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇزۇن مۇددەت ئىمكان بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ھالى كۈندىن-كۈنگە بەتتەرلىشىپ كەتتى. قىسقىسى، پەقەت قورساقنىڭ غېمىلا جۇڭگولۇقلارنى نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قىيناپ كەلدى. ھالبۇكى، ھۆكۈمرانلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك ھاياتىنى ئىزچىل داۋام ئېتىشكە مۇۋەپپەق بولىۋەردى. نوپۇس ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق ۋە بايلىقنىڭ چاغلىقلىقىغا باقماي شىددەت بىلەن كۆپىيىپ كەتتى. ئىنسانشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، جۇڭگو مۆتىدىل بەلباغقا جايلاشقاچقا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە بەكمۇ باب كېلەرمىش، شۇڭا نەچچە ئون يىل ئۇرۇش بولمىسىلا جۇڭگونىڭ نوپۇسى ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتەرمىش. دۇرۇس، يېيىمەن دەپ ھامىدەك ئېچىلىپ تۇرغان ھېسابسىز ئېغىز جەمئىيەت ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قويىقۇسىز ئېغىر يۈك، ئەلۋەتتە. شۇڭا سۇي سۇلالىسىنىڭ زالىم شاھى سۇيياڭدى كوچىدا چۇمۇلىدەك مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ: «ۋاي-ۋۇي، نېمانچە جىق ئادەم بۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلاش كېرەك، بولمىسا ئەتە-ئۆگۈن تاغقا چىقىپ قاراقچى بولىدۇ!» دېگەنىكەن؛ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان سۇيياڭدى ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا كوچىدا مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئاشۇ ئادەملەرنى قىرىپ تۈگەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلغانىكەن.

ئادەم بەك كۆپىيىپ كەتسە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزماق بەسى مۈشكۈل، ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشمۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ پاراغەتلىك ھاياتىنى داۋام ئېتىش ئۈچۈن پۇقرالارغا شۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ: «نەپسىڭلارنى يىغىپ، پېشانەڭلەرگە پۈتۈلگەن يوقسۇزلۇققا ئەلھۆكمىللا دەڭلار؛ قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇۋاتقان دەرەخ قوۋزىقى، ئۆزۈڭلار ماكان ئېتىۋاتقان ئالىچۇق-كەپىلەرگە شۈكۈر دەڭلار؛ ھەرگىزمۇ توپىلاڭ كۆتۈرمەڭلار، بولمىسا يەتمىش پۇشتۇڭلارنى قىرىپ تاشلايمەن!»

ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا پۇقرالار ياۋاش-يۇمشاقلىق بىلەن جاپا چېكىشكە ئۆمۈر بويى رازى بولسا، ئۆزلىرى ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى يەپ كېكىرىپ، نازىنىن - سەنەملەرنىڭ قۇچىقىدا مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇپ ئەللەيلىنىپ، ئۈچىسىدىكى ئېسىل تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ ئۆتسە، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پاراغەت بولغايمۇ؟!

ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باپباراۋەر ۋە قەدىر-قىممىتى بىلەن تۇغۇلغان؛ باياشات، بەختىيار ۋە كۆڭۈللۈك ياشاش ھوقۇقى بىلەن يارالغان. ئىنساننىڭ پانىي دۇنياغا تۆرىلىشىدىن

مەقسەت ــ جاپا چېكىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئاداققى نىشانى بولمىش شاد ـ خۇراملىق، بەخت ـ سائادەت ۋە جۇشقۇنلۇققا تولغان ئادەمىي ھاياتلىق مەنزىلىگە يېتىشتۇر. بۇ قانۇنىيەتكە مۇخالىپ ھەرقانداق «تەلىمات» ھەرقانچە پەردازلانسىمۇ، ئۇ بەربىر سەپسەتىدۇر، خالاس!

ناچۈەن ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «فېليەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2007 ـ يىل 12 ـ سانىغا بېسىلغان. **ئالىمجان ئابلىز** تەرجىمىسى. تىلماچ: كېرىيە ناھىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خادىمى.

# ئىككى فېليەتون

## جۇڭگوچە يۇمۇر

بەزىلەر جۇڭگولۇقلاردا يۇمۇرىستىك تۇيغۇ كەمچىل دېيىشىدۇ. ئەمما نەچچە ئون يىلدىن بۇيان سىمىزلىكتىن ماڭالماي تەخىراۋاندا ئولتۇرغانلار ئۆزىنى «چاكار» دەۋاتىدۇ؛ باش ـ كۆزى توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ، تەرلەپ ـ پىشىپ تەخىراۋان كۆتۈرگەنلەر بولسا «خوجايىن» ئاتىلىۋاتىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئوچۇق ـ ئاشكارا سورۇنلاردىمۇ بىر ـ بىرىنى يۇقىرىقىدەك ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كېتىۋاتىدۇ يۇ، بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنمەيۋاتىدۇ، ئەجەبلەنمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى بىر يۇمۇر ئەمەسمۇ؟

لىيەن چىن قەلىمىدىكى بۇ فېليەتون ئەسلىي «ياڭچۈەن گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىل 29 ـ ئىيۇل سانىدىن «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىل سېنتەبىر سانىغا تاللاپ بېسىلغان.

## جاھاندىكى غەلىتە ئىشلار

نامرات چاغدا چوشقا باقاتتۇق، پۇل تېپىۋىدۇق «ئەرمەك ئىت» باقىدىغان بولدۇق.

نامرات چاغدا نە ـ نەلەردىن تېرىپ كېلىپ ياۋا كۆكتات يەيتتۇق، قولىمىز ئازراق پۇل كۆرۈۋىدى، رېستورانلاردا ھەشەم قىلىپ ياۋا كۆكتات يەيدىغان بولدۇق.

نامرات چاغدا ئىشقا ۋېلىسىپىتلىك باراتتۇق، مانا ئەمدى تۆت تەڭگە پۇل تېپىۋىدۇق، ۋېلىسىپىتنى مېھمانخانىمىزغا توختىتىپ قويۇپ مىنىدىغان بوپكەتتۇق(ئاپتور بۇيەردە ئۆيدىكى چېنىقىش ۋېلىسىپىتىغا كىنايە قىلىۋاتىدۇ. ـ ئۇيغۇرچە نەشر مەسئۇل مۇھەررىردىن).

نامرات چاغدا ئۆيلەنگىمىز كەلگەنتى، پۇل تاپقاندىن كېيىن ئاجراشقىمىز كېلىدىغان بوپقالدى.

نامرات چاغدا خوتۇنىمىز قوشۇمچە كاتىپلىقىمىزنى قىلاتتى، سەللا ھاللىنىۋىدۇق، كاتىپىمىز قوشۇمچە خوتۇن بولدى.

نامرات چاغدا «پۇلۇم بار»دەپ ئابرويپەرەسلىك قىلاتتۇق، پۇل تېپىۋىدۇق، مۇغەمبەرلىك قىلىپ «پۇل يوق» لا دەيدىغان بولدۇق.

ھەيھات! بۇ دۇنيادا راست گەپ قىلىدىغانلار بارمىدۇ؟

پاي چېكىنى «جان ئالغۇچى ئەزرائىل»دەيمىزۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىن كېتەلمەي ئوينايمىز.

دەپنە ـ دۇنيانى جىنايەتنىڭ «ئانىسى»دەيمىزۇ، لېكىن ھەممىمىز شۇنى كۆزلەيمىز.

سەتەڭلەرنى «ئىبزىتقۇ شەيتان»دەيمىزۇ، ئەمما ھەممىمىز ئۇلارغا ئىنتىلىمىز.

«دۆڭگە چىقساڭ شامال سوقار» دەيمىزۇ، ئەمما ھەممىمىز يۇقىرىغا يامىشىمىز.

«ھاراق ـ تاماكا»نى تەنگە زىيانلىق دەيمىزۇ، ئەمما، ئۇنىڭدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيمىز.

ھەي ي... جاھانسازلىقنىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن غەلىتە ـ ھە!...

جاڭ خۇڭتاۋ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېليەتون «فېليەتونلار گېزىتى»نىڭ 2008 ـ يىل 12 ـ فېۋرال سانىغا بېسىلغان. سۇلتانىي تەرجىمىسى. تىلماچ: پەيزاۋات ناھىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە.

# قىسقا فېليەتونلار

## ۋاقتى كەلسۇن

بىرەيلەن كوچىدا بىر نەچچە قۇلاق كەستىنىڭ پوپوزا قىلىپ يۇقىرىلارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىپتۇ. ساقچى ئۇنىڭغا:

ــ ئالدىرىماڭ، «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»دە بىر نېمە دېيىشەيلى،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىر كىشى مەلۇم تورخانىنىڭ شەھۋانىي فىلىم تارقىتىپ جەمئىيەتنى بۇلغاۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش خادىمى:

ــ ساقلاپ تۇرۇڭ، «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش» تە بىر نېمە دېيىشەيلى،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىرى، مەلۇم سودا سارىيىنىڭ ساختا ـ ناچار تاۋارلارنى سېتىپ ئىستېمالچىلارنى ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش خادىمى ئۇنىڭغا:

ــ تەخىر قىلىڭ، «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنى»(15 ـ مارت)دە بىر نېمە دېيىشەيلى،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يەنە بىرەيلەن ھۆكۈمەتكە مەلۇم ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسىنىڭ سۈيىنىڭ توختاپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بوپقالغانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ. سۇ بىلەن تەمىنلەش تارمىقىنىڭ مەلۇم رەھبىرى:

ــ ھودۇقماڭ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرگەندە ھەل قىلايلى،ــ دەپتۇ.

ــ ياڭ خۇڭلى

## كۆلكە كۆپ يەر

جۇڭگودا كۆلكە كۆپ يەر ئۈچ: ئۇلار ــ باللار

www.uyghurkitap.com

باغچىسى، مەنسەپدارلار ئولتۇرۇشى، كېچىلىك بەزمىخانا.

جۇڭگودا يىغا ئەڭ كۆپ يەرمۇ ئۈچ. ئۇلار — دەپنە مۇراسىمى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى، بالىلارغا ئوكۇل سېلىش ئۆيى.

— ۋاڭ خۇ

## مەبلەغ سېلىش

بىر ئىدارىدىكى ئۈچ نەپەر ياش كادىر يىل ئاخىرىدا 30 مىڭ يۈەندىن مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ. بانكىنىڭ ئۆسۈمى بەك ئاز بولغاچقا، بۇ ئۈچەيلەن ئەڭ ياخشى مەبلەغ سېلىش مۇھتىنى ئىزدىشىپتۇ.

A ئەپەندى ئاشخانا ئېچىپتۇ، نەتىجىدە، بىراقلا قاقىسىنىم بوپقاپتۇ.

B ئەپەندى لاتارىيە بېلىتى سېتىۋاپتۇ. گەرچە ئاز- تولا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا بارلىق بىساتىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

C ئەپەندى مۇكاپات پۇلىنى مەلۇم رەھبەرگە سوۋغا قىپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي ئۇ مەلۇم بىر تارماقنىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغىنى چەت ئەلنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپى، ئىچىدىغىنى ئېسىل ھاراق، كىيىدىغىنى داڭلىق ماركىلىق كىيىملەر ئىكەن. يانچۇقىغا شۇنداقلا قولىنى سالسا تۇتام- تۇتام پۇل چىقىدىكەن. قاراڭلار، C ئەپەندى مەبلەغ سېلىشقا نېمىدېگەن ئۇستا- ھە؟!

—چىڭ گې

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىل ئىيۇل سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) دىن ئابدۇللا روزىمۇھەممەت تەرجىمىسى. تىلماچ: قاراقاش ناھىيە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ خادىمى.

# رەھبەرنىڭ پائالىيىتىدىن خەۋەر يېزىش

گېزىتخانىنىڭ يېڭى مۇخبىرى رەھبەرلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدىن خەۋەر يېزىشقا مەسئۇل بولدى. يىغىندا سۆزلىگەن سۆز، خىزمەت تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردىن خەۋەر بېرىش ئوڭاي. ئەمما رەھبەرلەرنىڭ باشقا پائالىيەتلىرى توغرىلىق يازغان خەۋەرلىرىنى مەسئۇل مۇھەررىر شالىلىۋېتىپ ئارام بەرمىدى. ئامالسىز قالغان يېڭى مۇخبىر تەجرىبىلىك پېشقەدەم مۇخبىردىن ياردەم سورىدى:

— رەھبەر سۇ ئامبىرىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كۆڭۈل ئاچسا، قانداق يېزىش كېرەك؟

— سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ، تاشقىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىگە يولىيورۇق بەردى، دەپ يازىمىز.

— رەھبەر تاغقا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقسىچۇ؟

— ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئېكولوگىيىلىك قورۇلۇش ۋە ئورمان ئاسراش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

— رەھبەر ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان چاقىرسىچۇ؟

— سىيارە سودىگەرلەرنى قوبۇل قىلىپ، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى ھەققىدە كېڭەشتى.

— رەھبەر چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىقسىچۇ؟

— تۈرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە باردى.

— رەھبەر يېزىغا تۇغقان يوقلاشقا بارسىچۇ؟

— تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلاردىن ھال سورىدى.

— رەھبەر دائىم تانسىخانىغا بارسىچۇ؟

— ئامما بىلەن ئىچقويۇن- تاشقويۇن بولدى.

— رەھبەر ھەر تەرەپكە قاتراپ ئۆزىنى قوللايدىغانلارنى ئىزدىسىچۇ؟

— جاپادىن باش تارتماي ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، بىر كۈندە سەككىز ئورۇننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ياش مۇخبىر بۇ سۆزلەردىن رەھبەرلىك توغرىسىدا خەۋەر يېزىشتا نۇرغۇن ئىلىم بارلىقىنى بايقىدى ۋە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بىر نەچچە سوئال سورىدى:

— رەھبەر قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۆز يېقىنلىرىغا بەرسىچۇ؟

— نازارەت قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئەھۋالنى پىششىق بىلىش كېرەك.

— رەھبەرنىڭ مۇئاۋىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىقى يۇقىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتسىچۇ؟

— قول ئاستىدىكىلەرگە قاتتىق قول بولۇپ، ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزسە قەتئىي قانات ئاستىغا ئالمايدۇ.

— رەھبەر ئايال يولداشلار بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولسىچۇ؟

— ئامما ئىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

— رەھبەرنىڭ خوتۇنى دائىم ئىدارىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش- تالاش قىلسىچۇ؟

— ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جۇشەنمەسلىكىگە پەرۋا قىلماستىن، خىزمىتىگە سادىق بولغان.

— ئەگەر رەھبەر تۇيۇقسىز قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلسا ھەمدە ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ياش بىر قىز بولسا قانداق يازىمىز؟

ياش مۇخبىر كۆڭلىدە «ئەمدىغۇ چىرايلىق گەپ تېپىلماس» دەپ ئويلىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن:

— ئوكسىگىن يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى! دەپ يازىمىز، — دېدى پېشقەدەم مۇخبىر.

---

چېن شياۋدۇڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «ئاقىللار ئەنجۈمەنى» تورىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2008- يىل يانۋار سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) غا تاللاپ بېسىلغان. ئەقلىمە ئابدۇللا تەرجىمىسى.

www.uyghurkitap.com

# تاغدىن - باغدىن

## سىياسىي مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىلىرى

سىياسىي مەدەنىيلىك سىياسىي ئىسلاھاتتىكى چوڭ ئىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ۋەزىپە، شۇنداقلا خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەمما قانداق بولسا سىياسىي مەدەنىيلىك بولغان بولىدۇ؟ خەلق كۈتكەن سىياسىي مەدەنىيلىك زادى قانداق؟ تۆۋەندە بۇنىڭ بەزى ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

مەنسەپدارلار يۇقىرىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قاتىرىماستىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىغا چاپىدىغان بولغاندا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

پۇقرالار «خەلقنىڭ چاكارلىرى»دىن ئۆزلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى، دەرد- ھالىغا يېتىشنى، ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۆتۈنمەيدىغان بولغاندا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا ئېغىر ئۆلۈم- يېتىم ۋەقەلىرى كۆرۈلگەندە، ئۇلارغىمۇ دۆلەت بايرىقىنى يېرىم چۈشۈرۈپ تەزىيە بىلدۈرىدىغان بولغاندا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

رەھبەرلەر ياكى باشلىقلار ئاۋات كوچا- رەستىلەردىن ئۆتكەندە پۇقرالارنىڭ مېڭىشىنى مەنئىي قىلمايدىغان، خىزمەتچىلەر ئادەتتىكىدەك ئۆز ئىشىغا مېڭىۋېرىدىغان، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىرىنى تاشلاپ قويۇپ چاۋاك چېلىپ قارشى ئالغىلى ئالدىغا چىقمايدىغان بولغاندا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پۇقرالارنىڭ كىرىشىنى توسىدىغان قاراۋۇللار يوق بولغاندا، ئاۋام خەلق پارتىيە- ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قورۇسى ئىچىگە كىرىپ تۈرلۈك ھۆججەت- بەلگىلىمىنى ئەركىن- ئازادە كۆرەلەيدىغان بولغاندا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

پۇقرالارنىڭ مەنسەپدارلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ئۆتۈپ چىقىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغاندا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

تاللا بازارلىرى، كوچا- كويلاردا چوڭ باشلىقلارنى دائىم كۆرگىلى بولسا، ئۇلارمۇ ئادەتتىكى پۇقرالاردەك ئۆچىرەتتە تۇرۇپ مال سېتىۋالسا، بىرەر نەرسە ئالغاندا باھا تالاشىدىغان بولسا، سىياسىي مەدەنىيلىك بولىدۇ.

## ناتايىن

بەشۋاق ناماز ئۆتىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ناتايىن؛ زوۋان سۆرمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گاچا بولۇشى ناتايىن؛ سىزگە «سەممىيلىك» بىلەن نەسىھەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دوست بولۇشى ناتايىن؛ ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەنئەتكار بولۇشى ناتايىن؛ ئېغىزىدىن چوڭ قائىدە- زاكونلارنى چۈشۈرمەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دانا بولۇشى ناتايىن؛ رادىئو- تېلېۋىزورلاردا ماختىغان دورىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شىپالىق بولۇپكېتىشى ناتايىن؛ قىممەت كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى بولۇپكېتىشى ناتايىن.

## قاراش

مەسىلىگە تۈرلۈك نۇقتىدىن قاراشقا بولىدۇ، ئۇنداق قاراشقىمۇ، بۇنداق قاراشقىمۇ بولىدۇ؛ ماھىيەتتىن قاراشقىمۇ بولىدۇ، شەكىلدىن قاراشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، غودۇڭشىش نارازىلىقنىڭ ئىپادىسى؛ زوۋان سۈرمەسلىك دانالىقنىڭ ئىپادىسى؛ قاقۋاشلىق پەشقانلىقنىڭ ئىپادىسى؛ خۇشامەتچىلىك ئىقتىدارسىزلىقنىڭ ئىپادىسى؛ زىيادە تۈزلۈك دۆتلۈكنىڭ ئىپادىسى؛ ياخشىلىق قىلىش ھاجەتمەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

## ئىلغارلىق

ھەممىلا نەرسىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان جاي- بازار. ھەممىلا نەرسىنى ئالماشتۇرۇۋەرگىلى بولمايدىغان جاي- جەمئىيەت. بىزگە كېرىكى بازار ئىگىلىكى؛ ھەممىگە كېرەك بولۇۋەرمەيدىغىنى بازار جەمئىيىتى. ئەگەر بىر جەمئىيەتتە ھەرقانداق نەرسىنى، جۈملىدىن غۇرۇر، ھېسسىيات، ھوقۇق قاتارلىقلارنى ساتقىلى ۋە سېتىۋالغىلى بولسا، ئۇنداقتا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىلغارلىقى ئادەمنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

## تەڭسىزلىك

باراۋەر ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەسلىكى تەڭسىزلىك؛ باراۋەر ئورۇندا تۇرمىغان كىشىلەرنىڭ باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشىشى تەڭسىزلىك؛ كەتمەن چاپقاننىڭ جىگدە، ئوڭدا ياتقاننىڭ گىردە يېيىشى تەڭسىزلىك؛ قانۇننىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى قورال بولماستىن، بەزى قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ پۇقرالارنى قورقىتىشتىكى ۋاستىسى بولۇپقېلىشى تەڭسىزلىك؛ «چاكار»نىڭ «خوجايىن» ئۈچۈن خىزمەت قىلماستىن، «خوجايىن»دىن ئۆزىگە خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشى تەڭسىزلىك؛ ئۇنۋان- دەرىجىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدار، نەتىجىگە قاراپ بېرىلمەستىن، مۇناسىۋەتكە، ساقالغا قاراپ بېرىلىشى تەڭسىزلىك؛ تۇزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقىدىغان بەزى شەھەرلىكلەرنىڭ يەيدىغانغا ئاش- نان بەرگەن جاپاكەش، مېھنەتكەش دېھقانلىرىمىزنى پەس كۆرۈش، كەمسىتىشى تەڭسىزلىك.

## ھەقىقەت

ئەگەر ئالدامچىلارنىڭ يالغان- ياۋىداق گەپلىرى ھەقىقەت؛ خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى زامانغا بېقىپ ئىش تۇتقانلىق؛ سۇنىڭ

ئېقىشى، تۆكىنىڭ يېتىشىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش دانالىق دەپ قارالسا، مادا كۆرمىگەن ھاڭگىنىڭ قۇتراپ ھاڭرىشىنى دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق ئىشقى مۇھەببەت كۈيى دېسەك بولىدۇ.

قىسقىسى، ھەقىقەت بەزىدە ئېيتىلمايدۇ، داۋراڭ قىلىنمايدۇ.

---

تەييارلىغۇچى: ئازادجان نىزامىددىن ئىنجانى

# ئەخلاقنىڭ ئېپتىداسى

بەزىلەرنىڭ ئەخلەتنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە گەرچە ئۇلارغا چىش يېرىپ بىرەر-ئىككى ئېغىز تەنبىھ بېرەلمىسەممۇ، بىراق قولۇمدىكى ئەخلەتنى قالايمىقان تاشلىماسلىقىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

بەزىلەر تۆھمەتكە قېلىۋاتقاندا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلالمىساممۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ تۆھمىتىگە دوست تارتىشىپ بەرمىگەنلىكىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

نەپسى بالا، ئىشرەتخور، قىمارۋازلارنى چەكلىيەلمىسەممۇ، لېكىن ئاشۇنداق بولمىغۇر قىلمىش-ئەتمىشلەرگە يېقىن يولىمىغانلىقىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

ھە دېسىلا ئەپسانە - سەت گەپ قىلىدىغانلارنىڭ تىلىغا دەزمال سېلىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، لېكىن تىلى بېزەپلىكتىن يىراق تۇرغانلىقىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

كوچا ئاپتوبۇسىدا ياشانغانلار، كېسەلمەن-ئاجىزلار، ھېمىلدار ۋە ئىككى قات- بالا كۆتۈرۈۋالغانلارغا ئورۇن بەرمەي بۇتىدەك تۇرغانلارنى يەلكىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇۋېتەلمىسەممۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئورنىنى ئاشۇ موھتاجلارغا بوشىتىپ بەرگەنلىكىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

ئاشلىقنى ھېيقماستىن ئىسراپ قىلىۋاتقانلارغا «ھاي» دېيەلمىسەممۇ، ئۇلارنى دوربىماسلىقىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

ئومۇمنىڭ مال- مۈلكىنى بۇزۇپ-چېچىۋاتقانلارنى توسۇشقا قۇربىم يەتمىسىمۇ، لېكىن ئەلنىڭ يېپ- يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە قاراسىنماسلىقىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

ئاتا-ئانىسىنى زار-زار قاقشىتىۋاتقانلارنىڭ دەككىسىنى بېرەلمىسەممۇ، لېكىن ئاتا-ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، ئالدىدىن توغرا ئۆتمىگەنلىكىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

خىيانەتچى-پارىخورلارنى جازالاش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزۈمنى پاك تۇتقانلىقىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

ئېغىر كۈنگە قالغانلارغا «ھالىڭ نىچۇك» دېيەلمىسەممۇ، لېكىن تۆپىلەپ دەرد تېپىپ بەرمىگەنلىكىمنىڭ ئۆزى بىر ئەخلاق.

---

زى جۈن قەلىمىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2008-يىل 3-سانى( ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) غا بېسىلغان. ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت تەرجىمىسى. تىلماچ: خوتەن نامىيە خانئېرىق يېزا سېرىقتۆي كەنت ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم (M2)

# تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئېنىق، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قول ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قول ئارىلىقى زىچ، سۆز-جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچەنچى كەنت، مۇنچەنچى كەنت دەپ سان-رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن گۈزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى بېرىلىشتە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇ، مەن، «ياماق» ۋە باشقىلار

مۇھەممەت ھۇسەن



ئۇنىڭ يانفونىمغا يوللىغان ئۇچۇرنى ئوقۇۋېتىپ، تۇساتتىن يېقىندا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم.

ئۇ ئېچكىرىدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا باكالاۋۇرلۇقنى تاماملاپ، «شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مۇھىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ئادەملىرىگە قىزىقىپ قېلىش ۋە ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى»دە ئىنستىتۇتىمىزدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋىجىك خەنزۇ قىز. ئاسپىرانتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى تونۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ئوقۇشقا كىرىپلا ئۆزىنىڭ «جاھىللىقى»بىلەن تېزلا «نام»چىقارغان. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنىڭ يۈزىدىن- يۈزىگە: «ئەگەر سېنىڭ ئادەم بىلەن تولا زاكونلىشىدىغان، ئۆتە جاھىل مىجەزىڭنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ھەر قانچە يۇقىرى نومۇر ئالساڭمۇ سېنى قوبۇل قىلماسكەنمەن»دېگەنمىش.

بۇلتۇر يازدا ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشى بىلەن بىرنەچچە قېتىم دۆڭكۆۋرۈك تەرەپكە بېرىپ يەرلىك تاماقلاردىن تېتىغاچ ئۆيىدىكىلىرىگە«شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى»دىن سوۋغاتلىق ئېلىشىپ بەرگەنىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋىتىمىز ئىنچىك ياخشى بوپكېلىۋاتىدۇ. مەنمۇ تەجرىبىخانامغا ئۆتكەچ دائىم ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ خەنزۇ تىلىنىڭ قويۇق «شىنجاڭ تەلەپپۇزى»دا نەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ يېنىپ چىقىمەن.

يېقىندىن بۇيان ئۇ كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك تەجرىبىخانىسىدىكى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تۈگىمەس ئىشلار بىلەن بەند ئىدى. بۇ ئۇنىڭ تەجرىبىخانىدىن پۈتۈنلەي «ئازاد »بولۇپ، تەرەپ-تەرەپتىن خىزمەت ئىزدەيدىغان ۋاقتىغۇ. ئەجەبا خىزمەت تېپىش ئۇنىڭ خىيالىدا يوقمىكىنا؟ بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سورىدىم. «ۋاقتى كەلگەندە ئۆزۈم دەپبېرىمەن»دەپلا گەپنى تۈگەتتى ئۇ. شۇندىن كېيىن نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرمىدىم.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ « يېنىمغا كىرىپ ئۆتسەڭ» دەپ يانفونىمغا ئۇچۇر يوللاپتۇ. مېنىڭمۇ زادى نېمىش بولغانلىقىنى بىلگۈم بار ئىدى. ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ، كومپيۇتېردىن لەرزان بىر كۈينى تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— پاھ، بۈگۈن باشقىچىغۇ، بىرەر خۇشاللىق بارمۇ- نېمە؟ — سورىدىم ئىشكتىن كىرىپلا.

— شۇنداق. ئاۋۋال ئولتۇر، — دېدى ئۇ كۈينى توختاتقاچ، — ساڭمۇ ئايان، ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس. لېكىن زادىلا ئامال بولمىدى. ئوقۇتقۇچىمنىڭ دېيىشىچە، ئىشلىگەن تەجرىبەمدىن چىقارغان

## ئويلىنىپ قالدىم

خۇلاسەم مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇقلارنىڭ يەكۈنى بىلەن سىغىشالمايدىكەن. ئەگەر مۇشۇ پېتى بولىۋەرسە ئۇنىڭغىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ «ئاۋارىچىلىك»تاپىدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقالەمنى بىرەر نوپۇزلۇق ژۇرنالدا ئېلان قىلىشىمۇ تەسكە توختايدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن دېيىشمىگىنىم قالمىدى. ئاخىر دىپلومغا تاقاشتۇرۇپ مېنى «يېڭىپ»چىقتى. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى ئۇنىڭ «تەلىپى»بويىچە سان ـ سىپىرلارنى «ياماپ ـ تۆشەپ»يۈرۈپتىمەن.

ــ ھە، ئەسلى ئىش مۇنداقكەندە. بۇ ئىشلارغا بىز نېمىمۇ دېيەلەيمىز. مېنىڭچە، بەك ئۆزۈڭگە ئېپكەتمە. ساڭىمۇ ئايان، بۇنداق قىلغان ۋە قىلىۋاتقانلار يالغۇز سىنلا ئەمەس. گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەرلەر بېرىلىپ تۇرۇۋاتامدۇ، ــ دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ــ بەزىدە كىتابخانىلاردىمۇ مەزمۇنى ئوپئوخشاش، مۇقاۋىسى ۋە نامىلا ئوخشىمايدىغان كىتابلار ئۇچراپ قالىدۇ. جاھان نېمە بوپكېتىۋاتىدىكىن.

ئۇ، كومپيۇتېردىن بىر تور بەتنى ئېچىپ، ماڭا كۆرۈپ باققىن دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى. قارىسام، دۇنياۋى نوپۇزغا ئىگە پەن ژۇرنىلى «تەبىئەت»(Nature)نىڭ بۇ يىل 5 ـ مارتتىكى تور خەۋىرى ئىكەن. ئۇنىڭدا 2004 ـ يىللىق نوبېل مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق ئايال ئالىم لىندا(Linda Buck) خانىمنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2001 ـ يىللىق سانىغا بېسىلغان بىر پارچە ماقالىسىنى ئىناۋەتسىز قىلغانلىق توغرىسىدىكى باياناتى تۇراتتى. دېيىلىشىچە، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى جۇڭگولۇق بىر ئوقۇغۇچىسى ئەسلى سان ـ سىپىرلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەنمىش. خەۋەرنىڭ ئاستىدىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ خەۋەرگە بەرگەن ياخشى ـ يامان باھالىرى تۇراتتى.

ــ قارا، بۇ ھەم «دۇنياۋى ھادىسە»ئىكەن ، ــ دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش.

ــ ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى، ــ دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ۋەزمىنلىك بىلەن، ــ دۇنياغا داڭلىق بىر ئالىمەنىڭ نوپۇزىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىدىن قورقماي ھېچكىم بايقىمىغان نەچچە يىل ئاۋۋالقى خاتالىقنى ئۆزى بايقاپ، دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشى. مانا بۇ ھەقىقىي ئىلىم روھى. لېكىن بىزنىڭچۇ...

ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ سۆزدىن توختىدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم. مېنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلغۇم ھەم قىلغۇدەك سالاھىيىتىممۇ يوق ئىدى. شۇڭا گەپنىڭ تېمىسىنى بۇرۇۋەتتىم.

ــ ئوقۇشۇڭمۇ تۈگەپ قالدى. ۋاقتىڭ چىقسا دۆڭكۆۋرۈك تەرەپنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

ئۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ ئەسنادا ئىككى تامچە ياشنىڭ ئۇنىڭ مەڭزىگە ئېسىلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

تەجرىبىخانامغا يېنىپ چىقتىم. بۇنداق ئىشلار ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى «ئاشكارا مەخپىيەتلىك» ئىدى. بىز نېمىمۇ دېيەلەيتتۇق. ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە باشقا ساھەلەردىكى «دوكتور، ماگىستىر تەربىيىلەش ئىجازەتنامىسى»غا ئېرىشكەن ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى بىرمۇنچە سىياسىي، مەمۇرىي ۋەزىپىنىمۇ ئۈز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ تەجرىبىخانىلارغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، مەسلىھەت بېرىدىغان ۋاقتى ئىنتايىن چەكلىك . كۆپ قىسىم ۋاقتى ھەرخىل يىغىن، پائالىيەتكە قاتنىشىش بىلەن ئۆتىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ يېتەكلەيدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇ ئوقۇغۇچى ئۆزى ئېغىز ئاچمىغۇچە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئاخىرى...

بىر چاغلاردا ئوقۇتقۇچۇمنىڭ: «ئىنگلىزچە سەۋىيەڭ يامان ئەمەسكەن، شۇڭا ماتېرىيال كۆرگەندە ئامال بار چەت ئەللەرنىڭكىنى كۆرگىن، كېيىن ماقالە يازغاندىمۇ ‹پايدىلانغان مەنبەلەر› دېگەن تىزىملىكتە ئاساسەن ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنىڭ ئىسمى بولسۇن»دېگەنلىرى خىيالىمدىن كەچتى. دېمەك، يېتەكچىمگىمۇ بىزدىكى كۆپ ئىش ئايدىڭ ئىكەن.

ھە، راست، ئۇنىڭ يانفونىمغا يوللىغان ئۇچۇرىنىڭ مەزمۇنىدىن سىزنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي. ئۇنىڭ ماقالىسى بىر ئايغا يېقىن «ياماق»سېلىشتىن كېيىن ئاخىرى «تەكشۈرۈپ بېكىتىش»تىن ئۆتۈپتۇ. دېمەك ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈشنىڭ «يېشىل كارتىسى»غا ئېرىشتى دېگەن گەپ.

ھەممىمىز ئۇنىڭ بالدۇرراق دىپلومغا ئېرىشىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرەيلى.

2008 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئاگرونومىيە ئىنستىتۇتىدا زىرائەت ئېكولوگىيىسى بويىچە 2006 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت(M2)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم




«بەخت»، بۇ گەرچە ھەممە ئادەم بىلىدىغان سۆز بولسىمۇ، ئەمما بىز نېمىنى «بەخت» دەيدىغانلىقىمىزنى ئېنىق دەپبېرەلمەيمىز. كىشلەردىن سوراپ قالسىڭىز، ئۇلارنىڭ بەخت ھەققىدىكى قاراشلىرى شۇنچىلىك خىلمۇ خىل بولۇپ چىقىدۇكى، بىز ئۇلارنى ئاسانلىقچە بىرلىككە كەلتۈرەلمەيمىز. ئەگەر بىز بىرەر ھالەتنى بەخت دەپ ئاتىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بەخت دەپ دەل شۇنى ئاتىغانلىقىمىزدىكى ئاساسىمىزدا كۆپ ھالدا زىتلىق كېلىپ چىقىدۇ.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ئىشلەۋاتقان شىركەت ياكى ئىدارە، ياكى بولمىسا ئۇرۇق- تۇغقان، قولۇم- قوشنىلار، مەھەللە- كوي، ئەھلى جامائەت ئىچىدىكى بىرەر كىشى ياكى ئائىلىنى «بەختلىك» دەپ تاللىغان بولسىڭىز، تاللىغان بۇ ئوبيېكتىڭىز ھەققىدە تەپسىلىيرەك ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن ئۆز پىكرىڭىزدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غەم- ئەندىشىلىرى، ئائىلە زىددىيەتلىرى، ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشتە دۇچ كېلىدىغان ھەرخىل توسالغۇ بارلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىز. «تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە.» ئەگەر سىزگە «سىز بەختلىكمۇ؟» دەپ سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتە تېخىمۇ ئارىسالدىلىققا چۈشۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. «بەختلىك» ياكى «بەختسىز»لىكتە سىز زادى قايسىسىغا تەۋە؟ نىسپىيلىك شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى قايسى كاتېگورىيىگە تەئەللۇق قىلىشتا قىينالغانلىقىڭىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. «(بەخت) دېگەن بەككىلا ئاددىي نەرسىغۇ؛ ياخشى يەپ- ئىچىش، ئويۇن- تاماشا، راھەت- پاراغەت، ھۇزۇر- ھالاۋەت بەخت ئەمەسمۇ بۇ يەردە يەنە شۇنچە سۆز ئويۇنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ مۇئەللىپكە تەنە قىلمايدىغانسىز.

## بەختكە تەبىر

بەختنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەممە ھۇزۇر- ھالاۋەتنىڭ شارائىتى پادىشاھلاردا تولۇق ھازىرلانغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەنە شۇنداق پادىشاھلاردىن بىرى بىر كۈنى ساداقەتمەن ۋەزىرلىرىدىن بىرىگە مۇنداق دەپ نەزمە ئېيتىپتۇ:

ھەممە دۇنيا مەندە تۇرۇپ، ماڭا يەنە نېمە غەمدۇر؟

دانا ۋەزىر پادىشاھقا:

ئەزەلى غەم يامغۇرىدا يۇغۇرۇلغان جان- تەندۇر.

دەپ جاۋاب قىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەڭرى ئادەمنى يارىتىدىغان چاغدا ئۈچ كېچە- كۈندۈز غەم يامغۇرى ياغدۇرغانمىش. تەڭرى ئادەمنى ئەنە شۇ غەم يامغۇرىدا ئۇيۇپ لاي بولغان تۇپراقتىن ياسىغانىكەن.

سىز ئۆز پىكرىڭىزدە چىڭ تۇرۇپ پادىشاھنىڭ غەمگە سەۋەب بولغىنى ئوردىدىكى ھىيلە- مىكىر، سۇيىقەستلەر، ئەل ئىچىدىكى غەلۋە- جېدەللەر، دۈشمەن ئەللەرنىڭ تەھدىتى، ھوقۇق ۋە تەخت مەسىلىلىرى ئەمەسمۇ؟ ئاخىرقى ھېسابتا بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا بەختنى تەمىن ئېتىپ تۇرغۇچى بايلىقنى قوغداش ئۈچۈنغۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن. پىكرىمىزنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن باشقا بىر ھالنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، كۈچ- قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان شۇنداق بىر يىگىت بار، دەپ پەرەز قىلايلى. ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن كاتتا باي دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىپ، بۇ يالغۇز ئوغۇلغا دادىسى ۋە ئانا تەرەپ بوۋىسىدىن نۇرغۇن بايلىق قالغان بولسۇن. بۇ يىگىت سەزگۈرلۈك بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان سۇيىقەستلەرگە تولغان ئوردىدا تۇرمايدۇ، دۆلەت- ئەلنىڭ غېمىنى يېيىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ مېڭىسىگە نەچچە ئەۋلاد يەپ تۈگىتەلمەيدىغان ھازىرقى بايلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھلاردەك يات ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىش خىيالى كىرىپ چىقمايدۇ؛ شەخسلەر مال- مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى تولۇق قوغدىلىدىغان كۈچلۈك قانۇن- تۈزۈملۈك، دېموكراتىك بولغان ئۇنىڭ دۆلىتى ئۇنى مال-

مۇلكىنى قوغداش غېمىدىن خالاس قىلغان دەيلى. ئەمدى بۇ يىگىت بەختلىك بولالامدۇ؟ ناتايىن!

بۇ يىگىت ئالدى بىلەن تۇغقان- قېرىنداشلار ئارا بولىدىغان مېھىر- مۇھەببەت تۇيغۇسىدا قىينىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ نە ئاكا- ئۇكىسى ياكى ئاچا- سىڭىللىرى يوق؛ ھاما- تاغىلىرى ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەمدى ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئائىلىۋى جامائەتچىلىك، ئىجتىمائىيلىقتا بولغان تەلپۈنۈشلىرىدە كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. ئېھتىمال ئۇ پۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن تۇغقان- قېرىنداش، يارۇ- بۇرادەر تېپىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرۋاقىت يىگىتنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيدىغان خۇشامەتچى ھامىيلار، مەنپەئەت كويىدا تەمە بىلەن يۈرگەن ساختىپەز مېھرىبان تۇغقان- قېرىنداشلار ئۇشۇقى بىلەن تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ «كۆيۈمچان كىشىلەر» ئارىسىدىن ساپ يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى نازۇك ھېس- تۇيغۇلارغا جاۋاب بېرىدىغان قېرىنداشلار، باشقا كۈن چۈشكەندە يار- يۆلەك بولىدىغان ھەقىقىي غەمگۇزارلارنىڭ تېپىلمىقى تەس.

بۇ يىگىتنىڭ ھاياتىغا باشقا بىر جەھەتتىن نەزەر سالساق، بۇ يىگىت تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدىن ئازاد بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىرەر ھۈنەر- كەسىپ قىلىشقا ئېھتىياجى يوق. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى قىزىقتۇرۇپ تۇرىدىغان مەھلىيا قىلغۇچى بىرەر روھىي پائالىيەت — جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمىسا، ئۇ ئەمدى ئادەمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويماي مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئاخىرى چىقماس بىر غەيرىي يولغا كىرىپ قالىدۇ. چۈنكى «بايلىق، ياشلىق، بىكارچىلىق بىرلەشسە ئادەمنى غايەت زور دەرىجىدە بۇزغۇسىدۇر» (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما). زېرىكىش بىلەن ئېپادىلىنىپ ئادەمنى قىينايدىغان، ئادەمدىكى پائالىيەتكە بولغان ئىنتىلىش ئەمدى ئۇنى كۆڭۈل ئېچىش دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىنى ئىزدەشكە، يەنى روھىي پائالىيەت ئۈچۈن سورۇن ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. پائالىيەتنىڭ يوقلۇقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىچ پۇشۇقىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمدى ئۇ بىليارتقا، قارتا- قىمار، سەيلە- ساياھەت، كېچىلىك بەزمە، تۈنەكخانا(دىبا)لارغا، ھاراق- شاراب، رەڭلىك ئولتۇرۇشلارغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىگەن سائەت ئون- ئونبىرلەرگە سوزۇلغان ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، ئەسنەك بىلەن كېرىلىپ تۇرۇپ «بۈگۈن نېمە يەيمەن» دېگەننى ئەمەس، «بۈگۈننى قانداق ئۆتكۈزىمەن» دېگەننى ئويلايدىغان بوپقالىدۇ. ئىشقۋازلىق — شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە تويۇنغان بۇ يىگىت ئەمدىلىكتە ئادەم ئۈچۈن تەبىئىي بولمىغان لەززەتكە بولغان ھەۋەسنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ بولغانىدى. ئەگەر ئادەم خىلمۇ خىل لەززەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە بۇ لەززەت سېزىمىنى ئۆزىدە نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىغان بولسا، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە لەززەت بېرىدىغان (ئەينى چاغدا بۇ يىگىت ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا لەززەت بەرگەن) بۇ لەززەتلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى لەززەت بولماي قالىدۇ. «ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىيدۇ». يىگىتنىڭ لەززەتكە بولغان خاھىشى ئۇنى يېڭى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىغا ياندىشىپ كېلىدىغان يېڭى لەززەتلەرنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىز تەدرىجىي قىلىۋاتقان لەززەتكە بولغان مايىللىقى گويا چۆلدە ئادىشىپ قېلىپ ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان يولۇچىنىڭ كۆز ئالدىدىكى يېقىنلا جايدا كۆرۈنۈۋاتقان سۇ — ئېزىتقۇ (ئالۋۇن)دەك ئۇنى بۇ يولدا توختىماي مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ ۋە ئۇ ھېچقاچان ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىز بۇ يىگىتنىڭ خروئېنغا ئۆگىنىپ قېلىش، شۇنداقلا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلساق، تەسەۋۋۇرىمىزدا زادىلا چەكتىن چىقىپ كەتكەن بولمايمىز.

يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىز ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىزنىڭ «بايلىق — بەختنىڭ دۈشمىنى» دېگەن پىكرىنى ئەمەس، بەلكى «بايلىق — بەختنىڭ مەنبەسى بولۇشى ناتايىن» دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرمەكچى ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىپ بولدى، ئەلۋەتتە.

تۆۋەندە بىز «بەخت» دەپ تونۇلۇشى مۇمكىن بولغان بەزى قاراشلار ئۈستىدە توختىلىپ كۆرەيلى:

### A. چوڭ ھوقۇقنى قولىدا تۇتقان يۇقىرى ئابروي- شۆھرەتكە ئىگە داھىيلار بەختلىك بولىدۇ.

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى يىللاردىكى مۇتلەق نوپۇزغا ئىگە داھىيسى ئىئوسىف ۋىسسارىئونوۋىچ ستالىننى ئەنە شۇنداق كىشى دېيىشكە بولىدۇ. «پۈتكۈل دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىيسى» دېگەن شەرەپلىك نام، گېنېراللىسىمۇسلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بۇ رەھبەر دۇنيا يەر مەيدانىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان تېررىتورىيىگە ئىگە دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ ئۇلۇغ داھىينىڭ سىيماسىنى كىنو ئېكرانىدا كۆرگەندە كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە گېرمان فاشىست قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئاتلانغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەڭچىلىرى دۈشمەن ئوقلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان جەڭ مەيدانىغا «ۋەتەن ئۈچۈن»، «ستالىن ئۈچۈن» دەپ ھۆررا توۋلاپ بۆسۈپ كىرەتتى. ستالىننىڭ ھوقۇق تۇتۇش تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ 1922- يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا سايلانغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ زادىلا خاتىرجەم ئۆتمىگەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇ دەسلەپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن تروتسكىينى، كېيىن تروتسكىينى يوقىتىشتا ئۆزىگە ھەمكارلاشقان سەپداشلىرى كامېنېۋ ۋە زىنوۋيېۋلارنى يوقاتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۆزىنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن غوللۇق كۈچلىرىنى ناھايىتى تېزلا تار-مار قىلغان. 1934- يىلى 1- دېكابىردا يۈز بەرگەن (ستالىننىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن) كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن بىرى س.م.كىروفنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، ستالىن 1917- يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قاتناشقان سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زور بىر

www.uyghurkitap.com

تۇركۇم رەھبىرىنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالغان ستالىن چوڭ تازىلاشنىڭ مەسئۇلى ياگودا ۋە كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان يېژوفلارنىمۇ ئامان قويمىغان. كوممۇنىستلارنى ئۆلتۈرۈشتە چار پادىشاھ دەۋرىدىكى ساقچىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئالىي رەھبىرى بولمىش ستالىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ياشىغان. 1953 ـ يىلى 75 ياشلىق ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىگە سۇيىقەست قىلماقچى بولغان، دېگەن ئەيىب بىلەن كرېمل سارىيىدىكى دوختۇرلارنى قولغا ئېلىپ يېڭى بىر قېتىملىق چوڭ تازىلاشنى باشلىماقچى بولغاندا، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان.

ستالىننىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىمۇ كۆڭۈللۈك بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ تۇنجى ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە فاشىستلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، گېرمانىيە جازا لاگېرىدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئىككىنچى ئايالى 1932 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، بۇ ھەقتە ستالىننىڭ ئايالى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دەپ خەۋەر بېرىلگەن.

ستالىنغا سېلىشتۇرما بولغىنى، ھېچقانداق ئىمتىياز، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بولمىغان، دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى كارل ماركىسنى ستالىنغا قارىغاندا كۆپ بەختلىك ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە كارل ماركىس تۇرمۇشىنى يېزىقچىلىق بىلەن غورىگىل قامداپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى ياراتقان ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتى ۋە دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «كاپىتال»دا ئالغا سۈرگەن ئىدىيىلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتىپ، جاھاننىڭ بارلىق لەززەت، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن.

### B. «بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن.»

قاپىيىلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ چىرايلىق نەزمىنى يازغان كىشى «بەخت» دەپ پېشانىدىكى «تەر»نى دېمەكچى بولسا كېرەك. نەزمە ئاپتورىنىڭ «بەخت» دەپ تەر ئاققۇزۇشتىن كەلگەن نەتىجىنى دېگەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ نەتىجە ئېھتىمال ماددىي نەرسە، بايلىق بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ بىرەر كەشپىيات ياكى بىرەر نەزەرىيىۋى تەلىمات بولۇشى مۇمكىن. تەر ئاققۇزۇشتىن كەلگەن نەتىجە ئەگەر ئۇ بايلىق بولسا، بىز بايلىقنىڭ بەخت بولۇشى ناتايىنلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. نەتىجە ئەگەر ماددىي نەرسە، كەشپىيات، تەلىمات بولسىچۇ؟ بۇ مەسىلىدە بىز مۇنداق بىر ئەھۋالنى: خەتەرلىك جىلغىغا سېلىنىدىغان كۆۋرۈكنىڭ لايىھىسىنى ئۆتتۇقلۇق تاماملىغان بىر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنىڭ خىزمەت جەريانىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى:

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى ئالدى بىلەن كۆۋرۈك سېلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان، تۇزۇلۇشى مۇرەككەپ بۇ جىلغىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، قايتا ـ قايتا مۆلچەرلەش، ئۆلچەش ئارقىلىق كۆۋرۈكنىڭ ئورنىنى بېكىتىدۇ. ئاندىن كۆۋرۈكنىڭ ماتېرىيالى، قۇرۇلمىسى، شەكلى، ئىش تەرتىپى جەھەتتىكى نۇرغۇن تېخنىكىلىق مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، زىددىيەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىشقا باشلايدۇ؛ سىزىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، ھېسابلايدۇ، سېلىشتۇرىدۇ. لايىھە ئۇتۇقلۇق تۈزۈلۈۋاتقان بىر چاغدا ئويلىمىغان يەردىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان يېڭى توسالغۇلار چىقىپ قالىدۇ. ئىنژېنېر لايىھە ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ، سىزغانلىرىنى ئۆچۈرىدۇ، يەنە سىزىدۇ؛ قايتا ھېسابلايدۇ؛ مۇناسىۋەتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللارنى كۆرىدۇ. قۇرۇلۇش كەسپىگە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان بۇ قېرى ئىنژېنېر (ئەگەر ئۇنىڭدا شۇنداق ئىشتىياق بولمىسا ئالىي ئىنژېنېرلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن بولاتتى) بۇرۇنغا چۈشۈپ قالغان يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، توسالغۇلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قايتا ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئىشقا بېرىلىپ كىرىشىپ كەتكەن ئىنژېنېرغا شۇ چاغدا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ چىرايىدىن شۇنداق بىر خاتىرجەم نورمال ھالەتنى كۆرىمىزكى، شۇ ھالەتتە ئۇ نە مەمنۇنىيەتنى، نە ئازابنى ھېس قىلمايدۇ؛ پەقەت مەھلىيا قىلغۇچى ئەقلىي ئەمگەك(ئەقلىي پائالىيەت)نىلا سېزىدۇ. ئۆز ئىشى بىلەن قاتتىق بەند بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەم شۇ پەيتتە ھەتتا ئايالىنىڭ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقى ھەققىدىكى چاقىرىشىنى ئاڭلىماي قالىدۇ ياكى ئۇنى ئەلەم بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئۇ، لەززەتكە بېقىنمايدىغان ھەم ئۇنىڭغا بولغان خاھىشقا ئىتائەت قىلمايدىغان مۇشۇ روھىي ھالىتىدە، كۆۋرۈك پۈتكەندىكى ئىشلارنى: كۆۋرۈكنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرىدىغان قولايلىقلىرى، ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان شان ـ شەرەپلەر توغرىسىدا ئازراقمۇ ئويلانمايدۇ؛ ئويلىنىشى مۇمكىن، پەقەت شۇغۇللىنىۋاتقان ئەقلىي پائالىيىتى سۇسلاشقان ياكى توختىغان چاغدىلا. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا خۇشاللىق، ئازاب، مەمنۇنىيەت، بىئاراملىق، رازىمەنلىك، قايغۇ ـ ھەسرەت، غەزەپ ـ نەپرەت ـ ھەممە سېزىم نورمال ھېس قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنژېنېر كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى پەقەت كۆۋرۈكنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەت، شان ـ شەرىپىنىلا كۆزلىگەن بولسا، لېكىن ئىلمىي ئەمگەك ئىشتىياقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىمىگەن بولسا، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىشىپ كېتەلمىگەن ۋە ئىشلىرىنى ئۇنداق نەتىجىلىك يۈرۈشتۈرەلمىگەن بولاتتى (سۆزىمىزنىڭ دەلىللىرىنى يازمىمىزنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىمىز).

ئەگەر بىز ئادەمنىڭ ھەرقانداق ھۇزۇر ـ لەززەتكە بويسۇنمايدىغان خاتىرجەم، ئەڭ نورمال ھالىتى ـ كۆڭلىنى بەرگەن ئەمگىكىگە جىددىي كىرىشكەن، پەقەت پائالىيەتنىلا سېزىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ھالىتىنى «بەخت» دەپ ئاتىلساق، پېشانىدىكى «تەر»، تەردىن قولغا كېلىدىغان نەتىجىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكمۇ ـ قانداق؟

### C. قانائەت قىلىش بەخت دېمەكتۇر

بۇ ھېكمەتنى دېگەن دانا ئاجايىپ مۇھىم بىر روھىي (پسىخىك) پاكىتقا دىققەت قىلغان. بۇ ھەكىم كىشىلەرنى قانائەت قىلىشقا ئۈندەپ،ئۇلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەس، لەززەتلەرنىڭ

ئىلكىگە چۈشۈپ قېلىپ (لەززەتكە بولغان تەلەپ ئىزچىل ئۆسۈپ بارىدىغان)، ئاخىرى چىقماس يولغا كىرىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. لەززەتكە بولغان تەلەپ قانداق ئۆسۈپ بارىدۇ؟ قورسىقى ئاچقان كىشى ھەر قېتىم تاماق يەپ تويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تاماققا بولغان تەلىپى توختايدۇ. لېكىن تاماقنىڭ لەززىتىگە بولغان تەلىپى بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھەر قېتىملىق تاماق گەرچە ئۇنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئورگانىزىمنىڭ ئوزۇققا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاماق تەمىنىڭ بىر خىللا بولۇشىغا قانائەت قىلمايدۇ. تاتلىق يېگەنچە يېگۈسى كېلىپ، ئادەمنىڭ تەم- لەززەتكە بولغان سېزىمى بارغانچە قاشاڭلىشىپ بارىدۇ؛ ئاخىرى شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئۇنىڭغا يېگەن گۆشلىرى تېرە تېتىيدىغان، ئىچىدىغان سۇتلىرى ئېغىل پۇرايدىغان بوپقالىدۇ. دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ ئۇخشىتىپ ئېتىلگەن قوي يېغلىق پولۇنى يېگەندىكى لەززىتى يېزىمىزنىڭ ئاياغ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق دېھقان ھېزىم ياۋاشنىڭ ئېتىزدىن ھېرىپ كېلىپ «قېنى سەن» دېسە «مانا مەن» دەپ يۈگۈرۈپ چىقىدىغان ئايالى ھېزىمە ئاپئاقنىڭ چامغۇر سېلىپ ئەتكەن ئۇگرىسىنى كېرىلىپ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىچكەندىكى لەززىتىگە يېتەرمۇ!؟

يار بەرمىگەندە پۇلغا، زىبۇ- زىننەت، ئېسىل كىيىم- كېچەكلەرگە، ياسداق ئۆي، باغلىق ھويلىلارغا، داڭلىق ئۆي سايمانلىرى، راھەت پىكاپلارغا ۋە باشقا ماددىي مەئىشەتلەرگە بولغان ھەۋەسىمىزنى بېسىپ قانائەت قىلىشىمىزغا بولىدۇ. ھەتتا بۇ ھەۋەسىمىزنى ئۇلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ۋاز كېچىپ، قانائەت قىلىشىمىزغا بولىدۇ. ئەمما ياراتقۇچى ئادەمنى ھەممىلا نەرسىگە قانائەت قىلالايدىغان قىلىپ ياراتمىغان.

سىز ئەركىنلىكىڭىزنىڭ بوغۇلۇشىغا چىدىيالامسىز؟ يالغۇز كامىرغا قامالغان مەھبۇس ئۆزىگە بېرىلگەن غورىگىل تاماققا قانائەت قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ تۈرمىدە ئەركىنلىكىنىڭ بوغۇلۇشىدىن كېلىدىغان ئازابنى ھەممىدىن بەك سېزىدۇ. بۇ ئازابنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇ كامىر ئىچىدە ئۇياق- بۇياققا مېڭىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئوي- خىيال، پىكىر قىلىش قاتارلىق ئەقلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پائالىيەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ئاز- تولا قانائەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر تۈرمە نازارەتچىلىرىنىڭ قولىدىن مەھبۇسلارنىڭ ئوي-خىيال، پىكىر قىلىشىنى توسۇپ قويۇش كېلىدىغان بولسا، ئەمدى ئادەم مۇنداق ھالەتكە زادىلا قانائەت قىلالمايدۇ. چۈنكى روھنىڭ ماھىيىتى پائالىيەت تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت.(شۇڭىكى، ھەقتائالانىڭ ئادەملەرگە باشقىلارنىڭ ئوي- خىياللىرىنى بىلىۋېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلمىغانلىقى ئاجايىپ).

كىشىلەر نېمىلەرگە قانائەت قىلالايدۇ، قانداق ئىشلارغا قانائەت قىلالمايدۇ؟ قارىغاندا ئەمدى بىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك پىسخىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىراق كەمىنە ئاپتور مەزكۇر يازمىنىڭ پىسخولوگىيە كونسېپىكى بويىچىلىشنى خالىمىغانلىقتىن، ئوقۇرمەنلەرنى ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدىكى ھېچقانداق قىزىقى يوق، كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان چىگىش مۇلاھىزىلەرنى ئوقۇشتىن ئازاد قىلىشنى لايىق تاپتى. لېكىن تۆۋەندىكى بىرنەچچە مۇھىم خۇلاسىنى، ماقالىمىزدا تاشلاپ كەتكەن پىسخولوگىيىلىك تەھلىللەرنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنمىساق بولمايدۇ.

1. ئادەم پەقەت لەززەتلىنىش خاھىشىغا ئوخشاش تۇغما بولمىغان ھەرخىل ھاۋايى- ھەۋەس، مەيىللەرنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ قانائەت ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ياراتقۇچى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان تۇغما ئېستەك- ئىنتىلىشلەرنىڭ قانائەتلەندۈرۈلمەسلىكىگە قانائەت قىلالمايدۇ.

2. پائالىيەتكە بولغان ئىنتىلىش قانائەتلەندۈرۈلمىگەندە ئادەمنى ئازابلايدۇ: لېكىن قانائەتلەندۈرۈلگەندىمۇ ئادەمنى راھەتلەندۈرمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ جىسمانىي بار بولۇش ئىنتىلىشىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى. ئادەم ئۈچۈن ئاچلىقنىڭ ئازابىغا قارىغاندا پائالىيەت يوقلۇقنىڭ ئازابى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. روھ تەرەققىي قىلىپ پائالىيەت ئۈچۈن مۇرەككەپرەك مۇھىتلارنىڭ تەييارلىنىشىغا ئەگىشىپ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ ۋە كۈچلۈك پائالىيەتنى تەلەپ قىلىدىغان بولىدۇ (ئادەتتىكى ئادەملەر تەرەققىي قىلغان ئادەملەردەك كۆپ زېرىكمەيدۇ).

3. شەخسىي ھاياتتا مال- دۇنيا، پۇلنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ بىزنىڭ بەختكە بولغان ئىنتىلىشىمىزنى قانائەتلەندۈرۈشتە قانداق رول ئوينايدىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

قانداق كىشىلەر بەختلىك بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە يۇقىرىدىكى بايانلار ئاساسىدا ھەركىم قانداقلا بولمىسۇن، ھەتتا ناھايىتى روشەن ياكى گۇڭگاراق بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىرەر يەكۈنگە كېلىشى، ھېچبولمىغاندا بىر ئومۇمىي ئۇقۇمغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بۇ سوئالغا بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى: قورسىقى يېتەرلىك ئوزۇق بىلەن تويۇپ تۇرىدىغان، ئۆزى كۆڭلىنى بەرگەن، ئېھتىمال ئۇ جىسمانىي ياكى ئەقلىي ئەمگەك، سودا- تىجارەت ۋە ياكى باشقا بىرەر غايە بولۇشى مۇمكىن بولغان ئىشقا كىرىشىپ كېتىپ، گويا كۆڭلىرى يېتىشمەيدىغاندەك جىددىي ئىشلىگەنلىكتىن لەززەتكىمۇ، ئازابقىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان روھىي ھالەتتىكى كىشى، ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىشنى ئورۇنداشتا ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتتىن كېلىدىغان كەسكىن چەكلىمىلەرنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىمايدىغان كىشى بەختلىك كىشىدۇر.

تۆۋەندە بىز كۆڭلىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ دەپ قارىغان بىر نەچچە كىشى ئۈستىدە ئادەمنىڭ پائالىيەتكە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ مىسالىنى كۆرۈپ باقايلى:

شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى رادىل ئابدۇللا ئەپەندى ئونىنەچچە يىل ئىلگىرى شىنجاڭ ناخشا- ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ يېنىدا ئانچە چوڭ بولمىغان كەمپۈت، پېچىنە- پىرەنىك، يېمەك- ئىچمەك تاللا بازىرى ئېچىپ تىجارەت باشلىغاندىن تارتىپ ھازىرقى 12 تارماق شىركىتى، مىڭغا يېقىن ئىشچى- خىزمەتچىسى بار چوڭ شىركەتكە ئايلانغانغا قەدەر بولغان بۇ جەرياندا ئۇ كۆپ جاپا-

مۇشەققەت چەككەن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق- سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنى مۇشۇ كەچمىشلەرگە بەرداشلىق بېرىپ توختىماي چېلىششقا ئۈندىگەن نەرسە نېمە؟ مەنپەئەت؟ بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى كەڭتاشا تەمىنلەپ كېتەلەيدىغان دەسلەپ ئاچقان ھېلىقى تاللا بازىرى ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم- كېچەك ۋە باشقا مەئىشەتلىرىنىڭ خىراجىتىنى قامداپ كېتەلەيتتىغۇ! پۇل تېپىشقا شۇنچىۋالا بېرىلىپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئۇ ھەر قېتىملىق تاماقتا ئونبەش زىخ كاۋاپ، ئۈچ تەخسە توخۇ قوردىقى، ئىككى تەخسە ئاشمانتا يەپ، بىر چەينەك چاي، ئىككى لېتىر سۈت، ئۈچ بوتۇلكا مېۋە سۈيى ئىچەمدۇ؟ ھەر قېتىم سىرتقا چىققىنىدا ئۈستىگە تۆت قۇر كاستۇم- بۇرۇلكا، ئۈچ پەلتۇ كىيىپ ئىككى پىكاپتا ئولتۇرامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بالىۋاقىلىرى شۇنچە كۆپمۇ؟ ھازىر شۇنچە بايلىق، مال- دۇنياغا ئىگە تۇرۇقلۇق رادىل ئەپەندى يەنە يۈز مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ سانائەت باغچىسى قۇرۇپ نېمە قىلماقچى؟ ئۇ ياش ۋاقتىدا نۇرغۇن پۇل تېپىپ، قاناس مەنزىرىلىك رايونى، بوغدا كۆلى، تۇرپان بۇيلۇقلارغا ھەشەمەتلىك داچىلارنى سېلىپ، ئاشقان پۇللىرىنى بانكىغا قويۇپ، ياشانغاندا پۇللىرىنىڭ ئۆسۈمى ھېسابىغا داچىلىرىدا راھەت- پاراغەتتە تۇرمۇش ئۆتكۈزمەكچىمۇ؟ ئېھتىمال، رادىل ئابدۇللا بىلەن ئەسرارلاشقان ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بۇنداق خىيالى بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ. رادىل ئابدۇللا تاپقان پۇللىرىنىڭ پەيزىنى نېسى قويماي، ئويۇن- تاماشا، ئەيش- ئىشرەتكە سەرپ قىلىپ جاھاننىڭ ھۇزۇر- ھالاۋىتىنى نەقلا كۆرمەكچىمۇ؟ ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىگىلىك ھەمدە ساخاۋەت، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، مائارىپ، جامائەت ئىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەن رادىل ئەپەندىنىڭ كەيپ- ساپا سۈرۈشكە نەدىمۇ ۋاقتى بولسۇن؟ ئىگىلىكىنى ھازىرقى 60 نەپەر سودا ۋاكالەتچىسى، 680 ئىشىك بىرلەشمە تاللا بازىرى بار چوڭ شىركەت ھالىتىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا رادىل ئابدۇللانىڭ تاماق يېمەي ئىشلەپ كەتكەن، كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەن چاغلىرى بولغاندۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۈنلىرىنى رېستورانلارنىڭ ئايرىم خانىلىرىدا ئەيش- ئىشرەت ئىچىدە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزىدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ قىمار- بەزمىخانىلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرنى بىلمەيمىز.

ئەگەر ئۇ ھەققەتەن پۇل ۋە راھەتنىلا كۆزلەپ، شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشىغا ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمىگەن، ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتى ۋە غايىلىرى ئۇنىڭ روھىنى ئىگىلىمىگەن بولسا، شىركىتى ھەرگىزمۇ ھازىرقى ھالەتكە كېلەلمىگەن بولاتتى. رادىل ئەپەندىنى توختىماي ئىلگىرىلەشكە چاقىرغىنى، ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان سودا- سانائەتتە ئىگىلىك تىكلەش روھى ئەمەسمۇ؟ مالېكۇلا بىئو- خىمىيە باكالاۋرى، ئىقتىساد باشقۇرۇش ماگىستىرى رادىل ئابدۇللا ئۆزى ئۈچۈن كەڭ روھىي پائالىيەت مۇھىتىنى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئەنە شۇ ئىشتىن تاپقانلىقى، سودا- سانائەت ۋە ساخاۋەت- ئىجتىمائىي پاراۋانلىق غايىلىرىدىن كېلىدىغان پائالىيەت (ماھىيىتى پائالىيەت تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولغان) ئۇنىڭ روھىنى ئىگىلىگەنلىكى، يەنى ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشى ئۇنىڭغا بەرگەن كەڭ روھىي پائالىيەتنى بېرىشكە، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئەنە شۇ ئىشتەك ئۆزىدەك قابىل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقىدىن ئۇ ئۆزىمۇ تۈيماي بۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن. بۇ جۈملىدىكى پەلسەپىۋى پۇراقنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، پسىخولوگىيىلىك مەزمۇنىنى دېھقان تىلىغا تەرجىمە قىلساق: بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى، خۇدايىم رادىل ئابدۇللاغا سالغان كوي. بۇ كوي شۇنداق كويكى، ئۇنىڭسىز رادىل ئابدۇللا تۇرمۇشتىن قاتتىق زېرىككەن، بەكمۇ ئازابلانغان بولاتتى.

بۇ يەردە بىز يەنە شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، پائالىيەتكە بولغان تۇغما ئىنتىلىش ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ ئۇزۇق (مەۋجۇد بولۇش)قا بولغان جىسمانىي ئىنتىلىشلىرىنىڭ قانائەتلىنىشىدىن كېلىدىغان كۈچىنى ئۆزىگە ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىدۇ.

يەنە بىر مىسال: قىرىق يىللاپ مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان پېداگوگ، داڭلىق مائارىپ مۇپەتتىشى ئاقۇپ قەييۇم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ نازارىتىدىن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، تۇرپان يار يېزىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قاقاسلىقتا 200 مو بوز يەر ئاچقان. ياز كۈنلىرى تېمپېراتۇرىسى 40گرادۇستىن ئېشىپ كېتىدىغان بۇ پېژغىرىم يۇرتتا چاپقان كەتمەن تاراڭشىپ ئاۋاز چىقىرىپ سەكرەپ كېتىدىغان قاتتىق سېغىزلىق يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش خىيالى ئۇنىڭغا نەدىن كىرىپ قالدى؟ شىنجاڭدا بارمىغان مەكتەپ قالمىغان بۇ نازىر دەرىجىلىك مۇپەتتىش خىزمەتتىكى ۋاقتىدا ئاجايىپ پائالىيەتچان كىشى بولۇپ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى ئىشلار: ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن چېنىقىش كىيىمى كىيىپ، ھاۋا يېگەچ شەھەر كوچىلىرىدا يۈگۈرۈپ قويۇش ياكى باغدا يەل گۈمپىسى مەشىق قىلىش، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن پېنسىيونېرلار گويا يوقلىمىغا كېچىكىپ قالىدىغاندەك ئالدىراپ ماڭىدىغان ياشانغانلار پائالىيەت ئۆيىگە بېرىپ، ئۇيەردە قارتا شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ قارتىنى ئويان- بۇيان شىلىغاچ قىزىق پاراڭغا چۆشۈش، ھالقىلىق پەيتتە قولىدىكى كوزىرنى ۋارقىراپ شىرە يۈزىگە پاقىلدىتىپ تاشلاش؛ تىكتاك توپ ئويناش؛ بىليارت ساقىلىرىغا تاياق ئۇرۇپ ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغاچ يۇمۇر- چاقچاقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ھەرخىل ئۇچۇردىن خەۋەر تېپىش، شاھ-مات ئويناش ياكى بىر چەتكە بېرىپ قىستۇرغۇچلارغا قىستۇرۇپ قويۇلغان ھۆكۈمەت گېزىتلىرىنى ئوقۇپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان تىنىم تاپماس روھىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىغان. يۇقىرى پېنسىيە مائاشى ئېلىپ تۇرىدىغان ئەر- خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆيىدە ھېچنېمىسى كەم ئەمەس، قورسىقى توق، كىيىم- كېچىكى پۈتۈن بولسىمۇ، لېكىن ئاقۇپ ئەپەندىمنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر يەنە بىر نەرسىنى ئىزدەيتتى. ئاقۇپ ئەپەندىم ئۆزى ئىزدىگەن نەرسىنى يار يېزىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىن تاپتى. ئۇنى بۇ خىلۋەت جايغا سۆرەپ بارغان نەرسە- ئۆزىنىڭ پائالىيەتكە

www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكسىز تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان روھى ئۈچۈن كېرەكلىك پائالىيەت مۇھىتى ئىدى.

بىز ئاقۇپ ئەپەندىمنى ئۇ يەرگە بايلىق توپلاش ئۈچۈن باردى دەپ زادىلا ئويلىيالمايمىز. ئۇ تۆكۈپ قويغان بانكا تۆگۈچلىرىنى يېشىپ، يەر ئېچىپ تەك (ئۈزۈم تېلى) تىكىپ، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش جەريانىدا، ھەر بىر تۈپ ئۈزۈم كۆچىتى، ھەر بىر تۈپ مېۋە كۆچىتى ئۈستىدە تىكىلىپ تۇرغان، تامىقىنى دېھقانلار بىلەن بىللە قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ يېگەن چېغىدا ھاۋانىڭ ئىسسىقمۇ، ئېتىز بېشىدا يېگەن ناننىڭ قاتتىقلىقىمۇ ئۇنىڭغا بىلىنمىگەن. ئانار، چىلاندىن باشقا مېۋىلىك دەرەخ ئانچە ياخشى ئۈنمەيدىغان تۇپراقتا ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايىدىن ھەرخىل سورتلۇق مېۋە كۆچەتلىرىنى كەلتۈرۈپ بېغىغا تەۋەككۈل قىلىپ تىككىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مېۋە سېتىپ باي بولۇشتىن باشقا تېخىمۇ مۇھىمراق نەرسىلەر باردەك تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ، بىز تۇرپان يېزىلىرىدا تەك ئۆستۈرۈپ، مېۋىلىك باغ بىنا قىلىپ تۇرمۇشىنى نورمال قامدىغاندىن باشقا پۇل تېپىپ بېيىغان بىرمۇ ئادەمنى بىلمەيمىز. كەمىنە مۇئەللىپ ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا، باغنىڭ ئىچىگە سېلىنغان ئونەچچە ئېغىز ئۆي ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈم بارىڭىنى كۆردى. كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ بولغان بولسىمۇ، ئاقۇپ ئەپەندىم تېخى ئۆيگە قايتمىغان، ئايالى تالادىكى ئوچاققا ئوت يېقىپ تاماق ئېتىۋاتقانىدى. ئايالى مېنى ئۆيگە باشلىغان بولسىمۇ، مەن ئىختىيارسىز ئەتراپنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈردۈم. ئاقۇپ ئەپەندىم كەلگەندە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئۇ، بېشىدىكى ئۇزۇن لەمپىلىك ئاق سايىۋەت شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ مەن بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. سەل قارىدىغان چىرايىنى يېرىك ساقال بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى روھلۇق ئىدى. ئۇ ئېتىزدىن كېلىۋېتىپ يولدا ئۇچرىغان دېھقانلار بىلەن پاراڭلاشقان، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەمداستىخان بولغاندەك تۇراتتى. «قورسىقىم توق، XXئاخۇننىڭ ئۆيىدە بىر نەرسە يەۋاپتىمەن» دېدى ئۇ ئايالى ئەكەلگەن بىر تەخسە لەگمەننى نېرىراق سۈرۈپ قويۇپ. ئۇ مېنىڭ سورىغان سوئاللىرىمغا «باي بولىدىغان ئىش نەدە؟ بانكىدىكى پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ بەرگەننىڭ ئۈستىگە، ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ھەر ئايلىق مائاشى باغقا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. كۆچەتلىرىمىز چوڭ بولۇپ، مېۋىگە كىرىشكە باشلىدى. ئەمدىلەتىن بىر نەرسىگە ئېرىشكىلى بولارمىكىن»، «ئىشلىمەي جىم ئولتۇرساڭ ئىسسىق بوزەك ئېتىدۇ، شۇ»، «بۇ جايىنى چەتكەن دېمە، راھەت جۇمۇ، راھەت»، «كېلىمەن دېسەڭ مانا ئۆي تەييار»... دېگەن جاۋابلارنى بەردى. قارىغاندا، بىز سۆزلىشىپ ئولتۇرغان بۇ ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىچكىرى-تاشقىرى ئۆي ئۇنىڭ ئاساسلىق تۇرىدىغان ئۆيىدەك قىلاتتى. ئاقۇپ ئەپەندىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا ئاتاپ سېلىنغان ئەسلىھەلىرى تولۇق ياسداق ئۆيىنى تاشلاپ بۇ يەردە پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ-كېرىپ ئولتۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇرمەنلىرىمىز ئەمدى بىلىپ بولغاندۇ.

پائالىيەتكە بولغان تۈگىمەس ئىنتىلىشىنىڭ كىشى ھاياتىدا قانداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

2008-يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2-يۈرۈش قانىلىنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا جىگدىلىق دېھقان كومپيۇتېر ھەۋەسكارى ئوسمانجان سېيىت بىلەن بولغان سۆھبەت كۆرسىتىلدى. سۆھبەتتىن قارىغاندا، 65 ياشلاردىكى بۇ دېھقان بۇنىڭدىن ئونەچچە يىل بۇرۇن ئۆز يېزىسىدا ياشلارنىڭ تېلېكامېرانى مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ توي-تۆكۈن، خاتىرە كۈنلىرىنى سۈرەتكە ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قاتتىق ئىشتىياق باغلايدۇ. ئۇ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئۆزى تېلېكامېرا سېتىۋېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئۇ ئەمدى ئۆزى ئۈچۈن ئاجايىپ كەڭ بىر روھىي پائالىيەت مۇھىتى تاپقانىدى. ئۇ كېيىنچە سىن كۆرۈنۈشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ رەتلەش، تەھرىرلەش ئۈچۈن كومپيۇتېر بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ ئىككىلەنمەستىن ئونەچچە مىڭ يۈەنگە بىر يۈرۈش كومپيۇتېر سېتىۋالىدۇ؛ نە خەنزۇچە، نە ئىنگلىزچە تىل-يېزىقنى بىلمەيدىغان بۇ ياشانغان دېھقان پۈتكۈل ئىشتىياق، زېھنى بىلەن كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرى نەتىجە قازىنىدۇ؛ ھەتتا ئۆزىنىڭ تور بېتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. تور بېتىگە ئۆزى ماتېرىيال تەييارلاش ئۈچۈن شىنجاڭدا ئۇنىڭ بارمىغان يېرى ئاز قالىدۇ؛ خوتەندە ئۇ نەچچە ئون كىلوگرام يۈكنى يۈدۈپ، قۇملۇقتا قىرىق نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە ماڭىدۇ؛ ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن ئىش ئۈچۈن ئۇ بارلىق جاپا-مۇشەققەت، ئاچلىق-ئۇسسۇزلۇقنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. تېلېۋىزوردا رىياسەتچى ئۈمىد غەنى ئۇنىڭدىن: «بۇ ئىشقا شۇنچىلىك كىرىشىپ كېتىشىڭىزگە تۈرتكە بولغان كۈچ زادى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ئوسمانجان سېيىت «پۇل بولمامدۇ، پۇل» دەپ بارماقلىرىنى سۈركەپ پۇل سانىغان ھالەتنى كۆرسەتكىنىدە، ئۇ ئۆزىدىكى روھىي ھالەتنى توغرا ئىپادە قىلالمىدى. كومپيۇتېر كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئوسمانجان شۇ سۆزنى قىلغاندا ئۆزى ھېلىلا دەپ ئۆتكەن سۆزلىرىنى، كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە كىرىشكەن چاغلىرىدا كومپيۇتېر ئالدىدا كۈنىگە 18 سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى، خوتۇنى ئۇنى تاماققا چاقىرىپ ئورنىدىن قوزغىتالماي تاماق قاچىسىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندا، ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئوسمانجان تېلېكامېرا سېتىۋالغان، كېيىنرەك كومپيۇتېر ئۆگىنىشنى باشلىغان دەسلەپكى چاغدا، ئىشنى بۇ نەرسىلەر بىلەن پۇل تاپىمەن دەپ باشلىغانمىدۇ؟ ياكى كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ بېرىلىپ مەشغۇلات قىلىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا پۇل كىرىپ تۇرغانمىدۇ؟ ئۇ تاغلارغا يامىشىپ، ئاچلىق-ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىغا چىداپ قۇملۇقلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈپ قىلغان ئىشلىرىدىن قانچىلىك پۇل تاپقاندۇ؟ ئەگەر بىز ئوسمانجانغا «بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللىرىڭنىڭ

ھەممىسنى تۆلەپ بېرەيلى، بۇ نەرسىلەرنى يوقات» دېسەك، ئۇ ئۇنارمۇ؟

روھنىڭ ئۆزى پائالىيەتكە بولغان ئىنتىلىشنىڭ تۈگىمەس مەنبەسى بولغانلىقتىن، بىز كېيىن بولىدىغان ھەرقانداق مۆلچەر ۋە مۇلاھىزىلەرگە باغلىق بولمىغان ھالدا كۆڭلىمىزنى بەرگەن ئىشقا ئۆزىمىزمۇ تۇيماي كىرىشىپ كېتىمىز. مانا مۇشۇ روھىي ھالەت بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى بىر قىسىم چەت ئەللىك ئارخېئولوگ ـ ئېكسپېدىتسىيىچىنى ئۆلۈم ھەدى كېلىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ھېچقانداق جىسمانىي راھىتى بولمىغان ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە جەلپ قىلغان. روسىيىلىك ن.ك. پرژىۋالسكىي، ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەين، فرانسىيىلىك پېللىئوتلار ھەرقانداق خەتەرگە پىسەنت قىلماي، تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا 20 يىللاپ سوكۇلداپ يۈرگەن بولسا، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن 40 يىل ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقىغا بەش قېتىم سەپەر قىلىپ، قۇملۇقتا ئۇنىمەك كىلومېتىردىن ئوشۇق يول يۈرۈشتەك رېكورتنى ياراتقان. ئوخشاش سەۋەب «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىسىنىڭ ئاپتورى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، ئىجتىھاتلىق ياش تەتقىقاتچى ئۆمەرجان ئىمىننى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى ھەرقايسى تۇقايلىقتا، قارادۆڭ، يۇملاققۇم قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدە، كېرىيە دەريا ۋادىسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئىبراھىمكۆل ئەتراپلىرىدا قايتماس ئىرادە بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئاتلاندۇرغان. ئۆمەرجان ئىمىن قاتناشقان ئېكسپېدىتسىيىچىنىڭ جىنىنى ئالغان تەكلىماكان قۇملۇقىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەرقانداق مۇشكۇلاتقا پىسەنت قىلمىغان. قۇملۇقتا ئەتىگىنى تاڭ يورۇماستا ياتقان يېرىدىن كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ قوپۇپ، تەييار چۆپلىرىنى چالا قاينىغان سۇغا چىلاپ ئىچكەندىن كېيىن، نويابىرنىڭ سەھەردىكى سوغۇقىدا تۆگە ئۈستىدە جۇۋا ـ ئەدىياللارغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇرغان. چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ھەر ۋاقىت يولدىن ئادىشىپ قېلىش خەتىرىگە قارىماي تاكى كېچە سائەت ئونبىردىن ئاشقانغا قەدەر تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ 21 سائەتلەپ يول يۈرگەندە بەل ئۇستىخانلىرىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرى، قاپىرىپ كەتكەن كاسا ـ تېقىملىرىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىشلىرىغا پەرۋا قىلمىغان. قۇملۇق ئوتتۇرىسىغا جۇشقۇن قىلغاندا، ھېچقايسىسىنىڭ مىدىرلىغۇدەك ماجالى قالمىغان بولسىمۇ، ھەممىسى ئۆز خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنى گۈلخان ئەتراپىغا تاشلاشقان. «قۇملۇق ئەركىسى» ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۆمەرجان ئىمىن بەختلىك مىنۇتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان باشقا بارلىق كىشىگە ئوخشاش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغاندا خۇشھال بولغان، يېڭى تۇسالغۇلارغا يولۇققاندا ئازاب چەككەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ دىققىتى خۇشاللىق ياكى ئازابقا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى دىققىتىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىگە، تەكلىماكاندىكى ئۈستى ئوچۇق ئېتنوگرافىيە مۇزېيى ــ دەريا بويى يېزىسى رايونىغا ئائىت تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، تىلشۇناسلىق، قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قارىتىلغان.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان كىشىلەر مەۋجۇد بولۇشتىن ئىبارەت جىسمانىي ئېنتىلىشلىرى قانائەتلەندۈرۈلگەن (قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن) ئادەملەر بولۇپ، پۈتكۈل ئۆمرى تىرىكچىلىك ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئادەملەردىمۇ ئوخشاشلا روھىي پائالىيەتكە بولغان ئىنتىلىش كەم ـ كۈتسىز مەۋجۇد بولىدۇ؛ ئۇلار قىلىۋاتقان ئەمگەكىدىن ئۆزىگە روھىي پائالىيەت تاپىدۇ. جان بېقىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدىغان دېھقان (ياكى باغۋەن) ئەمگەك قىلغاندا ئۆز ئېگىلىكىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىش باشلاپ، ئەمگەككە جىددىي كىرىشىپ كەتكەندە ئۆزىنىڭ ئىش باشلاشتىكى مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بەخت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇلاسە قىلساق، ياراتقۇچى ئاتا قىلغان تۇغما ئىستەك ـ ئىنتىلىشلىرى قانچىلىك كۆپ قانائەتلەندۈرۈلگەن ئادەم، ئىشقا بېرىلىپ كىرىشكەندىلا بارلىققا كېلىدىغان ھالەت: ئازابقىمۇ، راھەتكىمۇ بويسۇنمايدىغان ھالەتلىرى قانچە كۆپ بولغان ئادەم شۇنچە بەختلىك ئادەمدۇر. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ لەززەت ـ پاراغەتلەرگە بېرىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

2008 ـ يىل 28 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: پېداگوگ، يازغۇچى، مائارىپ تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئالىي دەرىجىلىك فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى (MI)

بۇ سان 2008 ـ يىل 10 ـ ئاپرېلدا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ مايدا نەشردىن چىقتى.

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن (M3). بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

# ئەدەب، لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى

## مۇھەددىن سايىت ئەپەندى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：GN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2008 - يىل 3 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: GN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھ)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتلىك ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58_22　باھاسى: 5 يۈەن

ئۇستاز رەسسام مۇھەممەت ھېيت ئەسەرلىرىدىن:












